شەرق ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسى

# مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
رەسىمنى سىزغۇچى: پەرھات ئىبراھىم
خەتتات: قايىنام جاپپار

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:
بۇ كىتاب ھاياتىڭىزدا مەسلىھەتچى، تۇرمۇشىڭىزدا يېتەكچى، قەلبىڭىزنى مەنىلەر خەزىنىسى بىلەن بېزىگۈچى مۇقەددەس بىلىم بايلىقلىرىدىن تۈزۈلدى. كىتابقا: «قۇرئان كەرىم»دىكى نەسىھەتلەر ھەدىستىن نەسىھەتلەر، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرى، ئەجدادلارنىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرى كىرگۈزۈلدى.
ئۇ سىزگە مەڭگۈلۈك سىرداش ۋە ئۇستاز، ئۆمۈرلۈك مەنىۋى قولداش ۋە يولداش بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ISBN 7-228-07892-6
ISBN 7-228-07892-6
9 787228 078929 >
（民文）定价：17.80元

دۇنيا دانىشمەنلەرگە مەنسۇپتۇر، سەنمۇ دانىشمەنلىككە ۋە بۈيۈكلۈككە يېقىنلا تۇرسەن، كۆزۈڭنى يوغانراق ئاچساڭ بۇنى ھېس قىلالايسەن، قەدىمىڭنى يۈرەكلىك ئالساڭ يېتەلەيسەن.

— تۈزگۈچىدىن

www.uyghurkitap.com

شەرق ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى

# مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر

تۈزگۈچى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

劝诫与遗嘱/亚尔买买提·塔依尔编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.2

ISBN 7-228-07892-6

Ⅰ. 劝… Ⅱ. 亚… Ⅲ. 圣训—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. B964

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 012808 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿孜古丽·克力木
封面设计:艾克拜尔·萨力

劝诫与遗嘱 (维吾尔文)
亚尔买买提·塔依尔 编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行 新疆采印胶印厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.625 印张 2 插页
2003 年 4 月第 1 版 2003 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000 册

---

ISBN 7-228-07892-6 定价:17.80 元

# كىرىش سۆز

ھاياتتىكى ئورتاق بىر ئومۇمىيلىق شۇكى، ھەممە ئادەم قىسقا ھاياتلىق پۇرسىتىدە زور شان - شەرەپ قازىنىپ ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇرەككەپ ۋە سىرلىق كىشىلىك جەمئىيەتتە توغرا يول تېپىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە قانائەتلىنەرلىك ياشاش ئۇچۇن ئوڭاي ئەمەس.

ئىنسانلار ھاياتلىق تارىخىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى ئېچىش، ياشاش قابىلىيىتى ۋە شارائىتىنى ياخشىلاپ ئۆز غايىسىدىكى تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش ئۇچۇن تىرىشىشتى. گەرچە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بىراق بىر نەرسە ھەرگىز ئۆزگەرمىدى، ئۇ بولسىمۇ ھايات قانۇنىيىتى. مانا مۇشۇ ماھىيەتنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن، ھېس قىلغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن، تارىخ ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان نۇرغۇن بىلىش نەتىجىلىرى تەدرىجى بىيىپ مۇكەممەل پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئايلاندى. بۇ پەلسەپىۋى سىستېما ھازىرقى مەدەنىيەت دۇنياسىدىمۇ يەنىلا تۇرمۇش ئەندىزىمىزنىڭ ئاساسى بولۇپ رول ئوينىماقتا.

مەن شەرقنىڭ ئىدىئولوگىيە تارىخى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، شۇنى بايقىدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق شەرقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى نەتىجىلىرى غەربنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىدىئولوگىيە ئەندىزىسىدىن بىلى زور ئىلغارلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئەخلاقشۇناسلىق جەھەتلەردىكى بىلىشلىرىدە ئاجايىپ يۇكسەكلىكلەرنى بايقايمىز. قەدىمكى دانىشمەن بوۋىلىرىمىز بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يادنامە بولالىغۇدەك، ئۆزىمىزگە مەنىۋى جەھەتتە دىئاگنوز قويۇپ بېقىشىمىزغا ئەرزىگۇدەك، ۋۇجۇدىمىزدا ساقلانغان مەنىۋى كېسەللىكلىرىمىزگە شىپا بولالىغۇدەك قىممەتلىك رېتسېپلارنى مىراس قالدۇرۇپ كېتىشكەن.

«مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر» شەرق ئەقىل ــ پاراسەت غەزىنىسىدىن بىر سەھىپە، قەدىمكى دانىشمەن بوۋىلىرىمىزنىڭ تاللانغان ۋە تاۋلانغان تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، شەرق ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بىزنى ھاياتنىڭ ئاچچىق تەجرىبىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشكە، ھاياتقا بولغان تەلەپچانلىق روھىمىزنى ئۇلغايتىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ھاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا ئۆگىتىدۇ، ھاياتىمىزدا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان مەھرۇملۇقلىرىمىزنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائى بىزگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «سەن ئاجايىپ ــ غارايىباتلارغا يول تاپىمەن دەپ ئارزۇ قىلىسەن؟! ئاگاھ بولغىنكى، ئاجايىبات ــ غارايىباتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۇڭدە، ئۆزۈڭنى بىلگىن ــ دە توغرا يولغا قەدەم قوي» شۇنداق، ئۇلار بىزگە ھەر زامان، ھەر قاچان ئەسقاتىدىغان ئۇلۇغ ئەقىل ــ پاراسەت جەۋھەرلىرىنى قالدۇرۇپ

كەتتى. ئەمدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۆزىمىزدە بار بولغان شۇ قىممەتلىك مىراسلارنى ھاياتىمىزغا قانداق تەدبىقلاشتا، ئۇنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىپ توغرا پايدىلىنىشتا. ئەگەر بۇ خاسىيەتلىك مىراسلارنى تۇرمۇشىمىزغا ياخشى تەدبىقلىيالىساق، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇق پايدىلىنالىساق، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالىساق، ئەقىل - پاراسەتنىڭ مېۋىسى نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبە - ساۋاقنىڭ شاھىدى بولغان ئۇ مەنىۋى بايلىق بىزنىڭ قولىمىزدا قايتا قاچىلانغان ئەسكى ئاياغلاردىن نىمە پەرقى بولسۇن!

ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، ئۇلۇغلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە داخىل بولغان كىشى سائادەتمەندۇر. دانىشمەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرى ئامانەتتۇر، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋاپاسىزلىقنىڭ ئالامىتى، بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

تۈزگۈچىدىن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئۆز بەختىڭنىڭ ئىجادچىسى بول .................... 1
ئەقىل بىلەن بىلىمدىن چەتنىسەڭ ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن ........................................ 1
ھايات قەدرى........................................ 9
بەختىنىڭ بېغى ئۆز قولۇڭدا ........................... 20
نادانلىق ئېتىقادنىڭ دۈشمىنى ......................... 28
ئائىلە بەختى ئۆزۈڭنىڭ قولىدا........................ 33
ئاي تولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان ۋەسىيىتى ... 36
ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئۈمىدى ........................... 41
خەزىنە بىلەن كۆمۈلگەن خاسىيەتلىك ۋەسىيەتنامە... 43
قەۋرە تېشىغا ئويۇلغان ۋەسىيەتنامە .................. 99
قانائەتچانلىققا تەنقىد .............................. 100
ئەل بېشىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ئەلنىڭ بەختسىزلىكى.................................................. 102
ھەر ئىشتا ئىخلاسمەن ۋە ساداقەتمەن بول.......... 107
ئىخلاسنىڭ بەرىكىتى ۋە رىيانىڭ ئاپىتى ھەققىدە ...... 107
ئېھسان ۋە ياخشىلىق ھەققىدە ........................ 111
بىچارىلەرگە رەھىم قىلىشنىڭ پايدىسى ................ 113
ئالىيجانابلىق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە ............ 115
ھۆكۈمرانلارنىڭ ماھارەت ۋە سىياسەتلىرى ھەققىدە...... 120
كەمتەرلىكنىڭ ساخاۋىتى، تەكەببۇرلۇقنىڭ كاساپىتى... 122
كىبىرنىڭ ئاقىۋىتى، كەمتەرلىكنىڭ بەرىكىتى .......... 124
قانائەتكار كىشىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ................. 128

تەمە ........ 129

ئەي ئىنسان ئوغلى! ........ 132

كىبىرنىڭ يامانلىقى ........ 132

غەپلەتتىن ئويغان ........ 132

شۆھرەتنىڭ يامانلىقى ........ 133

ياخشىلىق ئادەمنىڭ خىسلىتى ........ 133

يامان ئەمەلدارنىڭ ھالى ........ 134

زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولىدىن قايتما ........ 134

شەرەپنى ئۆزۈڭ قازىنىشىڭ كېرەك ........ 135

غاپىل قېرىغا تەنبىھ ........ 136

نەپسىگە تەسلىم بولغان قېرىلارغا ........ 136

ئىلىم ۋە ئەمەل ........ 137

ئىنسان ئەمەل ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىنساندۇر ........ 138

ھەي ھۇرۇن ........ 138

پىداكار بولۇش ........ 139

ئەي ئىنسان، ئۆزۈڭنىڭ دۇنيادىكى ئورنۇڭنى ۋە
قىممىتىڭنى بىلەمسەن ........ 141

ھىممەت كەمەرىنى باغلاپ، خەسىسلىك تونىنى سال ... 141

ئىسكەندەرنىڭ ئەرىستودىن سوئالى ........ 147

ئادالەت ھەققىدە ........ 149

مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ........ 151

ئىسكەندەرنىڭ ئەرىستودىن سوئالى ........ 155

مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ........ 156

ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ........ 161

ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ........ 162

مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ........ 165

ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ........ 167

مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ........ 168

ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ........ 170

مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 171
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 174
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 175
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 177
مېھماندارچىلىقنىڭ ساخاۋىتى ............ 178
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 182
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 183
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 185
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 186
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 187
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 189
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 190
ئىسكەندەرنىڭ ئارىستودىن سوئالى ............ 191
ئىسكەندەرنىڭ سوقراتتىن سوئالى ............ 195
مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت ............ 196
ئىسكەندەرنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى ............ 197

**ھايات ھاسىلاتلىرى** ............ 202

ئەدەپنىڭ ئىززىتى ............ 203
ھايانىڭ ئۇلۇغلۇقى ............ 205
نىيەت ۋە ئىرادە كۈچى ............ 209
بىلگىنكى كۆڭۈل قۇۋۋىتى ھەممىسىدىن ئەلا ............ 214
توغرا سۆزلۈك بولۇش ............ 215
كېڭەش قىلماقنىڭ پايدىسى ............ 216
ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى
ئويلاپ قىلىش كېرەك ............ 218
ئېغىر - بېسىقلىق، تەمكىنلىك ھەققىدە ............ 219
ھاجەتنى راۋا قىلماقنىڭ ساخاۋىتى ............ 221
ئامەت ۋە دىيانەت ............ 222
كەمتەرلىك مەرتىۋىسى يۇقىرى بولماقنىڭ سەۋەبىدۇر... 223

www.uyghurkitap.com


پاراسەتلىك بولۇشنىڭ ھېكايىسى ...................... 225

ئۆتكۈنچى ئۆمۈرنىڭ بايانى ...................... 227

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئۆتەش توغرىسىدا ...................... 228

ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقنىڭ بايانى ...................... 231

ئاپەتنىڭ بىرى سۈخەنچىلىكتۇر ...................... 232

ئىنسانشۇناسلىق كۆزنىكىدە ...................... 236

ئىنسان كۆڭلىنىڭ تەرىپى ...................... 237

كىشىگە ئازار بەرمە ...................... 238

ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى ...................... 238

مۇناپىق ...................... 239

نادان بىلەن سۆھبەت قۇرما ...................... 240

ئاز يېيىشنى ئادەت قىل ...................... 240

ئىمانىڭ كامىل بولسۇن ...................... 241

غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يوق قىل ...................... 241

بىرقانچە پايدىلىق نەسىھەتلەر ...................... 242

ئىلىمنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق بىلگەيسەن ...................... 244

ھايات قەدرى ...................... 246

قۇتۇلماس قۇللۇق — نەپسى قۇللۇقىدۇر ...................... 247

تەمە ھارام ...................... 250

ئەقىل پاراسەت تەرىپى ...................... 253

يامان ئوي ۋە يامان كويدا بولما ...................... 257

رەھىم ـ شەپقەتلىك بول ...................... 258

ئالىملارنىڭ قىممىتى ۋە ھۆرمىتى ...................... 259

پىتنە ـ پاسات مىللەتنى خاراب قىلىدۇ ...................... 261

جان، تەن سارىيىڭغا مېھماندۇر ...................... 261

ئەما شائىرنىڭ قەلبى كورلارغا قىلغان نەسىھىتى ... 263

بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە ...................... 263

تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە ...................... 265

دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە .......... 266
مەردلىك ۋە بېخىللىق ھەققىدە .......... 266
كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە .......... 267
ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە .......... 267
كەڭ قورساقلىق سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار .......... 268
موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان نەسىھىتى ۋە جاھان ئەھلىگە قىلغان ۋەسىيىتى... 270
ھىدايەت نۇرى .......... 275
ئاتا – ئانا ۋە قەۋم – قېرىنداشلار بىلەن بولغان مۇئا- مىلە مۇناسىۋەت توغرىسىدا .......... 275
ئاتا – ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى .......... 282
قوشنىدارچىلىق ھەققى توغرىسىدا .......... 284
سىلە رەھىم توغرىسىدا .......... 287
ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىش ھەققىدە .......... 289
ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە ئادىل بولۇڭلار! .......... 292
ھەرقانداق ئىشتا ھەققانىي بولۇڭلار .......... 295
ھايا توغرىسىدا .......... 297
ئۆيلىنىش توغرىسىدا .......... 299
سالاملىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .......... 303
گۇمانخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت توغرىسىدا .......... 305
ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى توغرىسىدا .......... 310
پاكىزلىق توغرىسىدا .......... 312
دوستلۇق توغرىسىدا .......... 314
غەزەپ ۋە ئالدىراقسانلىق توغرىسىدا .......... 315
ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا .......... 316
سەدىقە توغرىسىدا .......... 319
بىرقانچە پايدىلىق نەسىھەتلەر ۋە ھېكمەتلەر .......... 322

www.uyghurkitap.com


يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى ھەققىدە ........ 325

يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋال-
ماسلىق ھەققىدە ........ 329

«ئىنجىل»دىكى كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت تەربىيە-
لىك ئۈزۈندىلەر ........ 332

ئىتتىپاقلىق ۋە يارىشىش توغرىسىدا ........ 332

زىنا قىلماسلىق توغرىسىدا ........ 332

قەرز توغرىسىدا ........ 333

دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ھەققىدە ........ 333

ئادالەت ۋە ساختىلىق ھەققىدە ........ 334

سۆزنىڭ قىممىتى ھەققىدە ........ 335

نېمەت ئەجرىگە لايىق بولىدۇ ........ 335

راست بىلەن يالغاننى پەرق ئېتىش ھەققىدە ........ 335

سۆزنىڭ قىممىتى ھەققىدە ........ 335

ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە ........ 336

تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا ........ 336

غەيۋەت توغرىسىدا ........ 337

مېھمانغا چاقىرغاندا ........ 337

ئۈمىد توغرىسىدا ........ 337

بىر خوتۇنلۇق بولۇش ھەققىدە ........ 338

پۇلغا قۇل بولماڭلار ........ 339

ئىمان توغرىسىدا ........ 339

ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ھەققىدە ........ 340

قابىلىيەت ۋە ئەقىل پاراسەت ھەققىدە نەسىھەتلىك ۋە
ئىبرەتلىك بايانلار ........ 341

# ئۆز بەختىڭنىڭ ئىجادچىسى بول

## ئەقىل بىلەن بىلىمدىن چەتنىسەڭ ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن

ھەي بىلىمدان، دانا ئوغلۇم، ئارزۇيۇم ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم توغرىسىدا ئارزاق سۆزلەشنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ، ئاللا ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك، ئىلىم ۋە پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى. قەلب ئاتا قىلدى، تىل بېرىپ قەلبىنى يورۇتقۇچى قىلدى. گۈزەللىك، خۇش پېئىللىق ۋە نومۇس بەردى. ئادەم بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغلۇققا يەتتى. ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن، تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى. خۇدا كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سۇنالايدۇ، بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلگۈلۈك، بۇ ئىككىسى قۇلنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلالايدۇ.

ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.
ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

بۇ بېيىت يۇقىرىقى سۆزۈمنىڭ ياخشى دەلىلى، بىلىمنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلىم دەيدۇكى،

www.uyghurkitap.com

بىلىمسىز كىشىنىڭ ھەممىسى كېسەلمەن بولىدۇ، كېسەلمەن داۋالانمىسا ئادەم تىرىك ئۆلىدۇ. بىلىملىك ئەردىن كېسەللىك يىراقلىشىدۇ. ئەي دانا، بىلىمسىزنىڭ كېسىلىگە داۋا قىل، ئەي نادان، بىلىملىك قېشىغا بېرىپ بىلىمسىزلىك كېسىلىڭنى داۋالاتقىن. ھەرقانداق ئەر ئەقىل مەرتىۋىسىگە يەتسە تۈمەن ئارزۇسى بولسىمۇ قېنىپ تىلىكى ھەل بولىدۇ. ئەقىلنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پايدىسى غايەت زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم قوشۇلسا ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىلگىنكى، ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى ئەقىل بىلەن بىلىمدە. شۇڭا، ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلغۇلۇق، قىممەتلىك ۋاقىت پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن بىلىم بىلەن ئىش تۇتقۇلۇق.

ئوغلۇم، ئەقىل - پاراسەت قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ، بىلىم ئەقىل سارىيىڭنى چىراغدەك يورۇتىدۇ. ئادەم پاراسەت بىلەن ئۇلۇغلۇقتا، بىلىم بىلەن يۈكسەكلىككە ئېرىشىپ قەدىر - قىممەت تاپىدۇ. بۇ گېپىمگە پۈتمىسەڭ نۇشىرۋان[1] پادىشاھقا قارا، ئۇ پاراسەت كۆزى بىلەن جاھاننى يورۇتتى، توغرا قانۇن بىلەن خەلقنى بېيىتتى. شۇڭا، ئاقىللارنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ: «ئەگەر ئۇ دوزىخي بولسىمۇ، دوزاخ ئازابىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ» دېگەنلىكى يادىمدا.

كىچىك ئوغلانغا قارا، ئۇ يېشىغا توشۇپ، ئەقلىگە كەلمىگۈچە قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر قېرىسا ئىدرىكىمۇ قېرىيدۇ - دە، ئېزىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلەمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قانۇندا بىرەرسى ئەقىلسىز

---

① نۇشىرۋان — مىلادى 224 - يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20 - پادىشاھى بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان ئادىل»، «نۇشىرۋان بۈيۈك» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

بىر تەلىۋىنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ، دېيىلگەننى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆلگۈچىنىڭ ئىدراكسىز بولغانلىقىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق قەدىر ـ قىممەت ئەقىل ـ ئىدراك ئۈچۈن بولىدۇ. ئىدراكسىز كىشى بىر ئۇچۇم لاي بىلەن باراۋەر. ھەممە ئادەم كىيىم كىيىدۇ، بىراق قەدىر ـ قىممەت كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە بىلىم بىلەن بولىدۇ. كىمدە ئەقىل بولسا ئۇ ئېسىل ئاتىلىدۇ. كىمدە بىلىم بولسا ئۇ خان ئاتىلىدۇ. ئىنسان بالىسى بۇ قوڭۇر تۇپراققا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ھەرقانداق ئىشنىڭ يولىنى بىلىم بىلەن تاپتى. شۇڭا، ئەقىل ئاز بولسىمۇ ئاز دېمە، ئۇنىڭ نېپى كۆپ، بىلىم ئاز بولسىمۇ ئاز دېمە، ئۇنىڭ قەدرى كۆپ بولىدۇ. ھېكىملەر مۇنداق تۆت نەرسىنى ھەرگىز ئاز دەپ قارىما دېگەن. ئۇنىڭ بىرى ئوت، يەنە بىرى دۈشمەن، ئۈچىنچىسى ھاياتنىڭ دوزىخى بولغان كېسەللىك، تۆتىنچىسى ئىلىم. ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن بۇلارنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ، زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس. خۇددى ئىلىم ـ بېرىمگە ئوخشاش ئۇنىڭ بىرى سېنى مەنپەئەتدار قىلسا، يەنە بىرى سېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

بىلىم كىمىياغا[①] ئوخشايدۇ. ئۇ ساڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەقىل سارىيىغا توپلايدۇ. سەن بىلىمنى يوشۇرۇپ بولالمايسەن. ئىپارنىڭ پۇرىقى ئۇنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك، تىلىڭ قەلب سارىيىڭدىكى ئىلىم بايلىقلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. بىلىم ھەرگىز نامراتلاشمايدىغان، ئوغرى ۋە قاراقچى ئالالمايدىغان بايلىق. ئىتنى باغلاقتا، ئاتنى تىزگىندە تۇتقاندىلا ئۇلارنى ياخشى باشقۇرغىلى بولغاندەك، بىلىم سېنى يامان

① كىمىيا — قەدىمكى كىشىلەر ماددىلارنى ئايرىلاشتۇرۇپ، مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن دەپ قارىغان ۋە بۇ ساھەدىكى ئىلىمنى «كىمىيا» دەپ ئاتىغان.

ئىشلاردىن توسقۇچى كىشەن بولالايدۇ. ئەقىل ـ ئىدراك سەن ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچىلىك ئاداش، بىلىم بولسا ئەڭ مېھرىبان قېرىنداشتۇر. بىلىمسىز ئۈچۈن ماڭغان ـ تۈرغىنىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە دۈشمەن. مۇنۇ تۆرك تەمسىلى بۇ سۆزگە دەلىلدۇر: ئاقىلغا ئۆز ئەقلى دوستلۇققا يارار، نادانغا ئۆز ئىتى قارغىش ياغدۇرار. بىلىملىككە بىلىمى تون ۋە ئاش بولىدۇ، بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش، ئەقىلسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەختۇركى، مېۋىسىز دەرەختىن ئاچ ئادەمگە نېمە پايدا كەلسۇن. ياخشى نام ـ ئاتاقمۇ ئەقىللىقلا تەئەللۇق. ھەر ئىككى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۇچۇق. ئەقىللىق كىشى ئادەملەرنىڭ ئادىمى، خەلقنىڭ ئالدىدۇر.

ئەقىلنىڭ قىلمىشى توغرا، قىممىتى تولا، ئەقىلنىڭ ياش قۇرامى كىچىك، چىراي ـ تۇرقى كۆركەم، ئۇ بارلىق ياخشىلىقلارغا كىچىك بولىدۇ. ئۇ ئىشتا تەمكىن، مۇئامىلىدە خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم، بارلىق جانلىقلارغا مېھرىباندۇر. ئەقىل قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدۇ، سۆزى نەگە بارسا ئۆتىدۇ. ئۇ ئىللىق چىرايى ۋە سۆيۈملۈكلۈكى بىلەن كىشىلەرگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەقىلنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەرقانداق ئىش قىلىشتا يەڭنى مەھكەم تۈرەلەيدۇ، ھەر قانچە چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ، بۇلغانغان ئىشلارنى سۈزەلەيدۇ، ھەر ئىشنىڭ چارىسى ۋە پۈرسىتىنى بىلىدۇ، ئىشقا كىرىشىشتە ئوڭ ـ سولغا، ئالدى ۋە ئارقىغا ئوبدان باقىدۇ. ئەقىل قاچقانغا يېتەلەيدۇ، ئۇچقاننى تۇتالايدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزەلەيدۇ، سۇنۇقنى تاڭالايدۇ. شۇڭا، ئەقىلسىزلار ئەقىلنىڭ كەملىكىدىن ئۆكۈنۈپ دېيىشىدۇكى: ھەي ئەقىل، سەندىن ماڭا بىر ئۈلۈش تەگكەن بولسىچۇ كاشكى، سەنسىز ئىنسانىنىڭ كۆڭلى تىرىكلىكىدىن مەھرۇم بولىدىكەن. ئىسىت، سەنسىز غەملىرىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەقىل مەشئەلدۇركى، ئەمالارغا كۆز، گاچا تىلغا سۆز، ئۆلۈك تەنگە جاندۇر. ئاقىللار ئەقىلگە دېيىشىدۇكى: ھەي دوستۇم، ئىشلىرىمنى ئوڭشايدىغان ئەجەب ياخشى دوستۇمسەن. ئەقىلنىڭ روشەن بەلگىسى شۇكى، ئەقىل ئىشنى ئوڭ قىلىدۇ، تەتۈرگە ئورۇن بەرمەيدۇ، ئىشنى چىن قىلىدۇ، مەككارلىق قىلمايدۇ، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا ئىش، دۇرۇس يولدىن ئاداشمايدۇ. ئەقىل توغرا بولغاچقا، گەپ - سۆزدە مۇلايىم، سەۋرچانلىق بىلەن يېتەرلىك ئويلاپ، پۇختا قىلىدۇ. ئۆزى يىگىتتەك نەۋقىران، قىلغان ئىشى مويسىپىتلەرنىڭكىدەك پىشقان. دانىشمەنلەرمۇ، قۇلمۇ موھتاجلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، بىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەقىلنىڭ قىلغان ئىشى قېرىدەك، ئۆزى ياش قىراندەك. ئۇنىڭ كىچىكلىكى ئوماق، قېرىلىقى تەمكىن. ئۆزى كەمتەر، سالماق، پايدىسىمۇ كۆپ. شۇڭا، ئەقىل قەيەردە بولسا ئۇنىڭغا ئېسىلغۇلۇق.

كىشى ئۆگىنىپ بىلىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ، لېكىن ھەرقانچە ئۆگەنگەن بىلەن ئەقىللىق بولالمايدۇ. ئەقىل يارىتىشتىن بولىدۇ. تادۇ بىلەن بىرگە كىرگەننىڭ بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. روشەنكى، ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئادەم مىڭلاپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. ئەقىللىق ئادەم ھەممە ئادەمدىن ئۇلۇغ، چۈنكى ئەقىل مىڭ خىل پەزىلەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئەقىلسىز ئادەمنى ئادەم سانىماسلىق، ئۇ قانچىلىك كاپىشسۇن ئىشەنمەسلىك كېرەك.

ئەقىل كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە بولىدۇ. ئۇ شۇنداق قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈستۈن باشقا قارار تاپقان. ئەقىل ئادەم ئۈچۈن تىزگىن ھەم كىشەندۇركى، بۇ كىشەن ۋە تىزگىن بىلەن كىشى نەمۇنىلىك ئىش - ھەرىكەتتىن

ئاداشمايدۇ. رەھىملىك ئىگەم ئۆزى خالىغان بەندىسىنىڭ قىلىقى ۋە تىلىنى ئەقىل كىشىنى بىلەن كىشەنلىدى. ئەقىل بىلەن ئەقىلسىزلىق ئادەمنى ئىككىگە ئايرىغانكى، ئەقىللىق تىرىك ھېسابلانسا، ئەقىلسىز ئۆلۈك سانىلىدۇ. ئادەم تۈنگە ئوخشاش قاراڭغۇ بىر ئۆي، ئەقىل بولسا ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر. بارلىق ياخشىلىق ئەقىلدىن كېلىدۇ، بىلىمدىن زورىيىپ تىلەككە يېتىدۇ. ئادەم بۇ ئىككىسىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ، ئادالەت يولىنى تاپىدۇ. ئادەم بىلىمى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا بىلىمدىنمۇ قىممەتلىك يەنە نېمە بار؟ ئەقىل ئېيتىدۇكى: بىلىم ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىدى، بىلىمدىن ئىنساننىڭ قولى ئۇزاردى. ھايۋان بولماي دېسەڭ بىلىم ئۆگەن، ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن سۆزۈڭنى راۋان ۋە ئاقىدىغان قىل.

پۈتۈن خاسىيەتلىك ئىشلار بىلىم ساخاۋىتىدىندۇر. مىسالى، بىلىم بىلەن كۆككە يول ئېلىش مۇمكىن. ھەرقانداق سۆزنى دېمەكچى بولساڭ بىلىم بىلەن سۆزلىگىن، كىشىلەرنى ھەم بىلىمگە قاراپ ئۇلۇغلا. سۆز دېگەن كۆك ئاسماندىن قوڭۇر زېمىنغا چۈشتى، سۆز بىلەن ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنى تاپتى. ئىنساننىڭ كۆڭلى تۈۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بىلىم خۇددى ئاشۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا ياتقان ئۈنچىگە ئوخشايدۇ. ئادەم ئەجرى بىلەن ئۈنچىنى دېڭىزدىن سۈزۈپ چىقارمىسا، ئۈنچە بىلەن ساي تېشىنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟! كۆرمىدىڭمۇ، ئالتۇن قوڭۇر يەر قېتىدا تاشقا ئوخشاش ياتقان ئىدى، قېزىپ چىقىرىلىپ بەگلەرنىڭ بېشىغا تاج بولمىدىمۇ؟! ئەگەر ئالىم بىلىمنى تىلى بىلەن ئىپادىلىمىسە، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ ئۆزىنىمۇ، ئەتراپىنىمۇ يورۇتالمايدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە! ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ جايىدا ئىشلەت ـ دە، ئۇچۇپ كۆككە يەت. جاھان سوراش

ئۇچۇنمۇ، خەلقنى باشقۇرۇش ئۇچۇنمۇ ئەقىل ھەم يۈرەك كېرەك. دۇنياغا ئادەمزات تۆرەلگەندىن تارتىپ ئەقىللىقلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ جاھاننى تۈتۈپ كېلىشتى، بىلىم بىلەن خەلقنى يېتەكلىدى. ئەقىل بىلەن بىلىم بىرىكسە ئەر كامالەت تاپىدۇ. كامالەت ئىگىسى دۇنيا نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇگۈنگە قەدەر قايسى زاماندا بولسۇن ھۆرمەتلىك ئورۇن بىلىملىكلەرگە تەگدى. كىشىلەرنىڭ ياخشىسىمۇ ئەقىل بىلەن تۈزۈلىدۇ. خەلق ئىچىدىكى بۇلغىنىشمۇ بىلىم بىلەن سۈزۈلىدۇ.

ئەقىل ۋۇجۇدنىڭ قوماندانى، ۋۇجۇد ھەۋىسى ئەقىلنىڭ دۈشمىنى، ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى — تىل، بوغۇز، كۆز ۋە شەھۋەت ھەۋىسىدۇر. بۇلار ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ تائەت - ئىبادىتىگە توسقۇن بولىدۇ. شۇڭا نەپسىگە ھاكىم بولسا، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن ساقلانسا، يارىماس ئىشلاردىن ئۆزىنى پاك تۇتسا، ھاۋايى - ھەۋەسكە يول بەرمىسە، شۇنداق كىشىنى ئەقىللىق، بىلىملىك، تەمكىن كىشى دېسە بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر توغرا، تۈز، ئوچۇق - ئاشكارا بولىدۇ، يارامسىز ئىشلارغا يېقىن بارمايدۇ، مەنىسىز نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ.

ئىنسان بالىسى بۇ ئالەمگە تۆرەلگەندىن بېرى ۋۇجۇد ئېزىتقۇ، ئەقىل تىزگىن بولۇپ بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى مەيداندا تۇرۇپ كېلىشتى. ئادەم نەپس بالاسىدىن جەننەت مېۋىسىنى يەپ قويۇپ، ئەقىلگە خىيانەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋۇجۇد ئەقىل بىلەن قارشىلاشتى. ئەقىل تىزگىنى بولمىسا نەپس بالاسى ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ، ئۇنىڭ قىلمىشى جاپا مېۋىسىدۇر. جاپاغا جاپا بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. ۋۇجۇد خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، قانچىلىك ياخشىلىق قىلغانسىرى ئۇ قۇتراپ، شۇنچىلىك يامانلىق قىلىدۇ. سەرخىل كىشىلەر ئۆزى بىلىپ: كىمگە ۋاپادارلىق كۆرسەتكەن بولساڭ، ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا تەييار بول. ۋاپا ئورنىغا بىر كۈنى جاپا تېتىغۇچى بول. كىمگە ياخشىلىق قولۇڭنى سۇنغان بولساڭ ھەزەر قىلغى، ئۇنىڭ ساڭا يامانلىق قولىنى ئۇزىتىپ نادامەت چەكتۇرۇشىدە گەپ يوق، دەپ توغرا ئېيتقان.

مۇنۇ ئۈچ مەخلۇقنى سەمرىتىش ياخشىلىق ئىلىپ كەلمەيدۇ. بىرى، ئوۋ ئىتى، يەنە بىرى، ئوۋ قۇشى، ئۈچىنچىسى ۋۇجۇدنىڭ گۆشى. قورسقى توق، ئېتى سېمىز ئىت ئوۋنى قوغلىمايدۇ. ئوۋ قۇشى داندىن قىسىلمىسا ئوۋ تۇتمايدۇ. نەپسىنىڭ مەيلىگە قويۇپ ۋۇجۇدنى تويدۇرۇپ ۋە قاندۇرۇپ باقسا ئۇ بۇغرا تۆگىدەك قۇترايدۇ، ياخشىلىقنى تاشلاپ، يامانلىققا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئىتىڭ ئوۋغا يۈگۈرمىسىغۇ بىر سۆسەرگە زىيان بولار، قۇشۇڭ ئوۋلىمىسا قولدىن كېتىدىغىنى بىر ئۆردەكلا. بىراق، نەپسىڭ بۇغرا تۆگىدەك بويىنىنى ئېگىز كۆتۈرسە، سېنى ئوتقا ئىتتىرىپ ئازابتا ئىگرىتىدۇ. شۇڭا، ئىشنىڭ يولى شۇكى، ئۇلار سېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىشتىن بۇرۇن سەن ئۇلارنى ئاچ قويۇپ موھتاجلىقتا تۇت. ئاندىن ئۇلار بويىنىنى ئېگىپ، دېگەن يولۇڭغا ماڭىدۇ. يوقسۇل كەمبەغەللەرنىڭ خاتىرجەم، ھۇزۇرلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆر. ئۇلار بارغا قانائەت قىلغان كۆڭلى باي كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قورسقى تويسا، ئۈچىسىغا كىيىم بولسىلا خاتىرجەم ئىبادىتىنى قىلىپ، ئىشلىرىنى جاي ـ جايىدا بېجىرىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئەمەل ـ مەنسەپ، ئۇلۇغلۇق ھەددىدىن ئارتۇق دۆلەت ۋە بەخت كىشىنى تەكەببۇرلۇققا ئۈندەپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. تەكەببۇرلۇق بەندىنى تەڭرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ئەقىللىق كىشى ھەرگىزمۇ مۇنداق

يولغا ماڭمايدۇ. كەمبەغەلمۇ ئۆلىدۇ، بايمۇ ئۆلۈپ ئىككى بۆز بىلەن قارا يەر قېتىغا كىرىدۇ. كەمبەغەل ئۆلسە مۇشەققەتتىن خالاس تاپىدۇ، باي ئۆلسە مال ـ مۈلكى قالىدۇ، ئۆزى بولسا ئېغىر يۈك بىلەن كېتىدۇ. بۇ سۆزگە مىسالەن مۇنداق بىر سۆز ئېيتىلغان: ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ مېھنىتىڭدۇر. ئەي مېھنەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ نېمىتىڭدۇر. ئەي كەمبەغەل، ئۆلۈم سېنى مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇردى. ئەي باي، ھېساب بېرىشكە ھازىرلان، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتتى.

## ھايات قەدرى

— ھەي قاياشىم، ئاگاھلاندۇرۇشۇم بولسۇنكى، غاپىل ياشىمىغىن، قىممەتلىك ھاياتىڭنى، ئۆمۈر بوستانىڭنى مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن خازان قىلمىغايسەن. توغرا بول، دۇرۇس يولۇڭدىن ئاداشما. توغرا يول مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ. بارچە قانلىقلارغا مېھرىبان بول، كۆڭلۈڭ بىلەن تىلىڭنى رۇس تۇتۇپ ئاللاغا تېۋىن، غەمنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئىبادەت قىل. جىددىيلەشكەندىمۇ تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندىمۇ مۇلايىم بول. ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا تەييار تۇر، ئەسلىڭنى بىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، دۇنياغا ھېرىسلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىما. دۇنيا قالىدۇ، سەن ئەپغان بىلەن يىغلاپ كېتىسەن. بېشىڭغا نېمە كەلسە ئېغىرىماي كۆتۈر، ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە رازى بول. راست سۆزلە، ۋەدەڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولسۇن، يالغان ۋەدە قىلماق نادانلىقتۇر. ئوچۇق چىراي، ئىللىق سۆزلۈك، ئېزگۈ قىلىقلىق بول. شۇندىلا دەۋر كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت ئىشىكىڭنى قاقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي يوشۇر، ۋۇجۇدۇڭنى ئەگرى يولدىن توس. ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى كۆزلىمە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلە. خەلققە

ئېغىرلىقنى كۆتەرتمە، خەلقنىڭ ئېغىرىنى سەن كۆتۈر. مال ـ دۇنيايىڭ بولسا ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ خەلقىڭنى سۆيۈندۈر. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى باشقىلارنىڭ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ، ئۇلۇغ ساۋاب تاپىدۇ. ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، كاللىسى ئۆتكۈر، ئەقىللىق، بىلىملىك بىر زات شۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە پايدىلىق ئادەم ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدۇر. كۆيۈمچان ئادەم خەلقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر.»

ئادىمىيلىك نام ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. بىرى، خەلققە مېھرىبان بولۇش، يەنە بىرى، سېخىيلىق بىلەن قولىنى ئوچۇق قىلىشتۇر. ئەقىل بىزگە تېخىمۇ ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ: سېخىي دېيىشىدۇ، ھەقىقىي سېخىي كىم؟ سېخىي دېگەن جېنىنى پىدا قىلىپ ئەرلىك ھەققىنى ئۆتىگەن ئادەمدۇر. كۈمۈش ئۈلەشتۈرسىلا سېخىي دېگىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي سېخىي جېنىنى خەلق ئۈچۈن تەسەددۇق قىلغۇچىدۇر. ئەقىل يولى بىلەن ماڭسا تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. دۇنيانىڭ شان ـ شۆھرىتىمۇ ئىككى نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. بىرى، مال ـ دۇنيا، يەنە بىرى، يۈز ـ ئابرۇيدۇر. بۇ ئىككىسىگە ئېرىشىپ مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە ئىشلار ئىرادىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بەگ تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ. ئۆزۈڭگە پۇختا بولساڭ يۈگەن چىڭ تارتىلىدۇ. مانا بۇ دۇنيا ۋە خەلقنىڭ قىممەت دەرىجىسى. بۇنىڭغا ئېرىشمەك تولىمۇ مۈشكۈل، بۇ دەرىجىگە يەتكۈچە بەگلەرگىمۇ قىيىنلىق يېتىدۇ.

ئۆزۈڭنى كۆچمەن ھېسابلا، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىمۇ كۆچمەنلىكتىدۇر. ئاخىرى سېنى كۆچۈرگۈچى كۈنمۇ يېتىپ كېلىدۇ. كۆچمەن ئوردا ـ سارايى سالمايدۇ، يولۇچى دېگەن يولدا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئۆزۈڭنى مەڭگۈ يولۇچى

ھېسابلا، تولا قاش ئوينىتىپ ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ كەتمە. ۋۇجۇد ئۆلۈشكە يارالغان، لېكىن قارايى ئېنىق ئەمەس. دۇنيا ئۆتكۈنچى، ساڭا باقىي ئەمەس. ئۆلۈم تىرنىقىنى دائىم تەييار دۇركى، غەپلەتتە يۈرگىنىڭدە قارمىقىغا ئېلىنىسەن. دۇنيانى بىر يەمچۈك ھېسابلا، بۇ يەمنى پۈتۈن يېيەلىگەنلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ نامىنى ماڭا ئېيتىپ باقىن، مەن ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەنمەن.

ھاياتلىقنىڭ جىمى ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى يىغىپ، سېنى قۇرۇق ئارزۇلارنىڭ شېكىرى بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ يۇ، ئارقىدىن ئوغا بېرىدۇ، مانا بۇ ۋاپاسىز بەختنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، تەقۋادارلار بىلىپ: «ھەي دۆلەتمەن، ئېھتىيات قىل، جاپاكار دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، بىۋاپا بەختنى قوغلىشىپ يولدىن ئاداشما. دۇنيا، دۆلەت بىر كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ. ئۇ بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدۇ، دائىم ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ» دېگەن.

ھەي ئىلىمى دەريادەك قېرىنداشىم، دىنىڭنى ئەزىز تۇت، دۇنيانى خار، دىنىڭ سېنى ئەزىز قىلغۇچىدۇر. پۈتۈن ئەس ـ يادىڭ خۇدا يادى بىلەن بولسۇن. ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە مەپتۇن بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتمە، ئۆزۈڭنى تۇت. بەخت ـ دۆلەت سېنى مەست قىلمىسۇن، مەستلىكنىڭ يېشىلگەندە قىلغان ئىشلىرىڭدىن كۆزۈڭ ياشقا تولىدۇ. سۆزىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن بىر ئەقىللىق خەلق بېگى شۇنداق دېگەن: «كىمكى بېشىغا دۆلەت قۇشى قونۇپ مەست بولغان بولسا، قوڭغۇر يەر تېگىدە نالە ـ پەريادتىن يۈرىكى يېرىلىدۇ. مەستلىك كىمنى ئۇلۇغلۇقىغا تەمەننا قىلدۇرسا، قارا يەر تېگىدە ئازابىنى تېتىيدۇ. ياشلىق، بايلىق، بەخت مەستلىكى شاراب مەستلىكىدىن بەتتەردۇر. شارابخور شاراب ئىچىپ مەست بولسا، بىر ئۇخلاپ قوپسا مەستلىكى يېشىلىدۇ. دۆلەت شارابىدىن

مەست بولغان بولسا، ئۆلۈم تۇتمىغۇچە مەسىلىكىدىن ئويغىنالمايدۇ. نامىڭ قۇل ئىكەن، ئۆزۈڭنىڭ قۇللۇقىنى قىل، بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلما. ئۆمۈرمۇ ئۇزۇن ئەمەس، ئۇلۇغلۇقنىڭ شاۋقۇنىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. ئەگەر نەچچە مىڭ يىل ياشىغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە تۇتاشقان ۋۇجۇدۇڭ ئاخىر پارچىلىنىپ كېتىدۇ.» بۇ سۆزگە تەقلىدەن مۇنداق بىر ئىبرەتلىك سۆز ئېيتىلغان: «ئارزۇ - تىلەكلىرىڭگە يېتىپ تۈمەنلىگەن نازۇ نېمەتلەرنى يېگەن بولساڭمۇ، ئابىھاياتتىن قېنىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ، قولۇڭنى سۇنۇپ ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تۇرىدىغان يېرىڭ يەنىلا قارا يەر تېگى بولىدۇ.»

بىز بولساق غەپلەتكە باش قويۇپ ئۇخلاپ ياتماقتىمىز. ھەي قېرىنداشىم، دۇنيا سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتۈپ باش بولدۇڭ. سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى بەك كۆزەتكىن. ئەرلىكنىڭ بەلگىسى، ئەقىل نىشانى شۈكى، ھاۋايى - نەپسىڭنى بېسىپ، ئەقىل بىلەن نەپسىڭ بوينىنى كەسكىن. ھاۋايى - ھەۋەسكە ۋە نەپسىگە قۇل بولغان كىشى كۈچىنى خورىتىدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

يامانلارغا قېتىلما، ئىش - ھەرىكىتىڭنى دۇرۇس قىل. يامانلىق ھەر ئىككى دۇنيادا پالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرگىن. ھەر ئىشتا پىشقان بىر كامىل كىشى شۇنداق جاكار قىلغان: ھەي بۇغرا تۆگىدەك قۇترىغان كىشى، يامانلىقىڭنى تاشلا، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئاخىرى زەھەر بولىدۇ، ھەي يولغا پاتماي كېرىلىپ غادايغۇچى، خەلقنىڭ ئۆكتىمى، ئۆلۈم پات ئارىدىلا يېتىپ كېلىدۇ، ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال - چارىسىنى قىل. ھەي مەن - مەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرغۇچى، «مەن» نى قوي، ئۆلۈمگە ھازىرلان، ئۇ «مەن» نى چاقىرىۋاتىدۇ. ھەي ئاچ كۆز، تەمەخور، دۇنيا قۇلى، ئۆلۈم سېنى تۇتۇشقا خىرىس قىلماقتا.

تۇغۇلغانلىكى نەرسە ئۆلىدۇ، نېمە ئۆرلىسە ئاخىرى يەنە پەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى چېقىشنىڭ چۈشمىكى بار. ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بىللە. تاتلىققا ئاچچىق ھەمراھ.

ياشاش ۋە ئۆلۈش ئىختىيارىمدا ئەمەس، بۇ تەقدىردىن قۇتۇلۇش يولۇم يوق. يوق ئىدىم يارالدىم، كىچىك، گۆدەك ئوغلان ئىدىم، زورايدىم، يۈزلىرىمگە ساقال چىقتى. قارا قۇزغۇندەك چاچلىرىم ئاق قۇدەك ئاقاردى. قەددىم ئوقتەك ئىدى، مانا ئەمدى يادەك ئېگىلدى. ئىلىملىك ئالىملارنىڭ: «ئادەمنىڭ بېشى ئاق قۇدەك ئاقارغاندا، دىلىنىمۇ ئاق قۇدەك ئاقارتقۇلۇق. تۈز تالدەك قەددى ئېگىلگەندە، كۆڭلىنىمۇ تۈزلىگۈلۈك، قۇزغۇندەك قارا چاچ – ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغاندا، مۆكۈكلۈك ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرگۈلۈك، چۈنكى چاچنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى. ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن يەپ لەززەتلەندىڭ، ئەمدى ئۆلۈم سېنى يەيدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

«ئىست دەيمەن، ئىست، بىكارغا ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىم، غاپىللىق بىلەن يىگىتلىكىمنى، نەۋقىران چاغلىرىمنى زايە قىلىۋېتىپتىمەن. بىر قاچاق ئىدىم، مانا ئەمدى ئەجەلگە تۇتۇلدۇم، بۇنىڭغا نېمە ئامالىم. بېخىللىق بىلەن مال – دۇنيا يىغىپتىمەن، مال – دۇنيامۇ قالىدىغان بولدى. ئەمدى مەن يوقلۇق ئالىمىگە كېتىمەن. تىلىم بىلەن قولۇمنى بەك ئۆزاتقان ئىدىم، مانا ئۆلۈم تىنىقىمنىمۇ قىسقىلىتىۋردى، قانداق قىلاي.»

نېمە ئامال، ئۆمۈر دېگەن ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ شۇ يەردە. ئەگەر ھاياتلىق كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك بولىدىغان بولسا ئىنسانلار ياشىيالمايدۇ. ئادەم دېگەن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، كىبىرنى

www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن چۈشۈپ قىلىدۇ. ئازراق ئەزىزلەنسە، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئۆلۈم تۇتقاندا بولسا پۇشايماندا پۇكۇلىدۇ، بەپ تويغاندا بۇغرا تۆگىدەك جاھانغا پاتمايدۇ. ئەگەر، ئاچ قالسا بىلىپ تۇرۇپ زەھەرنى يېيىشتىن يانمايدۇ، راھەت ـ پاراغەتتە زېرىكىدۇ، مۇشەققەتتىن سىزىپ كېتىدۇ. سۆيگىنىنى ئارزۇ قىلىدۇ يۇ، ۋىسال تاپقاندا تېزلا ئۇنىڭدىن سوۋۇيدۇ.

ھەي، ئەل سۆيگەن دانا يىگىت، ئەل خىزمىتىنى قىلىدىكەنسەن، پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكىتىڭ بىلەن خەلقىڭگە ياخشىلىق يولىنى تۇت. ھاياتلىق خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ. يىگىتلىكىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھايات شامىڭمۇ تېزلا ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. ھاياتنىڭ سەرمايىسى ياخشىلىق يولىدۇر. ئۇ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىزا ۋە لىباستۇر. شۇڭا، ياخشى كىشىلەر: ماڭغان، تۇرغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. كۆردۈڭمۇ، بۇ جاھانغا تۆرەلگەن قانداق ئەركەك بولسۇن، ئۇ بەگ ياكى قۇل بولسۇن، ياخشى ياكى يامان بولسۇن بىر ئازلا ياشىدى ـ دە، ئاخىرى ئۆلدى، ئۇنىڭ نام ـ نىشانلا قالدى. ئەمدى بۇ نۆۋەت ساڭمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ بۇرۇن ياخشىلىقنى تاللا، ئادەم ئاخىرى ئۆلۈپ ئورنى يەرلىك بولىدۇ. ياخشىلىق بىلەن ئۆتسەڭ نامىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئىككىلا ئاتاش بولىدۇ: بىرى، ياخشى نام، يەنە بىرى، يامان نام. ياخشىلار ماختىلىدۇ، يامانلار سۆكۈلىدۇ. نىمە ئۈچۈن زەھھاك[1] سۆكۈلدى، فەرىدۇن[2] ماختىلىپ بەختكە ئېرىشتى؟ بىرى ياخشى ئىدى، ئۇنى

---

① زەھھاك — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 5 ـ پادىشاھى. ئۇ ئۆز زالىملىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

② فەرىدۇن — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6 ـ پادىشاھى. ئۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن ياخشى نام قالدۇرغان.

ماختىدى. بىرى ئەسكى ئىدى، ئۇنى قارغىدى. سەن قايسىنى خوپ كۆرسەن، ماختىلىشنىمۇ ياكى تىل ـ ھاقارەتنىمۇ؟ قايسىنى تاللاش ئۆز ئىلكىڭدە، لېكىن كېيىن ئۆكۈنمەيدىغان بولساڭلا بولدى. ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان بىر تەجرىبىلىك كىشى: ئادەم ياخشى نام بىلەن ئالقىش تاپار، يامان نام بىلەن ئۆلگەنگە قارغىش ياغار دېگەن.

مەن يامانلىق بىلەن ياشىغانلارنى كۆپ كۆرۈپ سىنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەرگىز ئىلگىرى باسمىدى، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچىدىنمۇ قالىدۇ. يامانلىق خۇددى ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزگىنى تەڭ كۆيدۈرىدۇ. يامانلىق سېنىڭ يولۇڭدىكى توزاقكى، ئۆتۈشكە ھەرگىز يول تاپالمايسەن.

كۆرۈۋاتىسەن، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن جاھان سورىغان بەگلەر ۋە ئاۋام ـ پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلىم ئىگىسى بولغان بولسا، شۇ زاماننىڭ ئىگىسى بولۇپ ئۆتتى. جاھان بەگلىرىدىن قايسىسى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولسا، ياخشى قانۇن تۈزۈپ، دۇنيانىڭ ساھىبى بولدى. تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن بەگلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار جاھان بەگلىرى ئىچىدە ئەڭ سەرخىللىرى ئىدى. نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولغىنى تۇڭا ئالىپ ئەر[1]. ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە يارامىلىق، جەسۇر، خەلقىنىڭ يارامىلىق باھادىر ئوغلانى ئىدى. ئۇ شۇنداق زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن جاھان سوراپ تىللاردا داستان بولدى. تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياپ دەپ ئاتايدۇ. مانا شۇ ئەفراسىياپ كۆپ ئەللەرنى تەسەررۇپ ئاستىغا كىرگۈزگەن ئىدى. جاھان سوراش ئۈچۈن

---

① تۇڭا ئالىپ ئەر — قەدىمكى تۇران پادىشاھى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن كۆپلىگەن جەڭلەرنى قىلغان. قاراخانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نەسەبلىرىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ.

مانا شۇنداق پەزىلەت، ئەقىل ۋە بىلىم كېرەك، شۇندىلا جاھان سوراشقا قول سۇنسا بولىدۇ. تاجىك ئالىملىرى ئەفراسىياپ ھەققىدە ئۆز كىتابلىرىدا كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، بولمىسا بۇ تارىختىن قانداق ۋاقىپ بولالايتتۇق؟!.

بۇ ھاياتلىقتا يەنە مۇنۇ ئۈچ دۈشمەندىن ھوشيار بولۇپ ياشىغۇلۇق. بىرى، مال ـ دۇنيا دۈشمىنى، يەنە بىرى، نەپس دۈشمىنى، ئۈچىنچىسى، دىن ئوغرىسى — شەيتان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەبىھ دۈشمەن نەپس دۈشمىنى. ئاللا ئىگەم ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغاي. خۇدانىڭ نامىنى ئاتاپ شەيتاننى قاچۇرغىلى بولىدۇ. مال ـ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، لېكىن نەپس بالاسىدىن ئۆلگۈچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىلىملىك دانالار شۇڭا: جان ـ تەن بالاسى مېنى ھەممە موھتاجلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. ئۇ بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزىدە يىغلاتتى. ئۇنىڭ كويىدا دۇنيانى كېزىپ بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرمەكتىمەن، دېگەن. ئارزۇ ـ تىلەك دېگەن مەڭگۈ قانمايدىغان ئايىغى چىقماس يول، بىر ئارزۇيۇڭ قانسا، يەنە بىرى تۇغۇلىدۇ، يەنە بىرىگە ئېرىشكەندە ئۇ ياۋۇز بەگ بولۇپ، ئۆشنەڭگە مىنىپ سېنى قول قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ نەپس بالاسىنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بېسىپ بەرمىسە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. تەن تەقەززاسى شۇنداق رەھىمسىز، ھىيلىگەركى، ئۇنى سېمىز تۇتقانسېرى مۈڭگۈزى چىقىدۇ. كۆرمەمسەن، توسۇن ئات سەمىرىپ كەتسە، قوتراپ ئىگىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئوۋ ئىتىمۇ سەمىرگەنسېرى ئىگىسىنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇيدۇ، قورسىقى تويسىلا ئىگىسىنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ئوۋغا يۈگۈرمەس بولىدۇ. كىچىك بالىنى ئالساق، قورسىقى تويسىلا ئىشقا يارىماي، ئويۇنغا يۈگۈرەيدۇ. شۇڭا، نەپسىنىڭ رايىغا باقماسلىق لازىمدۇر، بولمىسا بەدەن ھۇرۇنلىشىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ مۇساپىسى پەقەت ئۈچ كۈنلۈكلا. بىرى، ئۆتكەن كۈنۈڭ — بىرقانچە كىچىلىك شىرىن چۈش، يەنە بىرى، بۈگۈنكى كۈنۈڭ، بۇ كۈنۈڭ ئەتىكى كۈنۈڭگە يېتەلەرمۇ؟ ئوچۇق ئېيتايكى، ئۈنىڭدىن نېرىقى ھاياتنى ھەرگىز تىرىكلىك ھېسابلىما.

يەنە ساڭا كىشىلەرنىڭ تېۋىندۇرغان گالىنىڭ لەززىتى توغرىسىدا ئازراق گەپ قىلاي، بىلىسەن، گالىنىڭ غېمى ۋە لەززىتى قورساقنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە پايدا كۆتكۈلۈك؟ شۇڭا، قورساق تويدۇرۇشتا ئارپا بىلەن ھالۋا ئوخشاش، بەرىبىر ھەممىسى ئاشقازاننى تولدۇرىدۇ، ئېشىپ قالغاندا، كىرىدىغان يەر تاپالماي قالغاندا قانداق قىلىسەن. ھالۋا يەپ يات ياكى ئارپا بىلەن ئۇماچ ئىچ، ئەتىسى ئوخشاشلا قورسىقىڭ ئېچىپ قوپىدۇ. قارنى ـ كۆكسى مال ـ دۇنياغا توق بىر كەمبەغەل تەقۋادار شۇنداق دېگەن: سەن شېرىن ـ شېكەر نېمەتلەرنى يەپ ياتىسەڭ، مەن كېپەك ـ تېرىق يەپ قانائەت قىلىپ ياتىمەن. ئىككىمىزنىڭ كۈنلىرىنىڭ سائىتى ئوخشاشلا ئۆتۈۋەردى.

ھېرىسمەنلىك بىلەن مال ـ دۇنيا توپلىغان ئادەم ئۆلۈمنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇشى لازىم. ھەرقانچە دۇنيا توپلىساڭمۇ ئاخىرى ئىككى بۆزدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسەن. ئادەم ئۆلۈپ گۆرگە بارغاندا، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش. ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ئالەم ئۈچۈن ئۆزۈڭنى نېمانچە قىينايسەن؟ سەن دۇنياغا ھېرىسمەن، ئۆلۈم بولسا سېنى تۇتۇشقا، ئۆلۈڭنى قىزىشقا ھېرىسمەن. ھەممە ئادەم شەكسىز ئۆلىدۇ، بىراق قايسى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئادەم دېگەن بالا چېغىدا ساقال چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، تاڭ ئاتسا چۈش بولۇشىنى كۈتىدۇ. ساقال چىققاندا ئاقىرىشىنى كۈتىدۇ، خۇددى چۈش بولسا كەچ

www.uyghurkitap.com

بولۇشىنى كۈتكەندەك. بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، ساقالىنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۆلۈمگە ھەرقانداق ئوقيا ۋە ياراغنىڭ ئارا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. قاراپ كۆرسەڭ بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى بىردە شورلۇق سۇغا ئوخشاش ھەرقانچە ئىچسەڭمۇ لېۋىڭ نەم بولمايدۇ، بىردە سەراپتەك كۆز ئالدىڭدا پىلدىرلايدۇ، ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشساڭ شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئىنساننىڭ ھېرىسلىق كۆزى ھەرقانچە دەريا كىرسىمۇ تولمايدىغان قۇملۇققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىگە بوي بەرمەسلىكنىڭ بىرلا يولى تەننىڭ ھېرىسمەنلىكىنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر. شۇڭا، تەن مۈلكۈڭگە ئورۇن بەرمە ھەم بويۇن ئەگمە. ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىلانماستۇر. قالغان ئۆمرۈڭنىڭ مۇساپىسى قانچىلىك ئۇمۇ نامەلۇم، غەنىيمەت كۈنلىرىڭنى زايە قىلما. بۇ دۇنيانىڭ خۇي ـ پەيلىگە سەپسالسا يەپ تويمايدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى بىقىپ سەمرىتىدۇ. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ جۇدىتىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىسا، ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بۇ دۇنياغا يارىلىپ، يەر يۈزىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە نى ـ نى ئادەملەر ۋە بەگلەرنىڭ بەگلىرى بۇ دۇنياغا كېلىپ كېتىشتى. تۇغۇلغاننىڭ بىرى ئالىم بولۇشتى، بەزىلىرى جەسۇر قەھرىمان، بەزىلىرى تىك قىيادەك مەغرۇرلۇق بىلەن كېتىشتى. بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى دانا، بەزىلىرى تەلۋە ـ ئەخمەق، بەزىلىرى ھۆرۈن كېلىشتى ـ كېتىشتى. يەنە قانچىلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە كامىل ئۇستازلار تۇغۇلدى. ئۇلار تەڭرى ئەمرى بىلەن ئىنسانلارغا يول باشلاپ كېتىشتى. بەزىلىرى ئۇزۇنراق ياشاپ كەتتى، بەزىلىرى قىسقىلا ياشاپ كۆچۈشتى. بىرى چوڭ سۆزلىرى بىلەن باش

كۆتۈردى، يەنە بىرى يارانقۇچى ھەققە قارشى يايىنى قۇرۇپ، دۇشمەنلىك ئوقى ئاتتى. بۇ زېمىنغا قانچىلىغان ياخشى، دانىشمەن ئالىملار قەدەم باستى. ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلارغىمۇ ئەبەدىيلىك ھايات نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن قارىساق، ئۇلار خۇددى بۇ دۇنياغا تۇغۇلمىغاندەك قارا يەر قېتىدا توپىغا يۇغۇرۇلۇپ ياتماقتا. بۇ جاھانغا تۆرەلگەن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا يەر ئاشۇنداق يۇتۇۋەتتى. ئۇلار مانا ھەشەمەتلىك ئوردا ـ سارايلارنى تاشلاپ قارا يەرنى قۇچاقلاپ، قىيامەتنى كۈتۈپ، بەخىرامان ياتماقتا. ئۇلاردىن ھېچقانداق تىۋىشمۇ يوق، نەپەسلىنىۋاتامدۇ، ئۇخلاۋاتامدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى يېمەك ـ ئىچمەككىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى موھتاجلىقتا باشقىلارنىڭ دۇئاسىغا تەلمۈرىدۇ. ئۆكۈنۈش بىلەن ئىنجىقلىشىپ، مىڭ ئارزۇ ـ ئارماندا ياخشىلىقنى كۈتۈشۈپ ياتماقتا. بۈگۈن تەڭرى بىزگە بۇ كۈنلەرنى نېسىپ قىلدى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش يارىمايدۇ. خۇدا بىزگە ياخشىلىقلار ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن.

ھەي ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە گول بولۇپ غاپىل يۈرگۈچى، ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىسەن، لېكىن ئۇ چاغدا ھېچنېمە كار قىلمايدۇ. كۆزى ئاچ كىشىنىڭ كۆزى مەڭگۈ مال ـ دۇنياغا تويمايدۇ. ئەجىلى تولغاندا مال ـ دۇنياسى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ئەي كۈلكىگە مەست بولغۇچى، يىغىغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغىن!

ئەي دوستۇم، سەگەك ياشا، سەگەك! غەپلەتتە ياشىغۇچىلار زىيانغا، مەھرۇملۇققا يولۇققۇچىلاردۇر. بىخۇدلار ھەر ئىككى دۇنيادا نادامەت چەككۈچىلەردۇر. دۇنيا سېنى بەزلەپ ئەللەيلەپ قويمىسۇن، بىخۇد بولما، بىخۇدلۇق سېنى بار يوقۇڭدىن جۇدا قىلمىسۇن، بىخۇدلۇق دېگەن ئۇيقۇغا

ئوخشايدۇ، ئۇيقۇلۇق ئادەم ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، بۇ غەپلەتلىك كېچەڭدىن ئويغان، بولمىسا غەپلەت كېچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سېنى يامان چۈشلەرنىڭ قوينىغا تاشلايدۇ. ئەگەر ئادەم غەپلەتتىن قۇتۇلالمىغاندا ئىدى، پەرىشتىگە ئايلانغان بولاتتى. بىلگىنىكى، خۇشاللىق بىلەن ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپانىڭ ھەممىسى غەپلەتتۇر. بۇ غەپلەت كىشىنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاك قىلىش بولىدۇ. ئەي غەپلەتتە ئۇخلىغۇچى، ئويغان. يا رەببىم، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن.

## بەختنىڭ بېغى ئۆز قولۇڭدا

ئەي بەخت قۇشى بېشىغا قونغان ئوغۇل، ئۆتكۈنچى بەختتىن مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن، بەخت دېگەنمۇ ئاقار سۇغا، گۈزەل سۆزگە ئوخشاش تىنماي جاھان كېزىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يوق، ۋاپاسىمۇ يوق، ئايىغى تايغان، ئىشەنچىسىز، قايتىشىدا ئۇچۇشىمۇ تېز. شۇڭا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈچى بەختكە گول بولغۇلۇق ئەمەس. بەخت ـ دۆلەت بىر كېلىپ قايتا قايتىپ كەتمەيدىغان ئىش بولىدىغان بولسا، بۇ يورۇق كۈنىمۇ قاراڭغۇلۇققا پاتماس ئىدىغۇ. بۇ ھەقتە ئاقىللار: بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ يەنە كېتىدۇ، رىزىق بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ يەنە تارتىۋالىدۇ. شۇڭا، بەختكە ئېرىشكۈچى ئۆزىنى بەك چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ئەسكى ئىشلاردىن بىراق تۇختىشى، دۇرۇس پاكىز بولۇشى لازىم. مىجەز ـ خۇلقى مۇلايىم، ئۆزى كەمتەر، يۇمشاق سۆزلۈك بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆزىنى ئوبدان كۆتۈرۈلۈپ يۈرەلىسە، ھەددىدىن ئاشمىسا، يامان ئىشلارغا يېقىن بارمىسا بولىدۇ. مال، دۇنياسىنى بۇزۇپ چاچماسلىقى، ئۆزىدىن ئۇلۇغلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە چۆچەك سۆز قىلىشى، كىبىر بىلەن

باشقىلارنى رەنجىتمەسلىكى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى مازاق ۋە بوزەك قىلماسلىقى، هاراق ـ شارابقا هەرگىز بېشىنى تىقماسلىقى، هەددىدىن ئارتۇق ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلمەسلىكى لازىمدۇر. شۇندىلا تۇراقسىز بەختىكە كىشەن سالالايدۇ ۋە ئۇنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرالايدۇ.

بەخت دېگەن ئەزەلدىن كۆچمەننىڭ ئىتىدەك بىر ئىزدا توختىمايدىغان نەرسە، ئۇنىڭ يىلتىزىنى پەقەت كىچىك پېئىللىق بىلەن چىڭىتقىلى بولىدۇ. كەمتەر مۇلايىم ئادەم نېمە دېگەن چىرايلىق، ئىشلىرى نېمانچە تۈزۈك، تەكەببۇر ئادەمنىڭ تېتىقسىزلىقى ئۆزىنى قانچىلىك پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، هە! بەخت دېگەن ئەقىللىق ئادەمگە تولىمۇ يارىشىدىكەن. ئاقىللار ئېيتقان، بەخت كەلسە نادانغىمۇ يارىشىدۇ، بىلىملىك ئادەمگە تېخىمۇ بەك يارىشىدۇ، بىلىمسىز دۆلەت بىلەن بەختكە ئېرىشەلىگەن يەردە، بىلىملىك ئادەمگە بەخت ـ دۆلەت كەلسە نام ـ شۆھرىتى تېخىمۇ زورايمامدۇ؟ بىلىمسىز، نادان ئادەمگە دۆلەت ۋە ئامەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ دۆلەت هەرگىزمۇ ئۇزۇن يۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بولۇمسىز ئادەم ئۆزىگە كەلگەن بەختنى يېنىدا بىر كۈنمۇ تورغۇزالمايدۇ. ئىلى بېگى بۇ سۆزنىڭ ئۇلىنى مۇنداق سالغان: دۆلەت ۋە بەخت بىلىمسىزلەرگە كېلىدىغان بولسا خەلق بۇزۇلۇپ، ئەلگە ئاپەت ياغىدۇ. بەخت ـ دۆلەت ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەرگە نېسىپ بولسا، ئەل راهەت ـ پاراغەت تاپىدۇ. چۈنكى، پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشى نەمۇنە، نادانلارنىڭ ئىشى بېمەنىدۇر.

هەي ئوغۇل، بىلىملىك كىشىلەر مۇنداق يەتتە ئىشتىن هەزەر قىلىشقا ئاگاهلاندۇرۇلغان: بىرىنچى، ئالدىراقسانلىق، ئىككىنچى، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ۋە يالغانچىلىق، ئۈچىنچى، ئاچ كۆزلۈك، تۆتىنچى، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق، بەشىنچى، جاهىللىق، ئالتىنچى، تىلى يامان ۋە غەزەپلىك

www.uyghurkitap.com

بولۇش، يەتتىنچى، مەيخورلۇق. بۇ بىرقانچە ئادەت بىر ئادەمدە جۇغلانسا ئۇنداق ئادەمدىن مۇقەددەس بەخت مەڭگۈلۈك تىزىپ يىراقلىشىدۇ، پەلەكمۇ ئۇنىڭغا باقماي بېشىنى تەتۈر ئۆرۈيدۇ.

يۇقىرىقى يەتتە ئىش ھەم ئەقىلنىڭ دۈشمىنى ھەم بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاپىتىدۇر. مەن ساڭا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرەي.

ئالدىراقسانلىق ۋە غەزەپلىك ھالدا ئىش بېجىرىشنى ئەڭ ياۋۇز قىلىق دەپ بىلگۈلۈك. بۇ يامان ئادەت سەندە بولىدىكەن، مەڭزىڭنى زەپىران قىلىدۇ. ئالدىراقسان، تەتەك كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ. غەزەپ بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بىلگىنكى، ئالدىراش قىلغان ئىش چالا قالىدۇ. ئالدىراپ يېگەن ئاشمۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا تەمكىن بولۇش، تائەت ـ ئىبادەتكىلا ئالدىراپ يۈگۈرۈش لازىم. ھەي ئاقىل كىشى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك بولساڭ ئاچچىق ۋە غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراق تۇت. ئۇنىڭغا يېقىن كەلسەڭ خېيىمخەتەر تېغىغا يولۇققانسەن. غەزەپتە قىلىنغان ئىشنىڭ ئاخىرى پۇشايماندىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. قىزىققانلىق ئەقىلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئېغىر ـ بېسىقلىقنى، تەمكىنلىكنى ئادەت قىلىش لازىمدۇر. تەمكىنلىكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەتراپىڭنى ئوبدان كۆزىتەلەيسەن. ئەقىل ـ ئىدرىكىڭ جايىدا بولسا ئاندىن ياخشىلارنى تاللىيالايسەن، يارامىلىق ـ يارامسىزلارنى، كېرەكلىك ـ كېرەكسىزلەرنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيسەن، كۆزۈڭ ئۆتكۈر بولىدۇ، ئىشلىرىڭ پۇختا بولىدۇ. قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ سەن ئۈچۈن دۈشمەن، ئۇ سېنى پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلايدۇ، ئەقلىڭدىن ئازدۇرىدۇ، پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. كۆزۈڭنى خىرەلەشتۈرىدۇ. ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ غەزەپلەنگەندە قوپاللىشىپ كېتىدۇ.

ياتـ قىلىقىنىڭ يەنە بىرى مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتۇر. بۇ يامان قىلىق كىشىنى توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچىدۇر. كىچىك پېئىللىق بىلەن بەگلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بەگلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. خەلقنىڭ تاللانغان ياخشى بەگلىرى شۇنداق دېگەن: كىچىك پېئىل بولغانلىق بىلەن ئىش بۇزۇلمايدۇ. تەكەببۇرلۇق كىشىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ.

ئادەم ئۇچۇن ھەممىدىن يامىنى ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە يالغانچى ئاتىلىپ قېلىشتۇر. يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز كېلىدۇ. ۋاپاسىز ئادەم ئېبلى ئۇچۇن ئاپەت ياغدۇرىدۇ. ۋاپا ئەھلى شۇڭا: ۋاپا كىشى ئۇچۇن ئادىمىيلىكنىڭ بېشىدۇر. سۆزى يالغاننىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى جاپادۇر، جاپاكار ئىنسان ئادىمىي ھايۋاندۇر. يالغانچىلاردىن ۋاپا كۈتمە، بۇ ئۇزۇن يىللاردا سىنالغان سۆزدۇر، دېگەن.

ھاياتنىڭ تۈزىقى، دۆلەتنىڭ زاۋاللىقى يۈز تۇتمىقى ئادەمنىڭ بىخۇدلۇقى ۋە مەيخورلۇقىدىندۇر. دۇنيا بەگلىرى مەيگە بېرىلىپ كەتسە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھالى ئېغىرلىشىدۇ، دەرد - ھەسرىتى تېخىمۇ ئاچچىقلىشىدۇ. دانالار نادان مەيخورلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ھەي گالنىڭ قۇلى ھاراقكەش، ھاراق ئىچمە، ھاراق ساڭا نادامەت يولىنى ئاچىدۇ. ئاۋام مەيخور بولسا مال - دۇنياسى شامالغا سورۇلىدۇ، بەگ مەيخور بولسا دۆلىتى ۋەيران بولىدۇ، دېگەن. مەي ۋە مەي سانقۇچى دۇشمەندۇركى، ئۇ كۈمۈشۈڭنى ئېلىپ، ساڭا ئۇرۇش - جېدەلنى ساتىدۇ. ئادەم مەست بولسا دۆت ۋە تەلۋە بولىدۇ. تەلۋە، دۆتلەرنىڭ ئىشلىرى قاچان تۈز بولغان؟ ساپ دىل كىشىلەرنىڭ مۇنۇ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالغۇلۇق: ھەي گالنىڭ قۇلى، — دەيدۇ ئۇلار، — قىلىشقا تېگىشلىك نى -

نى ئىشلار مەينىڭ كاساپىتىدىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەستلىكتە بولمىغۇر ئىشلار قىلىنماي قالمايدۇ. خان ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ مەي ئىچسە، دۆلەت ئىشلىرىنى ئويلاشقا قانداقمۇ ۋاقتى يەتسۇن؟

مەي بار يەردە پىتنە ـ پاسات بولىدۇ. قەيەردە پىتنە ـ پاسات باش كۆتۈرسە، شۇ يەردىن بەخت كۆتۈرۈلىدۇ. ھەقىقەتەن پىتنە ـ پاسات بەگلىكنى خاراب قىلغۇچىدۇر. بەخت، ئامەتنىڭ تەبىئىتى پاكتۇر، شۇڭا ئۇ پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاساسى ھالالدۇر، ئۇ ھالالنى يۆلەيدۇ. بەگ مەيخور، قوپال ۋە پاسىق بولىدىكەن، خەلقمۇ مەيخورلۇق يولىغا كىرىدۇ. ئەسلىدە ئاۋامنىڭ يارامسىزلىقلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ، بەگ يارامسىز بولسا ئۇنى كىم تۈزەيدۇ؟ مىسالى، ئېرىغسىزنى ئادەم سۇ بىلەن ئېرىغدايدۇ، ئەگەر سۇ ئېرىغسىز بولسا نېمە بىلەن ئېرىغدىغۇلۇق؟ ئادەم كېسەللىك تارتسا دورىنى تېۋىپ بېرىدۇ، ئەگەر تېۋىپ ئۆزى ئاغرىپ قالسا كىم داۋالايدۇ؟

ئادەمنى ناپاك ئىشلاردىن توسقۇچى پەزىلەت شاھى ھايادۇر. ھايا بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى، بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىدۇر. ھايالىق كىشىنىڭ ئىشلىرى پۇختا بولىدۇ، بۇزۇلمايدۇ. ھايالىق كىشىنىڭ قىلىقلىرى يېقىملىق بولىدۇ. ئۇلار ناچار ئىشلاردىن نېرى بولىدۇ. خۇدا كىمگە نومۇس، ھايا ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە چوڭ ئىناۋەت بەرگەن بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى ھايالىق ئادەمدۇر. ھايالىق ئادەم ھەممە كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر. ھايالىق كىشىگە ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇرسا بولىدۇ! ئادەم قاباھەت ئىشىكىنى ھايا بىلەن ئېتىدۇ. ھاياسىز كىشى ئادەمنىڭ ئەسكىسى ھەم پەسكەشىدۇر. ھاياسىزنىڭ ئېغىزىدىن چىرايلىق سۆز چىقمايدۇ. شۇڭا ھايالىق كىشىلەر بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر،

ھاياسىزنىڭ كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق بولىدۇ، ھاياسىزنىڭ يۈزىگە سەپ سالساڭ ئەتىسىز بىر سۆڭەكتۇر، كۆزىگە قارىساڭ ئىتىلمەس تۆشۈكتۇر دىگەن. ھايالىق ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق، كۆزى نۇرلۇق بولىدۇ. ئادەمنىڭ تاشقى كۆركى ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھەمراھ، ھۆسنى ــ جامالى ئىش ــ ھەرىكىتىگە گۇۋاھ. شۇڭا تىشىنى كۆرۈپ، ئىچىنى پەرەز قىل، ئىچى تىشىدەك، تىشى ئىچىدەك بولىدۇ. بۇ سەمىمىي نەسىھەتلىرىمنى ئىسىڭدە تۇتقىن. كىمنىڭ پەزىلىتى بولسا نامى يورۇيدۇ. پەزىلەتسىز ئادەم نام ــ نىشانىسىز قىرىيدۇ. كىشى ــ كىشىدىن پەزىلىتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پەزىلىتى زىيادە ئادەم كۈنسىرى ئۆرلەپ ئۆچىدۇ. پەزىلەتلىك ئادەم ئەگەر قولىنى سۇنسا بۈيۈك تاشمۇ بويۇن ئىگىپ، بىشىنى يەرگە قويىدۇ. بۇ سۆزلەرنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئەقلى كەمتۈك.

ئەي يىگىت، كۆڭۈل ۋە كۆزۈڭگە ھىزى بول، ۋۇجۇت يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقىدۇ. ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئىغىر يۈك يۈتىدۇ. كۆڭۈلدىن مەھرۇم كىشى بۇ ياقلىق ھەيكەلدۇركى، ئۇ ئالىملىق نامىغىمۇ يۈيىدۇ.

ئاللا كىمگە ياخشى خۇلۇق بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەل قوشۇلسا، بۇ دۇنيا بارلىق نىمەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. خالىسا ئۆزى يەيدۇ، خالىسا باشقىلارغا ئۈلەشتۈرىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشىدە ياخشى قىلىق، توغرا ھەرىكەت بولغان بولسا، بۇ ئاللارنىڭ ئۇ بەندىسىگە بەرگەن ئەڭ چوڭ بەخت ــ سائادىتىدۇر.

سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاپەتنىڭ بىرى ئاچ كۆزلۈك بالاسىدۇر. ئاچ كۆز ئادەم مەڭگۈ باي بولالمايدۇ ھەم بەختلىك بولالمايدۇ. كۆزى توق كىشى نامرات بولسىمۇ بايدۇر، ئاچ كۆز ئادەم تەماخور گادايدۇر. تەماخور شۇڭا دىۋانە ئاتالغاندۇر. قانائەتچان، چىدامىلىق ئادەم ھەرقانداق ئىشنى چوتقا

www.uyghurkitap.com

چىقىرالايدۇ، بايلارنىڭ سەردارى ئاتالغان كۆزى توق كىشىلەر دېگەنكى، كىمى كۆز ئاچلىقى ئەجىر قىلغان بولسا ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىمۇ باي قىلالمايدۇ. تەمەخورلۇق كىمنى قول قىلغان بولسا، ئۆلۈم تۇتمىغۇچە بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، تولۇق شەۋكەتلىك باي بولاي دېسەڭ، كۆڭۈل بايلىقىنى ئىزدىگىن. كۆزى توق كىشى قول بولسىمۇ ئۇ بەگدۇر، ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر. قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا ئۇ گادايدۇر، قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا ئۇ بەگدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى بايدۇر. شۇڭا بىر ئاقىل: «ھېرىسلىق يۈزىدىن كۆزۈمنى يۇمغاندىن كېيىن بارلىق ئارزۇلىرىمغا يەتتىم» دېگەن.

بەختلىك كىشىنىڭ يەنە بىر بەلگىسىمۇ بار. ئۇنىڭ ياخشىلىقى كۈنسېرى كۆپىيىدۇ، بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسى شۇكى، قېرىغانسېرى قىلىقى بۇزۇلۇپ كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ. شۇڭا دانالار ئېيتقانكى، بەختلىك ئادەم قانچە يۈكسەلگەنسېرى يامانلىقنى تاشلاپ، ياخشىلىق يولىنى تاپقۇچىدۇر، بەختسىز ئادەم قېرىغانسېرى بۇزۇلۇپ ھەۋەسكە ئۆزىنى ئاتقۇچىدۇر. ئادەم ئۈچۈن ئالتۇن ــ كۈمۈش تولىمۇ قەدىرلىك، ئادەمنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈش ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالىشى ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرلىكتۇر. ئۆزىنى مال ــ دۇنيا قاپقىنىدىن ئامان ساقلىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي چىن بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئادەم بالىسى نېمە دېگەن بىچارە ھە! ئۆمۈر بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ. بەزىلەر تىنماي جاھان كېزىدۇ، بەزىلەر جېنىنى پىدا قىلىپ دېڭىز ئاستىغا كىرىدۇ، بەزىلەر تاغ قېزىپ، قىيالار تۈۋىگە بارىدۇ. يەنە بەزىلەر يەر غۇلاچلاپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈرەيدۇ، بەزىلەر دەريا كېچىپ داۋانلار ئاشىدۇ، بەزىلەر سۇ دەپ قۇدۇق قازىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇرۇشتا قىلىچ، پالتا يەيدۇ، بەزىلەر قەلئە ساقلاپ قېرىپ كېتىدۇ. يەنە

بىرى مەككارلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن جان باقىدۇ. ئۇلار شۇ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنىڭ ۋەسۋەسىسىدە شۇنچە زەخمەتلەرنى چېكىپ مال - دۇنيا توپلايدۇيۇ، ئۆزى يېمەي، ئۆزىنى بەختسىزلىككە سالىدۇ، ئۆلىدىغان ۋاقتىدا ئاندىن پۇشايمان يەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. بىلىمسىز ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاشتۇر. خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشى بولىدىغان بولسا، شۇنچە جەبىر - جاپادا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى ئوبدان يەپ ئىچىدۇ. شۇڭا ئاقىل كىشىلەر: خاھى سەن دۇنيا دەپ كېچە - كۈندۈز چاپ، خاھى ئۇخلاپ يات، قىسمىتىڭ نېمە بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىسەن، دەپ توغرا ئېيتىشقان ھە! دانا بولساڭ تىلىڭ ۋە دىلىڭنى دۇرۇس تۇتقىن، يېمەك - ئىچمىكىڭ ھەرگىز ئۈكسۈپ قالمايدۇ، دۇنيا نېمەتلىرىگە توغرىلىق بىلەن يېتەلەيسەن. باقى دۇنياغىمۇ توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن. شۇڭا، دۇنيا بايلىقىغا ئېرىشمەك بولساڭ دۇرۇس بول، توغرا سۆز قىل، تىلىڭ ۋە دىلىڭ دۇرۇس بولسا، ئۇ دۇنيامۇ سېنىڭ. توغرا ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتىدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆتىدۇ - ھە! شۇڭا ئىشلىرىڭنى توغرىلىق بالاغىتى بىلەن قىلغىن، ئىشلىرىڭغا ئادىمىيلىك ئۇلىنى سالغىن. خۇدانىڭ پەزلى بىلەن يۈكسەلگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى كۈنسېرى روناق تاپىدۇ، ئاللا ئۆزى ئاتا قىلغاننى خەلق بىرلىشىپمۇ، ئاسمان ۋە زېمىن ئۆچەكىشىپمۇ تارتىپ ئالالمايدۇ.

ئىنسان ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەختىنى تىلىمەك بولىدىكەن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى لازىمدۇر. ئادەم مەڭگۈلۈك ئەمەس، ياخشى نام مەڭگۈلۈك بولىدۇ. دېمەك، سەن مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئېتىڭ مەڭگۈلۈكتۇر. ئېتىڭ مەڭگۈلۈك بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈكسەن.

# نادانلىق ئېتىقادنىڭ دۈشمىنى

ئەي ھاياتلىقنىڭ پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان زاھىت، گەرچە بۇ دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرى سەن ئېيتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن ھاياتلىق پۇرسىتى ۋە يولىنى ئۆزۈڭگە تار ۋە ئاچچىق قىلغۇلۇق ئەمەس. گۇناھكار بەندىلىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئازابىمۇ بار، رەھمىتىمۇ ئاز ئەمەس، شۇڭا بۇ كەڭ جاھاننى زورمۇزور ئۆزۈڭگە تار قىلما. قاتتىق ئازابتىن قورققۇلۇق ھەم بەندىلىكنى ئادا قىلىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىنى كۈتكۈلۈك. ئويلاپ باققىن، جاھان خەلقىنىڭ ھەممىسى شەھەر ـ كەنتنى تاشلاپ، بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈپ تاغقا چىقىۋالسا، جاھان قانۇنى بۇزۇلۇپ، ھەممە نەرسە قۇرۇپ، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى ئۈزۈلمەمدۇ؟ ئاللا ھەممە بەندىلىرى ئۈچۈن ئىككى ئۆي ياراتتى، بىرىنىڭ نامى جەننەت، يەنە بىرىنىڭ نامى دوزاخ. مىدىرلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق دۇنياسى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ چاپىسىمۇ، ھەتتا تائەتنى تاشلاپ، مال ـ دۇنيا توپلاپ دوزاخ يولىنى تۇتسىمۇ، يەنىلا تەڭرىنىڭ جەننىتى قۇرۇپ قالمايدۇ، بۇنى چۈشەن، ئاللا بەندىلىرىگە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق ئاتا قىلدى، بىرىنى بۇ دۇنياغا باقسۇن، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنياغا دەپ. ئىككى قولنىڭ بىرىنى بۇ دۇنياغا، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنياغا سۇنسۇن دېدى. يۈرۈش ئۈچۈن ئىككى پۇت ئىرادە قىلىپ، بىرىنى باقىي دۇنيا، يەنە بىرىنى پانىي دۇنيا ئۈچۈن باسقىن دېدى. سىخىيلىقتا نامى مەشھۇر بولغان بىر دانىشمەن: ئەي ئەقىللىق بەندە، ئويغاق ياشا، گۇناھتىن ھوشيار بول، بالا كەلمىسۇن، ئاللا ئىككى دۇنيانى ياراتتى، بىرىنىڭ مەئىشىتىگە ئېرىشكەن بولساڭ، قولۇڭنى ئۈزۈن سوزۇپ يەنە بىرىنىمۇ قولغا كەلتۈر، دېگەن. خۇدا ئىنسان بالىسىنى ئادىمىلىك نامى

بىلەن قورسىقى ئاچقىدىغان ۋە تويىدىغان قىلىپ ياراتتى. تىرىكلىك ئۈچۈن ئۇچىغا كىيىم، قورساققا يېمەكلىك لازىم، بۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ. قېرىنداشىم، ھالالدىن بايلىققا ئىگە بولساڭ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بول، يوقسۇللارغىمۇ ئۈلەشتۈرۈپ بەر. ھەر دائىم ئاللانىڭ ئەدلىدىن قورقۇپ تۇر ھەم ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد ئۈزمە. بەندىلىك دېگەن مانا شۇ ئىككى ئارىدا بولىدۇ، شۇڭا بۇ يولدىن ئاداشما. بىر بىلىملىك كىشى نادانلارغا نەسىھەت قىلىپ: ئۈمىد بىلەن ۋەھىمە ئىنسانغا ئىككى قاناتتەك، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يول تۇتقان كىشى كۆككە يول ئالالايدۇ، دېگەن. بەندىلىك بىلەن ئاللانىڭ يارلىقىنى ئورۇنداپ جەننەتكە ئۈچۈپ چىقىپ ھۆزۈرىنى كۆرگىن. ئادەم گۇناھىم كۆپ دەپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، تائەت ـ ئىبادىتىگە تەمەننا قويۇپ ئەمەلدىن باش تارتماسلىقى لازىم. ياخشى ئەمەللەرنى قىل، ياخشى ئەمەل بەندىلىكنىڭ قەرزى. خۇدانىڭ ئەمرىنى ئەزىز، ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇشۇڭ لازىمدۇر، بۇ ئارقىلىق ئەزىزلىككە ئېرىشىسەن. ئۆزۈڭنى گۇناھقا باي، تائەتكە گاداي ھېسابلا. گەرچە سەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى بىلەن سۆزى تۈزۈك دەپ ماختالساڭمۇ، كىشىلەر ئالدىدا ئەڭ ئەسكىسى مەن دەپ، ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قوي.

ئىبادەتنى كامالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپلەپ بىلىم ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈشەنسەڭ بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىككى تۈرلۈك ئادەم ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ: بىرى، ئۆگەنگۈچى، يەنە بىرى، ئۆگەتكۈچى. بۇنىڭدىن باشقىسىنى ھايۋان سانىساڭ بولىدۇ، قايسىسىغا تۇرساڭ ئىختىيارىڭ. قېنى ماڭا ئېيت، سەن قايسىسىغا تۇرىسەن، مەيلى قايسىسىغا تۇرساڭ تۇر، ئۈچىنچىسىدىن يىراق بول. زور مۇشەققەت بىلەن ئىلىم

تەھسىل قىلغان بولساڭ، ئەمدى ئۇنى ئەجىر بىلەن جايىدا ئىشلەتكىن. ئەگەر ئىلىمدە كەم تەرەپلىرىڭ بولسا، ئاۋۋال بىلىمىڭنى تولۇقلاپ، ئاندىن ئىبادەتكە قەدەم قويغىن. بىلىملىك، تائەتمەن ئۇستازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «ئاللانىڭ ئىبادىتىگە بىلىم بىلەن يارىغىن، بىلىم دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پېچەتلىۋېتەلەيدۇ.» بىلىپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى ئۈرە، بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتتىن ساۋاب كۈتمە. نادانلىقتا قىلغان ئىبادەتتىن كۆرە، بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۇخلىغىنى ئەۋزەل.

سەن 《زاھىت》 لىق نامىنى يۇدۇپ تاغقا چىقىپ، ئۆزۈڭنى تائەتكە غەرق قىلىپسەن. ئۇ يەردە قىلغان ئىبادىتىڭ بىلەن شەھەر - كەنتتە قىلغان ئىبادەتنىڭ يېرىم ساۋابىغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن. چۈنكى، بۇ يەردە ئىبادەت دېگەن بەكمۇ تولا. ئۇ يەردە قىلىدىغان تائىتىڭ ناماز ئوقۇماق بىلەن روزا تۇتماق تايىنلىق، ئۇنىڭدىن باشقا تائىتىڭ بولسا قېنى ماڭا ئىزھار قىلىپ باققىن. ئەگەر شۇنىڭغىلا تەمەننا قويۇپ ئۆتىدىكەنسەن، ئوشۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇنداق ئىبادەت پۈتۈنلەي بوشقا كېتىدۇ. توغرا، ئىبادەت دېگەننى قانچىلىك قىلساڭمۇ يەنە ئازلىق قىلىدۇ، لېكىن تائەتنى يوشۇرۇن تۇتۇپ قىلغان تېخىمۇ ياخشى. ئادەمنىڭ ياخشىلىرى تائەت - ئىبادەتنى ئەلدىن يوشۇرۇنچە قىلىدۇ.

ھەي مەرد ئوغلان، مەرد ئەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، يۈز يىل ئىبادەت قىلىپمۇ ئۇنى ئاز سانايدۇ. بۇ ياققا كەلگىن، بۇ يەردە قانچىلىك ئىبادەت قىلساڭ قىل، بۇ يەردە پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكى ساڭا ئوچۇق، بۇ يەردە تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار، ئەما، پالەچ، مەجرۇھلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، دىلىنى سۆيۈندۈرگىن. بىلسەڭ، پېقىرلەر ئۈچۈن جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان جۈمە

نامىزى ھەج قىلغان بىلەن باراۋەر. قولۇڭدىن كەلسە، ھالالدىن مال - دۇنيا تېپىپ، يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەر، ئەلنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ، قولىنى تۇتقىن، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تائەت ئەمەسمۇ؟ سەن بولساڭ شۇنچە ساۋابلىق ئىشلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ يالغۇز روزا - ناماز بىلەنلا ئۆتىسەن. روزا - نامازلىرىڭ پەقەت ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈندۇر. ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەمدە قەلب بولمايدۇ. مېھرىبان ياخشى كىشى شۇنداق دۇرۇس ئېيتقان ئىكەن: «ھەقىقىي ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىدۇ.» گۈزەل قەلبلىك ئادەم يامانلارغا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەرمىكى لازىمدۇر، ياشىغان ئىكەن، ئەلگە نەپ بەرمىكى لازىم. ئەلگە پايدىسىز ئادەمنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل. خەلققە ھەقىقىي كۆيۈمچان، يارامىلىق ئادەملەر كېرەك. ئادەم تائەتكىلا ئىشىنىپ يۈرىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەگەر سەن خودانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى كۆزلە. بىلسەڭ، ئاللا ھەرگىزمۇ بەندىسىنىڭ ئىبادىتىگە مۇھتاج ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ بەندىلىكىڭنى ئادا قىلىپ، ياخشى نامغا ئىگە بولۇشنى ئىزدىگىنىڭ تۈزۈك. تائەت - بەندىلىكنىڭ قەرزى. بۇ قەرزنى كۆڭۈل قويۇپ ئىبادەت قىلىپ، ئۆلۈڭنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئادا قىل. بىلىملىك ئاقىل كىشىلەر: «تائەت - ئىبادەت بىلەن بول، تائەتلىك كىشى ئەزىز، لېكىن تائەتتە بولىۋاتىمەن دەپ تەمەننا قويۇپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەن.

سەن مال - دۇنيانى ئەيىبلەۋاتىسەن. بۇ دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ياخشى ئاتاق قازىنىپ ياشاش يامان ئىش ئەمەس. ئاخىرەتلىكىڭنى ئىزدىمەك بولساڭ،

مۇرۇۋۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىشنىڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟! دۇنيا نېمەتلىرىنى يامان كۆرمە، يەپ ـ ئىچىپ يەنە خەلققە بەرسەڭ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ. سېخىيلارنىڭ كاتتىسى مۇنداق دېگەن: «مال ـ مۈلۈك جېمى ياخشىلىقنىڭ يول باشچىسى، ئۇ ھەم ھەر خىل كېسەلنىڭ تەمچىسى، مال ـ دۇنيالىق كىشى بىلىملىك، ئەقىللىق بولىدۇ، ھەر خىل خاسىيەتلىك ئىشلارغا قول ئۇزۇتالايدۇ. شۇنداق، مال ـ بىساتلىق ئادەم كۆك ئاسمانغا يول ئالماقچى بولسىمۇ، مال ـ بىساتى ئۇنىڭغا يۆلەك بولىدۇ. تىلىگىنىڭ ھەج قىلماق بولسۇن ۋە ياكى غازىلىق ئۈممىدىدە بول، كارغا يارايدىغىنى يەنىلا مال ـ دۇنيا. ئەگەر ئالغاننى قايتۇرغىدەك بىساتىڭ بولمىسا ھەرقانداق ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن قولۇڭ قىسقا بولۇپ قالىدۇ. قۇرۇق ئىبادەتكىلا ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. كىشى قۇرۇق ئىبادەتكىلا تىۋىنىپ يۈرسە ھەممە ساۋابلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.»

سۆزلىرىنىڭ قارىماققا ھەقىقەتتەك تۇرغىنىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەرلىك نامىم مەڭگۈلۈك بولسۇن دېگەن ئادەم ھايات چېغىدا ئەلگە نەپ يەتكۈزمىكى لازىمدۇر. ياخشىلىق دېگەن تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى. ئەل ئۈچۈن تىرىكلىكىڭنىڭ ھېچقانداق نىشانى كۆرۈنمىسە، ھاياتلىقىڭدىن قانداق نىشان بولسۇن؟ ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولۇشمۇ ياخشى ئىش. ئەۋلادى يوق دېسە بىر ئەر ئۈچۈن تولىمۇ سەت ئىش. بۇ توغرىدا كىشىلەر: «ئۆيلىنىش دېگەن ئەۋلادنى ـ ئەۋلادقا ئۇلاشنىڭ يولى. ئەر نەسىل ـ نەسەبسىز ئۆلسە، پۈتۈن ئەۋلادى قۇرۇيدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ نام ـ نىشانى قۇرۇق قالىدۇ. ئۆزىدىن ئەۋلاد قالدۇرالىغان كىشىنى ئۆلدى دېمەي، تىرىك ھېسابلىسا بولىدۇ.

ئەۋلادسىز ئادەم ئۆلەر ۋاقتىدا «ھەي كېيىنكىلەر، ئەۋلاد قالدۇرۇڭلار، دەپ ئۆكۈنىدۇ» دېگەن.

## ئائىلە بەختى ئۆزۈڭنىڭ قولىدا

— ھەي قېرىنداشىم، سەن ئەلگە بېرىپ چوقۇم ئۆيلىنىشىڭ كېرەك. خوتۇن ئېلىشتا كۆزۈڭنى يۇمۇۋالماي، ئەڭ سەرخىلىنى تاپقىن. ئالدىنقى شەرت تېگى - زاتى پاك، ياخشى، ئۇياتلىق، تەقۋادار، پاكىز بولسۇن. باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن، سەندىن باشقا ئەر يۈزىنى كۆرمىگەن، ئوبدان ئائىلىنىڭ قىزىنى ئال، ئۇنداق خوتۇن سېنىلا سۆيىدۇ، باشقىلارنى بىلمەيدۇ، ناشايان ئىشلارنى قىلمايدۇ. يەنە بىرى، خوتۇنۇڭنىڭ ئائىلىۋى ئورنى سېنىڭكىدىن تۆۋەنرەك بولسۇن، ھەرگىز ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلما، بولمىسا خوتۇنۇڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىسەن. تۇرمۇشقا پىشقان، تەجرىبىلىك كىشىلەر شۇڭا: خوتۇننىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋىنىنى، خۇلق - مىجەزى دۇرۇسىنى ئالساڭ كۈنلىرىڭ بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ، دېگەن. خوتۇن تاللىغاندا ھۆسن - جامالىنى قوغلاشماي، پەزىلەتلىك قىزنى ئىزدە، خوتۇنۇڭ ئېسىل پەزىلەتلىك بولسا سېنى روناق تاپتۇرىدۇ. مەرد بولساڭ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ خوتۇننى، تەقۋادارىنى ئال، بولمىسا خوتۇن ئالما. پەزىلىتى ياخشى، تەقۋادار بولسا ھەممە تەرەپتىن توشقان ھېسابلىنىدۇ. ھۆسن - جامال قوغلىشىپ خوتۇن ئېلىپ، قىزىل مەڭزىڭ زەپىراندەك سارغىيىپ قالمىسۇن.

كىم ئۆيلەنمەكچى بولسا مۇنۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرىگە قىزىقىدۇ: بەزىلىرى باي ئايالغا ئۆيلىنىشكە قىزىقىدۇ، يەنە بەزىلىرى گۈزەل خوتۇننى قوغلىشىدۇ. بەزىلىرى ئۇلۇغلۇق نامى بىلەن ماختىنىش ئۈچۈن ئېسىل نەسەبلىك ئاياللارغا ھەۋەس

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. بەزىلىرى تەقۋادار، پەزىلەتلىك ئاياللار ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئۆيلەنگۈچىلەرگە مېنىڭ تەۋسىيەم شۇكى، ھەي باي خوتۇنغا ھېرىسمەن ئوغۇل، ئاگاھ بولغىنكى، خوتۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغايسەن! ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تەمەننا قويۇپ، ساڭا تىلىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولىدۇ، سۆرىمىكىڭ تەس. ھەي گۈزەل جامالغا ھەۋەسمەن ئوغۇل، بەك گۈزەل خوتۇننى قوغلاشما، ئۇ سېنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە قويمىسۇن. چىرايلىق ئايالغا ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنى خۇدانىڭ پەزىلىتىلا قوغداپ قالمىسا، سەن قوغداپ بولالمايسەن. ھەي ئېسىل نەسەب، ئالىي ئۇرۇقنى ئىزدىگۈچى ئەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما، ئۇلار نەسەبىنى دەستەك قىلىپ، تىلىنى ئۇزارتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇل ئورنىدا بولۇپ قالما. ھەي نازۇك، تەقۋادار، پەزىلەتلىك خوتۇنغا كۆڭۈل باغلىغان ئوغۇل، ئۇنداق خوتۇنغا ئېرىشسەڭ يۇقىرىقى تۆت نەرسىگە تولۇق ئېرىشكەن بولىسەن. ئەگەر شۇنداق خوتۇنغا ئۇچراپ قالساڭ، ھەرگىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. باي بولاي دېسەڭمۇ ئۇنداق خوتۇن بىر بايلىق، ئۇ سېنى بېيىتىپ مەڭزىڭنى قىزىل قىلىدۇ، پەزىلىتى ياخشى بولسىلا گۈزەللىك دېگەن شۇ. ئاياللارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر، بىلىملىك كىشىلەرلا بۇنى ھېس قىلالايدۇ. پەزىلەتلىك خوتۇنغا ئۇچرىشالىساڭ ھەممە شەرتىڭ ھازىرلىنىدۇ، بۇنداق ئايالنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمىغىن.

— ھەي قەدىرلىكىم، ئۆيلەنگەن ئىكەنسەن، قىز ـ ئوغۇللۇق بولىسەن، — ئۇلارنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى تارتماي دېسەڭ، پەرزەنتلىرىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياخشى تەربىيىلە. ئىنىكئانا تۇرغۇزساڭ پاك ئايالنى تاپ، شۇندىلا پەرزەنتلىرىڭنىڭ پاك، ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايسەن.

ئۇلارغا ئەدەپ ـ قائىدە ۋە بىلىم ئۆگىتىپ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن دۇرۇس يول ئېچىپ بەر. ئوغلۇڭ چوڭ بولسا ئۆيلەپ قوي، قىزىڭ بويىغا يەتسە ئەرگە بېرىپ غېمىڭنى تۈگەت. ئوغلۇڭ بولسا تۇرلۇك ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگەت، ھۈنەر ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىق بولىدۇ. ئوغلۇڭنى بىكار تەلەت، ياۋا قىلىپ قويما، ئۇنداق بالا باشباشتاق، تەنتەك بولىدۇ. قىزىڭ بولسا ئۇنى ئۆيدە ئۇزۇن ساقلىما، بولمىسا ئاغرىماي تۇرۇپ پۇشايماندا ئۆلىسەن. خوتۇن خەقنى ھەرگىز سىرتقا چىقارماي ئۆيدە ساقلا، ئۇلارنىڭ ئىچى تېشىدەك بولمايدۇ. ئۆيۈڭگە يات ئەرلەر يولىمىسۇن، ئۇنىڭغا يات ئەرنىڭ كۆزى چۈشسە ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ. كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل تەقەززا قىلمايدۇ، كۆرگەن ئىكەنسەن كۆڭلۈڭ يۈگۈرىدۇ. كۆڭۈلنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۆزنى تىزگىنلەش كېرەك. دىققەت قىلغىن، ئەر ـ ئاياللىنى ھەمداستىخان قىلما، قوشۇپ قويدۇڭمۇ ھەممە تىرىشچانلىقىڭ بىكارغا كېتىدۇ. ئاياللىڭنى سىرتنىڭ ئىشىغا بۇيرۇما، دۇرۇسلۇق يولدىن تايىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن بىر گۆشتۇركى، ئۇنى ئوبدان ساقلاش لازىم، بولمىسا پۇراپ قالىدۇ ـ دە، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. خوتۇنۇڭ تەقۋادار بولسا ئۇنى قەدىرلە، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىر قىلىپ بەر، بىراق ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قىل، ئەر زاتى يېقىن يولىمىسۇن. سەمىڭدە بولسۇنكى، ئەزەلدىن ئاياللاردا ۋاپا يوق. ئۇلارنىڭ كۆزى نەگە باقسا كۆڭلى شۇ ياققا كېتىدۇ. ئايال كىشى جەبىر ـ ئەلەم سۈيى بىلەن ئۆستۈرۈلگەن دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئوغىدۇركى، ھەۋەس قىلغۇلۇق ئەمەس. قاراپ باقساڭ مەن ـ مەن دېگەن مىڭلىغان ئەرلەر خوتۇنلار سەۋەبىدىن يولدىن ئېزىپ يىلتىزى قۇرۇدى. قانچىلىغان ئابرۇيلۇق، بۈيۈك ئوغلانلار يەنە شۇ خوتۇنلار كاساپىتىدىن يەر بىلەن يەكسان بولدى. تۈمەنلىگەن مەشھۇر

uyghurkitap.com

مەرد پالۋانلارنى شۇ خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللا ئۆزى ئىنساپ بەرمىسە، بەندىنىڭ ئۇلارنى پاك ساقلىيالىشى ۋە تۇتۇپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

## ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان ۋەسىيىتى

ئوغلۇم، ئەمدى مەن كېتىمەن. ئورنۇم ۋە مال - مۈلكۈم ساڭا قالدى. سەن مېنىڭ كۆز نۇرۇم ئىدىڭ، سەندىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، ئېسەن بولغىن. بىر تۈرك ۋەزىرى مۇنداق دېگەن: ئوغۇل ـ قىزىڭنى كۆزۈڭنىڭ يورۇقى دەپ بىل، ئەمما ئوغۇل ـ قىزنىڭ غېمى تۇۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئۇ مەڭزىڭنى سارغايتىدۇ. ئوغۇل ـ قىزى ۋە خوتۇنى بار ئادەمنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولسۇن؟! ئاتا بولغۇچى باللىرى ئۈچۈن جاپا چېكىدىكەن، بىراق باللىرى ئاتىسىنىڭ نامىنى ئاتاپمۇ قويمايدىكەن. ئوغلۇم، سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، مەن سېنىڭ داداڭ، ھاياتىم ماماتلىق پەرەنجىسىنى كىيگىلى تۇردى. تىرىكلىك دېگەن بەك چۈچۈك بولىدىكەن، ئۆلۈم ئىنتايىن ئاچچىق. مانا مېنى ئۆلۈم قارمىقى تۇتتى، قېچىشقا يولۇم يوق، مەن بۇ دۇنياغا شۇنچە كۆڭۈل قويۇپتىكەنمەن. بىراق، ئۇ ماڭا ۋاپا قىلماي، تېزىپ كەتتى، دۇنيا مېنى ئالدىدى. دەسلەپ سۆيۈپ چاقىرسا كۆڭۈل بېرىپتىمەن، كېيىن يەنە مەندىن زېرىكتى. دۇنيانىڭ جاپاسى ئاخىرى بەختىنى قىرىتتى. بۇ دۇنيا سېنىمۇ ئالداپ قويمىسۇن، ئالدىدىكىلەرنىڭ ئۆكۈنۈشىدىن ساۋاق ئال، ئۇلار: ئەڭ كېرەكلىك ئىشلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ، ھەۋەسكە بېرىلىپ مەنىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپتىمەن. ھايات دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇنى پارا

بىرىش بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن، دېگەن. ئۆلۈمنى تونۇپ ئويغانغانلار يەنە: ئۆلۈم كەلگەندە ھېكىمنىڭ تىلى كېكەچلىشىپ، ئەقلىمۇ لال بولىدۇ، دېگەن. ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى نېمانچە ياماندۇ، مۇشتىنىڭ زەربىسى نېمىدېگەن زور! ئۆلۈم ھەشەمەتلىك سارايلارنى بۇزىدىكەن، جەم بولغانلارنى تېزىتىدىكەن. بىر شائىر بۇ ئىشنى مۇنداق سۈپەتلىگەن، قۇلاق سال:

نېمە بار جاھاندا، ئاڭا ھىيلە يوق،
نېمە ھىيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق.
پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل ـ چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمكىم، ئاڭا چارە يوق.

ھەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ئاڭلا، ئۆلۈمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش پايدا قىلمايدۇ. ئۇنى ئەقىل ۋە بىلىممۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈمنى دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، بەگلەرنىڭ بېگى ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلمەس ئىدى. ئۆلۈم پەيتىدە ھېكىملەرگە ھېكىمەتلىرىمۇ كار قىلمىدى، ئالىملارغا بىلىممۇ ياردەم قىلالمىدى. ئەگەر تېۋىپلارنىڭ داۋاسى ئۆلۈمنى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، تېۋىپلار مەڭگۈ ئۆلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۆلۈم يۈز ـ خاتىرە قىلىدىغان بولسا، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھايات قالسا بولماستى؟! تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان، تىرىك قالغانلاردىن قېنى كىم بار؟ بۇ دۇنيا يولۇچى چۈشۈپ ئۆتىدىغان بىر قونالغۇ.

ئوغلۇم، ئاڭلاپ تۇرغىن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشى بىلەن بولغىن، لېكىن ھەرگىز غاپىل بولما، ئويغاق ياشىغىن، ئادەم دېگەن ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنى، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە بىر قەدەممۇ باسالمايسەن، بىر نەپەسنى ئوشۇق ئالالمايسەن. جىمى

نەرسىنىڭ سائەت، كۈنى بەلگىلىك، نەپەس ئېلىشىشىنىڭمۇ سانى بار. قارىماققا يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۆتكەندەك تۇرسىمۇ، ھەر بىر كۈن سىبنىڭ ئۆمرۈڭنى خورىتىدۇ. ئوغلۇم، مېنىڭ قانداق كەتكەنلىكىمدىن ئىبرەت ئېلىپ ئويغاق ياشا. مېنىڭ باشقا غېمىم يوق. سەن مەندىن كىچىك قالىدىغان بولدۇڭ. شۇڭا، مەندىن كېيىن قانداق ياشارسەن دېگەن غەمدىمەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجرى پەرزەنتىگە ئوبدان سىڭگەن بولسا، بۇ پەرزەنتنىڭ خۇي ـ پەيلىمۇ ياخشى بولىدۇ. پەرزەنتنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىگەن ئاتا ـ ئانا بەختلىكتۇر. ئەگەر پەرزەنت چىڭ تۇتۇلماي، ئەركە بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش كېرەك. پەرزەنتلىك ئاتىنىڭ بۇرچى پەرزەنتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش، ياخشى تەربىيىلەشتۇر. كۆپ پەرزەنت تەربىيىلەپ بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئادەملەرمۇ: كىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئەركە چوڭ بولىدىكەن، ئاخىرى ئاتا ئۆزى ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ. باللىرىنى كىچىك چاغدا ياۋا ئۆگىتىپ قويسا، ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئۇنىڭ جاپاسى يەنىلا دادىغا بولىدۇ. ئوغۇل ـ قىزنىڭ خۇيى يامان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىدا. پەرزەنت قىسىپ تۇتۇلسا زورايغاندا سۆيۈنىدۇ. ھەي ئاتا بولغۇچى، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ بولسا ئۇلارغا ياخشى پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگەتكىن، بولمىسا كېيىنكىلەر سەندىن كۈلىدۇ، دېگەن.

ئوغلۇم، خۇداغا سېغىنىپ كۆڭۈل ۋە تىلىڭنى تۈز تۇت. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى قىل، غاپىل بولما، ياخشى ـ يامانلىق ئاللانىڭ ھۆكۈمى بىلەن بولىدۇ. قانداق تىلىكىڭ بولسا ئۇنىڭدىن تىلە، سەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا مەدەتكار يوق. سەن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرەلىسەڭ، ئۇمۇ ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا سىنى ئەزىز قىلىدۇ. كۆڭۈل، تىلىڭنى كىچىك تۇت، چوڭ سۆزلىمە، مەنمۇ خېلى ياشىدىم، بىراق مانا كەتمەك بولىۋاتىمەن. بۇ دۇنيانىڭ ماڭا نېمە قىلغانلىقىنى ئوبدان ئويلا.

دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇتقا ئۇرما، كىشىنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالما. مەن يىغىشنىلا بىلىپتىمەن، ئىشلىتىشنى بىلمەپتىمەن. مانا ئەمدى مال - دۇنيالىرىم مەن ئۈچۈن يۈك بولدى، سەن ئۇنى جايىدا، ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەت. مال - دۇنيانى ياخشى تۇتالىساڭ ھەر ئىككى دۇنيادا خارلىق كۆرمەيسەن. ئەگەر، ياخشى باشقۇرالمىساڭ تاغمۇ توشۇمايدۇ، خارلىق تونىنى كىيىپ قالىسەن. ئىش - ھەرىكىتىڭنى توغرا قىلىپ، دۇرۇس ياشا. خۇشاللىقىڭ دۇرۇسلۇقۇڭغا باغلىق، بۇنىڭغا ئىشەن. دۇرۇس ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: بىر ئادەم كۈنلىرىم ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ئۆتسۇن دەيدىكەن، توغرىلىقنى ئۆزىگە راۋا قىلسۇن. باي بولۇش مەقسىتىڭمۇ يەنىلا دۇرۇسلۇق يولى بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. بۈيۈك، ئۇلۇغ ئادەم بولۇش ئۈچۈنمۇ دۇرۇس يول تۇتۇش كېرەك. ئوغلۇم ياخشى ئەمەللىرىڭ بىلەن دوزاختىن ساقلىنىشىڭ قورغىنىنى بىنا قىل. يامانلىقتىن يىراق بولۇپ، ياخشىلىق يولىنى تۇتساڭ، ھەر قاچان ساڭىمۇ ياخشىلىق قۇچىقىنى ئاچىدۇ. ھەرگىز يامانغا يېقىنلاشما، يامانلىق يىلانغا ئوخشاش چاقىدۇ. سىرىڭنى ئىككى يۈزلىمە ئادەمگە دېمە. ئۆيۈڭگە سۇخەنچى ئادەمنى يولاتما، ئۇ كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ ھەممىنى ئەلگە يايىدۇ. سىنالغان ئىشەنچلىك ئادەمنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭدىن ساڭا كۆپ پايدا يېتىدۇ. باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلا، بىراق ھەممىلا گەپكە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزۈڭگىمۇ مەھكەم بولۇپ، سىرىڭنى يوشۇر. كىشىگە ھەسەت قىلما، ھەسەتخورلۇق ساڭا خاتىرجەملىك بەرمەيدۇ.

ئوغلۇم، ئەرگە ھەممە پېشكەللىك ئايالدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئايالىڭنى چىڭ تۇتقىن، ئىشىكىڭگە ھېزى بول، ئۆيۈڭگە ياتلارنى كىرگۈزمە، ئايالىڭمۇ سىرتقا چىقمىسۇن، كىشىلەرنى ئاۋۋال ئوبدان سىناپ، ئاندىن مۇئامىلە قىل.

تاۋار - مال توپلاشتىن ئاۋۋال خۇلقۇڭنى ياخشى قىل،

خۇلقۇڭ ياخشى بولسا مال ـ دۇنيا ئۆزى كېلىدۇ. يامانغا بايلىق ياراشمايدۇ، ئۇ ھەرقانچە كۆپ بايلىق توپلىسىمۇ گاداي بىلەن باراۋەر. ئۇياتسىزغا مەندىن مىڭ لەنەتكى، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى نېرى تۇت. ئىش قىلىشتا سەۋر قىلىپ ھودۇقۇشتىن ساقلان، سەۋرلىك كىشىلەرلا تىلىكىگە يېتەلەيدۇ. سىلىق، شېرىن سۆزلۈك بول، شېرىن سۆزلۈك ئادەم بەختكە ئېرىشىدۇ. تىلىڭنى ياخشى كۆزەت، كۆزۈڭنى ئەسكى ئىشلارغا قاراتما. گېلىڭغا ھېرى بول، ئاز ـ ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگىن. خەلقنىڭ مالىمانىدىن، ئاممىنىڭ توپلىغىدىن يىراق قاچ. بەگلەرنىڭ ياخشى گېپىنى دە، يامان گېپىنى قىلما. ئۆزگە ھەم ياتلارغا زىيان سالما. قۇرۇق ھەۋەسكە بېرىلمەي، ياخشىلىق يولىنى تۇت. ھەرقانداق ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئاخىرىسىنى ئوبدان ئويلا. ئاچچىقىڭ كەلسە، سەۋر قىلىپ ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ئادەم بۇزۇلغان ئىشنى سەۋر بىەن توغرا يولغا سالالايدۇ. سەۋرنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان كىشىلەر: سەۋرلىك ئادەم تىلىكىگە يېتەلەيدۇ، چىداپ تۇرغان ئوۋچىلا ياخشى ئوۋغا ئېرىشەلەيدۇ. سەۋر قىلساڭ قايغۇ ـ ئەلەمىڭنىڭ ئاخىرى خۇشاللىققا، مۇشكۇللۇكنىڭ ئاخىرى ئوڭۇشلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەت ئىشىكى يېپىلىپ قالسا، سەۋر قىلساڭ ئاخىرى يەنە ئېچىلىدۇ. سەۋر قىلىش ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت، سەۋر بىلەن مىسالى كۆككە يول ئېلىش مۇمكىن، دېگەن. ئوغلۇم، ھەرگىز ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالما، ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالما. ئاممىۋى سورۇنلاردا بولساڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ گەپ قىل. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بولغىنىڭدا ئۆزۈڭنى ياخشى كۆزەتكىن، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆزلە، كىرىمىڭگە قاراپ چىقىم قىل. ھەرگىز يالغان سۆزنى تىلىڭدىن چىقارما، يالغان سۆز سېنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا يېقىنلىقىڭنى يەتكۈز، چوڭ ـ كىچىكلەرگە سۆيۈنچە بېرىپ، كۆڭلىنى ئال. ئاش ـ تۇزۇڭنى كەڭرى قىل. كىشىلەرنىڭ

ئەيىبىنى كۆرسەڭ يوشۇر، ھەرگىز ئاچقۇچى بولما. ئىبادەتكە چىڭ بولساڭ، گۇناھدىن يىراق بولىسەن. ئاللانى يادىڭدىن چىقارما. بەختكە ئېرىشكەندە چوڭچىلىق قىلما، يەنىلا ياخشىلىق يولىنى تۇت، يامانلىق قىلما. بۇ ئۆتكۈنچى جاھانغا گول بولما، چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتقا، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدىغان بەختكە ئارتۇق چوقۇنما. ھاياتىڭنى زايە قىلماي، ھەربىر كۈنۈڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. ھەرگىز مەيگە يېقىن يولىما. يۇقىرىقىدەك ناچار قىلىقلار سەندىن مۇبارەك بەختنى ئېلىپ كېتىپ، پېقىرلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. بېشىدىن كۆپ ئاچچىق ساۋاق ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: مەي ئىچمە، زىنا قىلىشتىن ھەزەر قىل، بۇ ئىشلار ساڭا گادايلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. ھاراق مىڭ خىل گۇناھقا پاتۇرىدۇ. زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، بەخت قاچىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلىرىمنىڭ مۇھىملىرىنى ساڭا دېدىم. دېگەنلىرىم سەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم سۆزلەردۇر، سۆزلىرىمگە ئىشەن. سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ، ئەمەل قىلالىساڭ بەخت يولۇڭ ئېتىلىپ قالمايدۇ. بۇلار مېنىڭ ساڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتىم. بۇلارنى قەلب دەپتىرىڭگە پۈتۈۋالغىن.

## ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئۈمىدى

ھەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم، بۇ نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم. ساڭا مەندىن ھەرقانچە ئالتۇن ــ كۈمۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. كۈمۈشنى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ. سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىشلەتسەڭ كۈمۈش قازىدۇ. كىشىدىن ــ كىشىگە مەڭگۈلۈك قالىدىغان مىراس سۆزدۇر. ۋەسىيەت قىلىنغان

سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۇگىمەستۇر. ھەي ياخشى يىگىت، ھاياتىڭ خۇشال ـ خۇراملىقتا ئۆتسۇن، سۆزلىرىمنى زايە قىلماي كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇ. يىگىتلىكىڭنى زايە قىلما، ئادالەت يولىدىن ئاداشما، پايدىسىنى كۆرىسەن. يىگىتلىك سەندىن تېزلا كېتىپ قالىدۇ، ئۇنى قەدىرلە، ھاياتلىقنى ھەرقانچە تۇسساڭمۇ قېچىپ كېتىدۇ. يىگىتلىك كۈچ ـ قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ھەر دائىم تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغىن.

مانا مەن يىگىتلىك چاغلىرىمنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقىمدىن قايغۇرۇپ ئۆكۈنمەكتىمەن. بىراق ئۆكۈنۈشتىن نېمە پايدا، دەپ سۆزۈمنى كېسىمەن. ئۆمۈر قىرىققا يەتكەندە ئادەم ياشلىقى بىلەن ۋىدالىشىدىكەن. مانا ماڭا ئەللىك ياش قولىنى تەگكۈزدى. قۇزغۇن تۇسىدەك قارا بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى. ئاتمىشمۇ مېنى چاقىرىپ، كەل دەۋاتىدۇ، ئەجەل يەتمىسە ئۇياققىمۇ بارىمەن. كىشىنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تۇگەتسە ئۆمۈرنىڭ يېزى تۇگەپ قىشقا كىرىدۇ، ھاياتىنىڭ زوقىمۇ تۇگەيدۇ. مانا ئوتتۇز يىغقاننى ئەللىك ئېلىپ تۇگەتتى، ئاتمىش ياش قول ئۇزاتسا نېمىلەرنى قىلاركىن تاڭ! ھەي ئەللىك ياش، مەن ساڭا نېمە قىلغان، ماڭا نېمانچە ئۆچ ساقلايسەن؟! يىگىتلىكتىكى بارچە ئىشلىرىم شۇنچە شېرىن ئىدى، مانا ئەمدى ئېشىمنى زەھەر قىلدى. بويۇم ئوقتەك چاغدا كۆڭلۈم يادەك ئىدى، كۆڭۈلنى ئوقتەك قىلغۇچە بويۇم يادەك ئېگىلدى. يىگىتلىكىم ماڭا نېمە يىغقان بولسا قېرىلىق كېلىپ ھەممىنى تارتىۋالدى. بۇ ھال ساڭىمۇ كېلىدۇ. ھوشيار بول!

ئاپتور، ئەسەر تەييارلىغۇچى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتاتغۇ بىلىك» نىڭ يار مۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق رومانلاشتۇرغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

# خەزىنە بىلەن كۆمۈلگەن خاسىيەتلىك ۋەسىيەتنامە

ئىنسانىيەت قەدىمدىن تارتىپ ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە تەشنا بولۇپ شۇ يولدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كېلىشتى، شۇنداق كۈرەشلەر داۋامىدا ئاجايىپ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ۋە ھېكمەت كىتابلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇزۇن ئەسىرلىك ئادالەت ۋە جاھالەت سەئىپلىكلىرىگە ئاجايىپ مەشھۇر قىسسىلەر يېزىلدى. گۈلىستاندەك مەدھىيە گۈللىرىمۇ ئېچىلدى، زۇلمەتتەك قارغىشلارمۇ ياغدۇرۇلدى. نەتىجىدە كىشىلەر زۇلمەت ئىچىدە ئادالەتكە تەلپۈندى ۋە ئادالەتنى ياراتتى. شۇنداق ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى شاھلارنىڭ ئىنسابىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئادالەت بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشىغا ئاتاشتى. شۇنداق غايىبانە تەلپۈنۈشلىرىنى ئاجايىپ ھېكايە ۋە قىسسىلەردە ئىپادىلىدى. شۇنداق قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن بىرى «كەلىلە ۋە دىمنە» ئەسىرىدۇركى، ئۇنىڭدا شاھلارنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان 14 مەزمۇندىكى ۋەسىيەت نەسىھەت سۆپىتىدە قالدۇرۇلغان بۇ نەسىھەتلەر گۈزەل تىل بېزەكلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، چوڭقۇر مەنەدۇرلىرى بىلەن جابدۇندۇرۇلغان، ئوقۇغان ئادەمدە ئاجايىپ شېرىن سېزىم ھاسىل قىلىدۇ.

** ** **

www.uyghurkitap.com

بۇ بىر ئادىل پادىشا، دانىشمەن ۋەزىرلەرنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن پۈتتۈلگەن خاسىيەتلىك ۋەسىيەتنامىدۇر. قەدىمكى زاماندا تۇران دىيارىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ، سەلتەنەتتە داڭقى ئالەمگە تارالغان، شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئاۋازى پۈتۈن دۇنيانى ئىگىلىگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ھۇمايۇن پال ئىكەن. ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن يۈرت سورىشى نەتىجىسىدە پۇقرالىرى بەخت ـ سائادەت ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە كۈن كۆچۈرۈشەتتى. ئاجىزلار ۋە كەمبەغەللەر غەم ـ قايغۇسىز ئۆتەتتى.

بۇ پادىشاھنىڭ خەلقپەرۋەر بىر ۋەزىرى بولۇپ، دانا تەدبىرلىرى بىلەن خۇددى قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقان شامغا ئوخشايتتى. ئۇ باش قاتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مىڭ خىل چىگىشلەرنى يېشىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى پىتنە دەرياسىغا كىرىپ قالغان ئىزتىراپ كېمىسىنى ھالاكەت گىردابىغا تۈيدۈرماي ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايتتى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ ھەيۋىتى زۇلۇم تىكىنىنى يىلتىز ـ تومۇرلىرىدىن قومۇرۇپ تاشلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۇمايۇن پال شىكارغا چىقتى. خۇجەستەرايمۇ خۇددى بەخت ـ دۆلەتتەك ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغانىدى. ئۇلار بۇ يۈرۈشىدە تاغ ۋە ئورمانلارنى لەرزىگە سېلىپ، ھەيۋىتىدىن زېمىنغا چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ئۇلار كەچتە بەزمە قۇرۇشتى، بۇ بەزمىدىن نۇرغۇن ھېكايە قىسسىلەت ئوقۇلدى. بۇ سۆھبەتتە راي دابىلشىم ھۇمايۇن پالغا دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ھېكايە گۆھەرلىرىنى تۆكتى. شۇ ئەسنادا ئۇ مىسالەن ھىندى پادىشاھى بىلەن راي دابىلشىم بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى دانىشمەن بىدۇپاي ھەكىم توغرىسىدا گەپ بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلىغان شاھ خۇجەستەرايدىن ئۇلارنىڭ قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى

ئۆتۈنۈپتۇ.

ۋەزىر ساپ كۆڭۈلدىن بايان تىلىنى چىقىرىپ مۇنداق ھېكايە قىلىشىپتۇ.

ھىندى مەملىكىتىدە ئادالەت بىلەن جاھانغا نۇر چاچقان، ئۇنىڭ خەلىقپەرۋەرلىكى ۋە ئادالەتتىن پۈتۈن جاھاندىكى خەلقپەرۋەر شاھلار نۇر ئالغان پادىشاھ ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى راي دا بىلشىم ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى راھەت ياستۇقىغا بېشىنى قويغاندا، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى مېڭە قەلئەسىگە قاراپ چىقىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ياخشى نىيەتلىك بىر كارامەت ئىگىسى بوۋاي كېلىپ رايىغا سالام بەرگەنمىش ۋە «بۈگۈن سەن خۇدا يولىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلدىڭ، ئەمدى تاڭ ئاتقاندا مۇبارەك پۇتۇڭنى دۆلەت ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ، ئوردىنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ يۈرگىن ئۇ يەردە ساڭا قىممەت باھالىق خەزىنە ساقلاپ قويۇلغان، ئۇ خەزىنىنى تاپقىنىڭ ئۈچۈن ماختىنىش پۈتنى پەرقىدان بېشىغا قويساڭمۇ ۋە ئىپتىخار بېشىنى ئاسماندىن ئېگىز تۇتساڭمۇ ئەرزىيدۇ دېگەنمىش، راي بۇ بېشارەتتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تەرەت ئېلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. ئىبادەتتىن كېيىن، ئات كەلتۈرۈپ بېشارەت قىلىنغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئۇنىڭغا بىر تاغ ئۇچراپتۇ. ئۇ تاغنىڭ ئىشىكىدە بىر غار بار ئىكەن. ئۇ غاردا خالايىقتىن قېچىپ خىلۋەتتە ماكان تۇتقان بىر كىشى ئولتۇرغانىكەن. شاھ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دەرۋىش شاھتىن ئۆزرە سوراپ بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، مەندەك بىر گادايىنىڭ قولىدىن سەندەك بىر پادىشاھنى مېھمان قىلىش كەلمەيدۇ. ئەمما، ساڭا بىر تۆھپەم بار. ئۇنى ساڭا تارتۇق قىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ ماڭا دادامدىن مىراس قالغان بىر خەزىنەنامە. ئۇنىڭ مەزمۇنى: بۇ غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ناھايىتى كۆپ خەزىنە بار، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە

www.uyghurkitap.com

جاۋاھىراتلار كۆمۈلگەن، دېگەندىن ئىبارەت. مەن قانائەت خەزىنىسى تاپقانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېھتىياج ئەمەسمەن. ئەگەر پادىشاھ جانابلىرى خالىسا، مۇلازىملىرىنى بۇيرۇغاي. راي خەزىنىنى كولاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇلار كولاپ خەزىنىنى تېپىپتۇ. پادىشاھ قارىسا ناھايىتى نۇرغۇن شاھانە ئالتۇن ـ گۆھەر ئۈزۈكلەردىن تاشقىرى سىرتى ئالتۇن ۋە گۆھەرلەردىن بېزەلگەن، ياقۇتلار بىلەن توشقۇزۇلغان ساندۇقلار بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە دوس قۇلۇپى بىلەن قۇلۇپلانغان بىر ساندۇقمۇ بار ئىكەن. پادىشاھ بۇ ساندۇققا قىزىقىپ ئاچقۇزۇپتۇ. قارىسا ساندۇقنىڭ ئىچىدىن خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك جاۋاھىرلاردىن كۆز قويغان بىر تىللا ساندۇقچە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر چىرايلىق قۇتىچە چىقىپتۇ. شاھ ئۇ قۇتىنى ئەپكەلتۇرۇپ ئۆز مۇبارەك قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېچىپتۇ. قۇتىنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى نېپىز بىر ئاق قەغەزگە سۇرىيانى يېزىقى بىلەن خەت يېزىلغانىكەن.

— بۇ نېمە خەتتۇر — دەپ تەئەججۇپلىنىپتۇ دابىلشىم شاھ. ئەتراپتىكىلەرمۇ ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپتۇ. لېكىن زادى نېمە مەزمۇن بارلىقىنى بىلمەپتۇ. شاھنىڭ ئىچىدە بۇ خەتتىكى مەزمۇنلارنى بىلىش ئىشتىياقى ئوت ئاپتۇ. كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشىپ ئاخىرى سۇرىيانى يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغان ھېكىمدىن بىرنى تېپىپتۇ.

بۇ زىكرى قىلىنغان ئون تۆت ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي رەۋىشتە بىلمەك ۋە ئاڭلىماق بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھى بولغان سەرەندىپ تېغى تامان بارغايكىم. بۇ تۇگۇنلەر شۇ يەردە يېشىلگۇسىدۇر ۋە تەلەپ گۇلى شۇ ئالىي باغدا يۈز كۆرسەتكۈسىدۇر. مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مەدەت قىلغۇچى ئاللا تائالادۇر.

ھېكىم خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن،

دابىلشىم ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپتۇ ۋە ئۇ خەتنى تەزىم بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ، سەلتەنەت بىلىكىگە باغلىۋېلىپ شۇنداق دەپتۇ.

— ماڭا چۇشۇمدە بېشارەت بېرىلگەن بۇ خەزىنىلەر قولۇمغا كەلدى. خۇداغا شۈكرى، بۇ قىممەتلىك جاۋابلاردىنمۇ قىممەتلىك بولغان، ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەر بىلەن تولغان بىر سىر خەزىنىسىنىمۇ قولغا ئالدىم. دۇنيا تەئەللۇقاتى مەندە ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ھاجىتىم يوق. شۇڭا بۇ تاپقىنىمنى تاپمىغان ئورنىدا كۆرىمەن. ئەمدى بۇ ھەقىقەت خەزىنىسى بولغان نەسىھەتنامە شۈكرانىسى ئۈچۈن قولۇمغا كەلگەن بارلىق خەزىنىنى ئېھتىياجلىقلارغا سەدىقە قىلىۋېتىمەن، بۇنىڭ ساۋابى ھۇشەڭ پادىشاھنىڭ روھىغا تەگسۇن. مەنمۇ ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ ئەجرىگە شېرىك بولغايمەن. چۈنكى، ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ساۋابتا شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بىلەن باراۋەردۇر.

بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، شاھ ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە سەرەندىپ تىغقا قاراپ يۈزلەندى. نىيەت ھەممىدىن ئەلا دەپ، كۆپلىگەن قارشىلىقلارغا قارىماي، ئاخىرى سەرەندىپ شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. شەھەردە ئىككى ئۈچ كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن شاھانە يۈك - تاقلىرىنى شۇ يەردە قويۇپ ئىككى ئۈچ يېقىن مەھرەملىرىنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە قاراپ يۈرى. دابىلشىم تاغ باغرىدا ھەر تەرەپكە چېلىپ، تەۋەررۇك جايلارنى تاۋاپ قىلىپ يۈرۈپ، شۇ ئەسنادا كۆز قارىچۇقىدەك قاپ - قاراڭغۇ غارغا نەزىرى چۈشتى. پادىشاھ شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىدىغان شەيخلەردىن سوراپ بىلدى. ئۇ غار قەلبى روشەن بىر ھېكىمنىڭ تۇرار جايى بولۇپ، ئۇ ھېكىمنى بىدپاي ھەكىم دەپ ئاتايدىكەن. ھىندى تىلىدا بىدپاي ھەكىم دېگەن سۆز مېھرىبان تېۋىپ دېگەن بولىدىكەن. ئۇ

ھېكىم دانىشمەنلىك مىراجىغا يەتكەن، نۇتۇق نەپەسلىرىنى پەيزى غەلىبىسى بىلەن زىننەتلىگەن، خالايىق سۆھبىتىدىن كۆزىنى چەتكە ئالغان ناھايىتى پەرھىزكار بىر زات ئىكەن.

پادىشاھ غارغا كىرىپ قارىسا، نازۇك نەپەسلىرى مەيدانىدا ھەقىقەت تۇغىنى كۆتۈرگەن بىر بەرەھمەن① ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئادىمىيلىك سورتىدىن پەرىشتىلىك ئالامىتى جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بەرەھمەن پادىشاھنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ۋەتەن راھىتىنى تاشلىغانلىقى ۋە سەپەر جاپاسىغا ئۆزىنى باشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سوراپتۇ. دابىلشىم چۈش كۆرگەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەسىيەتنامىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ. بىرەھمەن ئۇنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ.

— ئىلىم ۋە ھېكمەت تەلەپ قىلىپ، ھەم مۇشەققەتلەرگە چىداپ، پۇقرالارنىڭ بەختى ۋە مەملىكەت ئەھلىنىڭ راھىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن؟

شۇنىڭ بىلەن، بەرەھمەن سىر ـ ئەسرار گۆھەرلىرى ساقلانغان قۇتىچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ ۋە رايىغا ھېكمەت جاۋاھىرلىرىنى چېچىپتۇ. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلۇپ شەرھىيلەنگەندى.

— ھەكىم جانابلىرىنى ئاۋارە قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ مەكتۇپنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ، ھەقىقىي ھالىنى ئۆز ئەينى بويىچە چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ دابىلشىم پادىشاھ.

ھەركىم بۇ خەتنى قولىغا ئېلىپ، سۆزلىرىنى ھەرىپمۇ

① بەرەھمەن — بىراھمان دىنىدىكى كىشى.

ھەربىر نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپ ئويلاپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ «بۇ خەت كۆپ پايدا ۋە مەنپەئەت بېرىدىغان، ھەقىقەتنىڭ خەزىنەنامىسى ئىكەن» دەپتۇ ۋە مەزمۇنىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ.

مەكتۇپىغا مۇنداق خاسىيەتلىك مەزمۇنلار پۈتۈلگەن ئىكەن:

مەنكى ھۇشەڭ پادىشاھدۇرمەنكى، بۇ خەزىنىنى دابىلشىم پادىشاھ ئۈچۈن ئامانەت قويدۇرغانمەن. ئاللاتائالانىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ خەزىنە ئۇنىڭغا نېسىپ بولغاي، يەنە بۇ ۋەسىيەتنامىنى دورىرى گۆھەرلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويدۇم، خەزىنىنى قولغا ئالغان چاغدا ۋەسىيەتلەرنى مۇتالىئە قىلىپ پىكىر يۈرگۈزگەيكى، زەر ۋە گۆھەرلەرگە ھېرىس بولماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى، بايلىق دېگەن ئامانەت نەرسىدۇر. ھەر كۈنى بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتەر ۋە ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس. پادىشاھلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا دەستۇر قىلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق ۋەسىيەتنامە يوقتۇر. بەس، ھوشيار پادىشاھلار بۇ ۋەسىيەتلەرگە قاراپ ئىش قىلغاي. ئەگەر بىرەر پادىشاھ بۇ بايان قىلغان ئون تۆت قائىدىنى نەزەرگە ئىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ قىسقا بولۇشى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولماسلىقى مۇقەررەردۇر.

بىرىنچى ۋەسىيەت:

ئەگەر بىر كىشى پادىشاھقا يېقىن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭ تەختۇشلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ھۆرمىتىنى تۆۋەنلەشتۇرۇشكە ھەرىكەت قىلىشىدۇ ۋە ھىيلە - مىكىرلىك سۆزلەرنى قىلىشىپ، پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىشىدۇ. شۇڭا پادىشاھ بۇنداق غەرەزلىكلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ياخشى ئېھتىيات قىلغاي؛ ئەگەر ئۇ سۆزلەرنىڭ غەرەز ۋە ھىيلە - مىكىردىن خالىي ئەمەسلىكىنى سەزسە، ئۇنداق

سۆزلەرنى قوبۇل قىلمىغاي دېگەن مەزمۇندا ئىكەن.

دانىشمەن، بەرەھمەن يۇقىرىقى بىرىنچى ۋەسىيەتتىن كېيىن، مۇنۇ نەسىھەتلەرنى قوشۇمچە قىلىپ ئەسكەرتىپتۇ.

ئەگەر پادىشاھ غەرەزلىك كىشىلەرنى ۋە چېقىمچىلارنى پىتنە ـ پاسات تېرىش ۋە زىيان يەتكۈزۈشنى توسمىسا، دۆلەتنىڭ مەدەتكارى بولغان كۆپلىگەن يېقىن كىشىلەر خار ـ زار بولىدۇ ۋە كاللىسىدىن بىگۇناھ ئايرىلىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭ سەۋەبىدىن دۆلەتكە كۆپ زىيانلار يېتىدۇ.

ئەي ئالەم پاناھ شاھ! شۇڭا ئۆزى خاتىرجەم بولمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىش خاتادۇر. قولىنىڭ بارمىقى گەرچە قولغا زىننەت بولسىمۇ، ئەگەر ئىلان چېقىپ زەخمىدار قىلىپ قويغان بولسا، قالغان بىر پۈتۈن بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن، ئۇنى كېسىش كېرەك ۋە ئۇ ئىشنى راھەت دەپ بىلمەك كېرەك.

ئىككىنچى ۋەسىيەت:

راست سۆزلۈك بولغاي ۋە گەپ توشۇغۇچىلارنى مەجلىسكە يېقىن يولاتمىغاي، چۈنكى ئۇلار پىتنەخوردۇر، ئۇرۇش چىقارغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ياماندۇر. شۇڭا، بۇ سۈپەتلىك كىشىلەرنى كۆرسە، ئۇلار پىتنە چىقىرىپ ئالەمنى دۇتقا تولدۇرۇشتىن بۇرۇنراق شەمشەر سۈيى بىلەن پىتنە ئوتىنى ئۆچۈرگەي، دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

— تەپەككۇر قائىدىسى ۋە ئېھتىيات شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى — دەپ قوشۇمچە قىلىپتۇ دانىشمەن بەرەھمەن — پادىشاھلار بىرەر سۆزنى ئاڭلىسا ئالدىراپ ئورنىدىن قىمىرلىماسلىقى كېرەك ۋە تاكى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە تەئەللۇق ئېنىق دەلىل بولمىسا ھۆكۈم قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا ئەگەر غەرەزلىكلەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ بىرەر ناماقۇل ئىش ۋۇجۇدقا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ چارىسىنى شۇنداق قىلىش كېرەككى، ئۇ غەرەز كويىغا

www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئاشۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ ئىبرىتىدىن ھېچكىم ئۇنداق ئىشقا قەدەم قويالمىغۇدەك دەرىجىدە بىر نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ھەممەيلەننى ئۇ ئىشتىن مەنئىي قىلىش كېرەك. بۇ خۇسۇستا پادىشاھ بىلەن چولڭۇرۇدارنىڭ ھېكايىسى ئىبرەت بولغاي.

— ئۆلىما ۋە ھۆكۇمالارنىڭ بۇ توغرىدىكى گەپلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ، — گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، سىرنى ئاشكارا قىلىشتىن پەرھىز قىلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن سىر ئېيتقۇچىنىڭ سالامەتلىكىنى ۋە ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ئەمما يەنە بەزىلىرى ئەگەر خەلقئالەمگە مەنپەئەتلىك بولىدىغان بولسا، سىرنى ئىزھار قىلىشقىمۇ رۇخسەت بەرگەن. ئەگەر بىر كىشى بىر مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان بولسا ۋە بۇ سىرنى بىر كىمگە بايان قىلىپ ئۇنىڭدىن بۇ سىرنى پىنھان تۇتۇشقا چىڭ ۋە كۈچلۈك ۋەدە ئالغان بولسىمۇ، ئاڭلىغۇچى ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئېھتىيات قىلىپ ئۆز جېنىنى ئامان ساقلىشى ئۈچۈن ئۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان بولسا، ھەرقانداق چاغدا بۇ كىشى شەرىئەتتە گۇناھكار بولمايدۇ ۋە خۇدايىتائالانىڭ ئالدىدا ئوقۇبەت كۆرمەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىرنى مەخپىي تۇتۇش يامانلارغا شېرىكلىك قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگۈچى سىرنى ساڭا ئېيتىش بىلەن ئۆزى ياقىغا چىقىپ بۇ سىرنى پاش قىلغانلىق تۆھمىتىنى ساڭا يۈكلەپ قويۇشىمۇ ئېھتىمال ياكى مەندىن تارتىپ بۇ سىرنى پاش قىلىشتا سېنى ۋاستە قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، مېنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلغىنىڭ ياخشىراق. بۇ توغرىدا قانچە نەسىھەت ۋە شەپقىتىڭ بولسا ماڭا كۆرسەتكەيسەن.

سىرنى ئىزھار قىلىشنىڭ ئىككى ئەيىبى بار: بىرى، كىشىگە ئۆز سىرىنى ئېيتقۇچى ئۇ كىشىگە دۈشمەنلىك قىلغانلىق بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خەلق ئارىسىدا ئاغزى بوش

دېگەن بەتتامغا قالىدۇ. بىر كىم سىرنى پاش قىلىپ قويسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىر ئېيتمايدىغان بولىدۇ ھەم نەزەردىن چۈشۈپ قالىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭمۇ تەنىسىگە گىرىپتار بولىدۇ.

مەن ھۆكۈمالارنىڭ: «كىشىنى ئۆز سىرىنىڭ شىرى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانمەن. يەنى ئەگەر كىشى ئۆزىنىڭ سىر گۆھەرلىرىنى يوقلۇق قۇتىچىسىغا يوشۇرمىسا، ھەرقاچان ئۇ سىر ئۇنىڭ بېشى قەستىگە ئەلەم كۆتىرىدۇ. ھەر كىشى سىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويسا خۇددى بېشىنى تەندىن جۇدا قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ. كىشى بېشىنى ساقلاشنى تىلەيدىغان بولسا سىرىنى ساقلىشى كېرەك.

## پادىشاھ بىلەن چۆلقۇردارنىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇنىڭ تەختى ئادالەت زەرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە شەپقىتىنىڭ شامى مەملىكەت ئەتراپىغا روشەنلىك سالغانىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى ھەممەيلەن ئوقيا ئالغان بولۇپ ھەر كىم ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولغانىكەن.

مەن سەن بىلەن ئات چاپتۇرۇشىمەن، چۈنكى ئۆزۈن ۋاقىتلاردىن بېرى، مەن مىنگەن ئات يۈگۈرۈكمىكىن ياكى سەن مىنگەن ئات — يۈگۈرۈكمىكىن، شۇنى بىر بىلسەم بولاتتى دېگەن گەپ كۆڭلۈمدە بار ئىدى، — دەپتۇ پادىشاھ ئۆز چۆلقۇردارىغا، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئاتقا مىنىشىپتۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزاق چېپىشىپ، شىكارغا چىققانلارنىڭ نەزىرىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىتىپتۇ. چۆلقۇردارمۇ توختاپتۇ.

— مېنىڭ بۇ يەرگە ئۇزۇلۇپ چىقىشىمدىكى غەرەز شۇ

ئىكەندىكى، — دەپتۇ پادىشاھ چۇلۋۇردارغا، — مۇشۇ كۇنلەردە كۆڭۇلۇمگە بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالدى. خاس خادىملىرىمدىن ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئۇچۇن، مۇشۇ بانا بىلەن جايىنى خىلۋەت قىلىپ، بۇ سىرىمنى ساڭا ئېيتماقچى بولغان ئىدىم، لېكىن باشقا كىشى ھەرگىز بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولماسلىقى كېرەك.

چۇلۋۇردار خىزمەت شەرتىنى بەجا كەلتۇرۇپ تەزىم بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

گەرچە پېقىر قۇللىرى ئۆزۇمدە بۇ ئىشقا ھېچقانداق سالاھىيەت بارلىقىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئىنايەتلىرىنىڭ ئاپتىپى ماڭا دۆلەت نۇرىنى چۇشۇرسە، باھار ئەسرالىرىنىڭ ھەقىقىتىگە مەھرەم بولالايدىغان سابامۇ، بۇ چىمەندىن بوي ئالالمىغان ۋە ھەتتا كۆڭلۇممۇ سىر ماللىرىغا خەزىنە بولغان ۋۇجۇدۇمدىن بۇ سىرنى بىلىشنىڭ يېپىگە قەدەم قويالمىغان.

خۇددى پىنھان بولغاندەك تەن ئىچىدە جان
تۇتارمەن بۇ سىرنى جانىم ئىچرە پىنھان

ئۇنىڭ سۆزىدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆز ئىنىمدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم. بۇ كۇنلەردە ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى خۇي - پەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۇرۇشكە بەل باغلاپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ماڭا زەرەر يېتىشتىن بۇرۇنراق ئۇنىڭ ۋۇجۇد تېشىنى يولۇمدىن كۆتىرىۋېتىش ۋە پەلەك چىمەنلىكىگە ئۇنىڭ ئازار تىكىنىدىن خالاسلىق بېرىشكە ئىرادە باغلىدىم. سەن ھەمىشە مېنى ئاسراشقا ئېھتىيات قىلىشىڭ لازىم.

چۇلۇۇردار پادىشاھنى ئاسىراشقا ۋە ئۇ سۆزنى يوشۇرۇشقا ۋەدىلەرنى بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. لېكىن تېخى ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ بىۋاپالىق قىلىپ، مەككارلىق ۋە خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. ئۇ بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ، پادىشاھنىڭ ئۇكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ناھايىتى كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن نېسى ئىلتىپاتلارنى ۋەدە قىلىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپتۇ. ئەنە شۇ يوسۇندا ئازغىنا ۋاقىت ئۆتۈپ، زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە پادىشاھنىڭ دۆلەت باھارى غازاڭغا ئالمىشىپتۇ ـ دە، تەخت خالىي قاپتۇ. خالايىقلار شاھزادىنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئۇ تەختكە چىققان كۈنىلا چۇلۇۇردارنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىپتۇ. بىچارە چۇلۇۇردار ناھايىتى كۆپ زارلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئىخلاس ۋە تەرەپدارلىقتىن باشقا گۇناھىم يوق ئىدى. پادىشاھىم!

— كىشىنىڭ سىرىنى پاش قىلىپ قويۇشتىنمۇ چوڭ گۇناھ بولامدۇ؟ — دەپتۇ يېڭى پادىشاھ، — ئاكام پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدىن يالغۇز سېنى ئۆز سىرىغا مەھرەم قىلغان ئىدى. لېكىن سەن ئۇنى ئاسرىمىدىڭ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ساڭا ئىشەنگىلى بولامدىكەن؟ بىۋاپا دوست بىلەن بىللە بولغاندىن كۆرە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن مىڭ ھەسسە ياخشى.

بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، سىرنى پاش قىلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ.

ھەركىم ئۆز سىرىنى پاش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ غەرىزى شۇ سىرنى ئىزھار قىلىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ـ دە! چۈنكى، ئۆز سىرىغا ئۆزى مەھرەم بولالماي، ئۆز سىرىنى ئۆزى

ساقلىيالماي، بىركىمگە دېگەن بولسا، ئۇ يەنە بىراۋغا دېسە ئەلۋەتتە ئۇنى بىر كىشى ئۆزى كۆتۈرەلمىگەن يۈكنى باشقىلارمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوقمۇ؟

ئۈچىنچى ۋەسىيەت:

دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئەمىرلىرى بىلەن مۇۋاپىق ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ بىر دىل، بىر نىيەتلىك سادىق دوستلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە ياردىمى بىلەن ئىش پۈتۈلگەي، چۈنكى ئىتتىپاق بولغاندا پۈتۈن جاھان تەسەررۇپى ئاستىغا ئۆتكەي.

— ئالىيلىرى، ھەرقانداق جايدا، دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ بەرەھمەن — دوستلارنىڭ مۇھەببەت تەڭگىلىرى ئىخلاس سەرراپخانىسىدا تاۋلانغان بولسا ياكى دوستلۇق دەرىخى ئىختىساس بېغىدا يەككە دىللىق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، بۇ جاھاننىڭ راھىتى ۋە خۇشاللىقىنىڭ مەدىتى بولۇپ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ پايدا - مەنپەئەتى ھەددى - ھېسابسىزدۇر-كى، ئۇ بىر قىللىك كۈنلەردە شادلىق ۋە خۇشاللىققا ئورتاق، قىيىنچىلىق كۈنلەردە ھەمدەم ۋە يار - يۆلەك بولىدۇ.

تۆتىنچى ۋەسىيەت:

ئەقىللىق كىشى ھەر قاچان دۈشمەن سۆزىگە ئىلتىپات بىلدۈرمەسلىكى لازىم ۋە ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاشنالىق مېلىغا خېرىدار بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، دانا دۈشمەن ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزلەپ، كۆرۈنۈشتە بەك ياۋاش - يۇمشاقلىق قىلىدۇ. لېكىن ئاستىرتتىن ئۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەلبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئاجايىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، ھوشيار كىشىلەر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، دۈشمەن قانچە مۇلايىملىق كۆرسەتسە ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان قىلىشى، مۇبادا ئۇ ئىتتىپاقلىق قولىنى سۇنسا،

ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتىنىشى كېرەك. ئەگەر، غاپىللىق قىلسا دۈشمەن ھەمىشە قەست قىلىپ يۈرگەچكە، پۇرسەت تېپىپ تەدبىر ئوقىنى مۇراد نىشانىغا تەگكۈزىدۇ. بۇ چاغدا چارە ۋە ئىلاج تېپىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ ــ دە، ھەسرەت ــ نادامەت قىلغان بىلەن ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

شۇڭا پادىشاھلارغا توغرا كېلىدىغان ياخشى تەدبىر شۇكى، دۈشمەننىڭ شان ــ شەۋكىتى ۋە قۇدرىتىنى ئېنىق كۆرسە ۋە ئۇنىڭ غەلىپ كېلىپ، سەلتەنەت ۋە مەملىكەتتە پىتنە ــ پاسات يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسە، پىتنە ــ ئىغۋا ئوتىنى ئاردىن ئۆچۈرگۈدەك بىر چارە قىلىش كېرەك. چۈنكى، دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىتتىكلىك قىلماق ئەقىل ھۆكۈمى ۋە تەجرىبە يوسۇنىدىن يىراقتۇر. «جاھان ساڭا باقمىسا سەن جاھانغا باق» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بۇنداق چاغدا، كىشى دۈشمىنىگە ئۆز ھاجىتىگە تۇشلۇق ئىلتىپات قىلىپ قويۇشلا كۇپايە، ئەمما، ئۆزىنى خارلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغىدەك مىقداردا ئىززەت ــ ئىكرام بىلدۈرۈش توغرا ئەمەس. يەنە بىرى ھەرگىزمۇ دۈشمەنلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ۋە دىللىرىگە ئالدىنىپ مەغرۇر بولغۇلۇق ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئەقىل ــ پاراستى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىشىنىش كېرەك. زاھىد ھەييارلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، قولدىكى قويىدىن قۇرۇق قالدى ئەمەسمۇ؟

## ئالدانغان زاھىدنىڭ ھېكايىسى

گۆرەگان شەھىرىدە بىر نەچچە ھەييار، جەللىگۇرلەر بار ئىكەن. بىر كۈنى بىر زاھىد بازاردىن بىر قوي سېتىۋېلىپ يېتىلەپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى جەللىگۇرلەرنىڭ قويغا كوزى چۈشۈپتۇ. بۇلار «ئۇ ساددا دىل زاھىدتىن بۇ قوينى ھىيلىنىڭ

زورى بىلەن ئالىمىز» دەپ تىل بىرىكتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەللىگۈرلەر زاھىدنىڭ ئۇدۇلغا كېلىپ:

ھەي شەيخ، بۇ ئىتنى قاياقتىن ئېلىپ كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئىتنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىرئازدىن كېيىن يەنە بىرى كېلىپ:

كېيىن يەنە بىرى باشقا بىر تەرەپتىن كېلىپ:

— ھەي بۇزرۇكۋار، شىكارغا ماڭدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆتىنچىسى پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئەزىز، بۇ ئىتنى نەچچە پۇلغا سېتىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، يەنە بىرى كېلىپ تەنە قىلىپ:

— بۇ ئۆزىنى مەن زاھىد دەيدۇ. قولىنى ۋە تونىنى بۇ ئىت بىلەن بۇلغاپتۇ، — دېسە، يەنە بىرى:

— ئۇنداق دېمە، بۇ خۇدانى ئىزلىگۈچى كىشى، تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى دەپ، بۇ ئىتنى پەرۋىش قىلغىلى ئالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئۇ مەككارلارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ سۆزى بىر يەردىن چىققاچقا، زاھىدنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپتۇ ـ دە، «بۇ جانۋارنى ماڭا ساتقان كىشى جادۇگەر ئوخشايدۇ. كۆزۈمنى باغلاپ ئىتنى ماڭا قوي كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئىتنى قويۇۋەتمەكتىن ياخشى ئىش يوق. بۇنى ساتقۇچىنى تېپىپ پۇلۇمنى ياندۇرۇۋالاي» دېگەن ئويغا كېلىپ، بىچارە زاھىد ساددىلىقتىن قوينى قويۇۋېتىپتۇ ۋە بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى جەللىگۈرلەر كېلىپ قوينى تۇتۇپ، خىلۋەتكە ئېلىپ بېرىپ سويۇپتۇ. زاھىد ئاشۇنداق ھىيلىگە ئالدىنىپ قويدىن ئايرىلىپتۇ.

دېمەك دۈشمەندىن غاپىل بولماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك. پادىشاھلىقنىڭ ئەبەدى بولۇشى ۋە

دۆلەتنىڭ پەرقارار بولۇشى تۆت نەرسە بىلەن بولىدۇ. بىرىنچىسى، ھوشيارلىق، ئەتە بولىدىغان ۋەقەلەرنىڭ سۈرىتىنى بۈگۈننىڭ ئەينىكىدە كۆرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ئىككىنچى، توغرا مۇداپىئە، ئۇنىڭغا سۇسلۇق قىلماسلىق كېرەك. ئۈچىنچىسى، ياخشى تەدبىر، ئەگرىلىككە مايىل بولماسلىق. تۆتىنچى، ئىتتىك شەمشەر، ئۇنىڭ ئوتلۇق چاقنىشى دۈشمەنلەرنىڭ غۇرۇر خامىنىنى كۆيدۈرىدىغان بولسۇن، دۈشمەن تەۋەززۇ قىلسا ۋە يالۋۇرسا ئۇنىڭغا ئالدىنىش ئەقىل يولىدىن يىراقتۇر.

بەشىنچى ۋەسىيەت:

ھەرقاچان مۇراد - مەقسەت گۆھىرى قولغا كىرسە، ئۇنى ياخشى ئاسرىغاي، غەپلەت بىلەن زايا قىلىۋەتمىگەي. چۈنكى، ئىككىنچى مەرتىۋە قولغا كەلتۈرگىلى بولماس. ھەرقانچە پۇشايمان قىلسا پايدا بەرمەس ۋە ئېتىلغان ئوق قايتماس.

دۆلەت قۇشىغا ئوخشاش كۆڭۈللەرگە مەخپىي ئەمەسكى، ھەرقانداق نەرسىنى تېپىشقا قارىغاندا ساقلاش مۈشكۈلدۇر، چۈنكى ھەرقانداق نېمەت بەختنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ھاسىل بولۇر. ئەمما ئۇنى روشەن ئەقىل ۋە ياخشى تەدبىرلەر بىلەن چىڭ تۇتماي تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەر كىشىگە ھوشيارلىق ۋە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگىنى ئۆزۈن ئۆتمەي تالاپەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ - دە پۇشايمانغا ئورۇن قالمايدۇ.

گەر مۇرادىڭ كەلسە قولغا سەن غەنىيمەت بىل ئۇنى،
گەر قولۇڭدىن كەتسە يىگەيسەن پۇشايمان بىرلە غەم.
كۆپ كىشى غەپلەتتە مالۇ پۇلنى بەرباد ئەيلىدى،
قالدى پۇلسىز ئاخىرى، چەكتى ھېسابسىز دەرد - ئەلەم.

پۇلدىن ئايرىلغان نىمە دېسمۇ كەلمەس ئورنىغا،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ياقاڭنى پارە قىلغان بىرلە ھەم.

**ئالتىنچى ۋەسىيەت:**

ھېچقانداق ئىشقا يەڭگىللىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئويلاپ، ئالدىرىماي ئىش قىلغاي، چۈنكى ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ زىيىنى كۆپتۇر، پايدىسى يوقتۇر.

ھەرقانداق كىشى ئىشنىڭ بىناسىنى سەۋرە ۋە چىدام ئۈستىگە قويمىسا، مۇھىم ئىشلىرىنىڭ داۋامىنى ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىق بىلەن مۇستەھكەملىمىسە، ئەمىلىنىڭ ئاخىرى مالامەتكە بېرىپ توختايدۇ، ئەھۋالىنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەسرەت - نادامەتنى ئارتىدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىراق بولغان سۈپەت — ئاللاتائالا ئادەمنى يارالتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بىلەن زىننەت بەرگەن ۋە پۈتۈن ئالەم ئەھلىگە ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق بەرگەن سۈپەت — ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىقتۇر.

«ياۋاشلىق» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ھەلىم» دېيىلىدۇ. ئەگەر، بۇ سۆزنىڭ باش ۋە ئاخىردىكى ئىككى ھەرپىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرسا «مەلھە» بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تۈركى تىلدىكى مەنىسى «تۇز» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى ياۋاشلىق ھەممە خۇيلار تائامىنىڭ تۇزىدۇر. ئەگەر بىركىم ئۆز دېمەتلىكلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمىگۇدەك دەرىجىدە شۇنداق ياخشى ۋە كۆپ پەزىلەت ھەم ھۇنەرلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ۋە بارلىق زامان ئەھلى ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغۇدەك شۇنداق كۆپ ياخشى خۇيلارنى جەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاتىغا يەڭگىللىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ھەمراھ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە ھۇنەرلىرى خۇددى تۇزسىز تائامغا ئوخشاش بىمەزە بولۇپ، خالايىقنىڭ نەبىئىتىگە ياقمايدۇ - دە، ھېچكىم ئۇنىڭغا رىغبەت قىلمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر.

ئالدىراڭغۇ بولماقلىق پەيلى شەيتان،
ئېغىر بولماق كەلتۈرەر لۇتپى ئېھسان.
تەڭرى مەۋجۇت ئەيلىدى بۇ جاھاننى،
ئالتە كۈندە زېمىن ھەم ئاسماننى.
قادىر ئىدى قىلسا گەر پەرۋەردىگار،
بىردەم ئىچرە مىڭ جاھان قىلماقىقا بار.
بۇ ئىش ئىدى ئىنسانغا تەلىم ئۈچۈن،
كۆپ ئويلىساڭ بولغۇسى ئەقلىڭ پۈتۈن.

ھەر كىشى ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيار تىزگىنىنى ئالدىراڭغۇلۇق ئىلكىگە بەرسە، چوقۇم پۇشايمانغا قالىدۇ ۋە ھېسابسىز ئۆكۈنسىمۇ قىلغان ھەسرىتى ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

يەتتىنچى ۋەسىيەت:

ھېچقانداق ئىشتا تەدبىر تىزگىنىنى قولدىن بەرمىگەي، ئەگەر دۈشمەنلىرى ئىتتىپاق تۈزۈپ قەست قىلماق بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى بىلەن دوستلىشىپ شۇنىڭ سەۋەبىدىن باشقىلاردىن قۇتۇلماق مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە قەدەم قويغاي.

كۆپىنچە، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك يۈزەكى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا مۇتلەق ئىشىنىپ كەتمەسلىك، دۈشمەنگىمۇ مەڭگۈ دۈشمەنلىك ئاداۋىتىنى ساقلاپ يۈرمەسلىك كېرەك. بەزىدە دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بارا ـ بارا ئاز قالىدۇ. بەزىدە ئاداۋەتمۇ ئۆزگىرىپ شۈبھە غۇبارى كۆڭۈل لەۋھەسىدىن يوقۇلىدۇ. ئالەم ئەھلىنىڭ دوستلۇقى ئاداۋىتى

خۇددى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش گاھى ياغىدۇ، گاھى توختايدۇ. ئۇ دائىمىي ۋە مەزمۇت بولمايدۇ. بۇ زامان خەلقىنىڭ ئاشنىلىق ۋە بىگانىلىقلىرى پادىشاھنىڭ يېقىنچىلىقى ۋە گۈزەللەرنىڭ جامالى، ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازى ھەم خوتۇنلارنىڭ ۋاپاسى قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا دېۋانىلارنىڭ ئىلتىپاتى، مەسلەرنىڭ ساخاۋىتى، ئاسىيلارنىڭ ئېتىقادىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىمىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تولا دوستلۇق يەككە تەن ۋە يەككە جانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەندە، ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ، بىر يولدىلا دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. تولا ئاداۋەتلەرمۇ ياخشىلىق ۋە مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئوتتۇرىدىكى نىزا ئازغىنا سەۋەب بىلەن يوقىلىپ دوستلۇق بىناسى مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەقىللىق كىشىلەر ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئۆلپەت بولۇشنى تاشلىمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇقامىغا كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يەنە ھەر قانداق دوستىغا ئىشەنچ قىلىپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى جەزملەشتۈرمەيدۇ. «كىشى بىلەن ئالدىرىماي دوست بول، دۈشمىنىڭگە ئالدىرىماي دۈشمەنلىك قىل» دېگەن سۆزدىنمۇ ئەنە شۇ مەزمۇن چىقىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى: «بىر كىشى بىلەن بەك قىزغىن دوست بولۇپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن ئاداۋەت يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. دۈشمىنىڭگە دۈشمەنلىك قىلىشقىمۇ بەك ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن دوستلۇق كېلىش ئىمكانىيىتى بار» دېگەنلىكتۇر. دوستلۇق ۋە تەرەپدارلىق، كۆپىنچە، كىشىنىڭ ئۆزىدىكى تەمكىنلىك، خۇي ـ پەيلىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە گەپ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

بولماسلىق كېرەك دوستلۇقتا ئۇنداق،
ئىككى ئارىغا سىغمىغىدەك موي.

www.uyghurkitap.com

دۈشمەنلىكمۇ ھەم بولمىغاي ئۇنداق،
ئالالمىغىدەك مۇھەببەتتىن بوي.
ئىككى تەرەپنى ئەيلىگەي رازى،
بولسا ھەركىمدە مۆتىدىللىراق خوي.

شۇنىڭ ئۈچۈن زامان ئەھلىنىڭ دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكلىرىنىڭ ئېتىبارى يوق. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدىغان دانا كىشىلەر، بەزى ۋاقىتلاردا، ئۆزىگە نەپ يېتىشكە كۆزى يەتسە، دۈشمەن بىلەن دوست بولۇشتىنمۇ قاچمايدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ، ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ يىراقنى كۆرۈشى ھەم ياخشىلىقنى ئويلىشىنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇلارغا دۆلەت ئىشىكى ئېچىلىپ سائادەت سۇبھىسى يورۇيدۇ.

سەككىزىنچى ۋەسىيەت:

ئاداۋەتخورلاردىن ھەزەر ئەيلىگەي، ئۇلارنىڭ تىلى يۇمشاقلىقىغا ئالدانمىغاي. چۈنكى ئۇلار قەلب سەھنىسىگە ئاداۋەت دەرىخىنى تىككەندۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى زەرەر ۋە ئازاردىن بۆلەك ھېچ نەرسە بولماس.

ھەر كىمكى روھۇل قۇددۇسنىڭ پەيزىدىن مەدەت ئالغان بولسا، ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىيات قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلىدۇ؛ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەيتىنى ھەم پايدا بىلەن زىياننىڭ ۋاقتى ئوبدان بىلىدۇ.

يەنە شۇنىسى ئېنىقكى، ئاغرىنىپ قالغان دوستتىن ھەزەر قىلماق، ئۇنىڭ ئېتىقادى ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بەدگۇمان بولماق ئامانلىق ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. گەرچە كۆرۈنۈشتە ھازىرچە مەنپەئەت يەتكۈزگەندەك قىلسىمۇ، ئاخىرىسىدا ئۇ چوقۇم بىر زەرەر يەتكۈزىدۇ. ھەر كىشى ئاداۋەت ئەھلىدىن بىرەر ئىش يېتىپ قېلىش ئېھتىمالىنى

پەرەز قىلسا، ئۇلارنىڭ تىل ياغلىمىچىلىقلىرىغا ھەرگىز ئالدانماسلىقى كېرەك ۋە ھوشيارلىق قائىدىسىنى ئاشىماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىشتا غاپىللىق قىلىدىغان بولسا، ئۆز جېنىغا ئاپەت تىغىنى ئۇرغان ۋە ئۆز كۆكسىنىڭ ئۇچىدا بالا ئوتىنى ياندۇرغان بولىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشچەئىلگىرى ئىبن مۇدەييىن ئىسىملىك پادىشاھ ئىكەن، ئۇ ئالىي ھىممەتلىك، بەخت دۆلەتلىك پادىشاھ بولۇپ، سەلتەنەت دەرىجىسىگە لايىق مۇبارەك تەختىنى شان - شەۋكەت نەقىشلىرى بىلەن زىننەتلەپ، خۇددى ئاسمان ئايۋانىدەك مۇستەھكەملىگەن ئىكەن ۋە ئۇلۇغلۇق قەسرىنى كۈنگىرىسىنى ھەشەمىتىنىڭ مەدىتى بىلەن پەلەك ئەۋجىدىن ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

ئۇپادىشاھ ئۆز ئوردىسى ئىچىدە بىر تورغاينى ساقلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قەيزە دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن. قەيزىمۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە خۇش كۆرۈنۈشلۈك بىر قۇش بولۇپ، ياخشى ۋە شېرىن سۆزلەرنى ھەم خىلمۇ خىل مىسال - تەمسىللەرنى سۆزلەپ بېرىدىكەن.

قەيزە كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ قەسرىدە تۇخۇم قويۇپ بالا چىقىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، دەرھال بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى ھەرەم سارىيىغا يۆتكەتتۇرۇپتۇ. ھەم: «بالىسى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى تەربىيە قىلىڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. دەل شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىمۇ چېھرىسى ئاپتىۋىدىن دۆلەت نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، ئەھۋال سەھىپىلىرىدىن سائادەت شولىسى چاقناپ تۇرغان بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

قەيزىنىڭ بالىسى چوڭ بولغۇچە، شاھزادىمۇ ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ ۋە ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئۈلپەت بولۇشۇپتۇ. شاھزادە داۋاملىق قەيزىنىڭ بالىسىنى قولىدا تۇتۇپ

ئويناپدىكەن.

قەيزە بولسا ھەر كۈنى تاغلار ۋە ئورمانلارغا بېرىپ كىشى كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن مېۋىلەردىن ئىككى دانىدىن ئېلىپ كېلىدىكەن ھەم ئۇنىڭ بىرىنى شاھزادىگە بېرىپ، يەنە بىرىنى ئۆز بالىسىغا يېدۈرىدىكەن. بۇ مېۋىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ بالىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىپتۇ.

بىر كۈنى قەيزە مېۋە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەندە، بالىسى شاھزادىنىڭ قوچىقىغا سەكرەپتۇ ۋە ئۆز پەنجىسى بىلەن شاھزادىنىڭ قولىنى مەھكەم قامالالاپ، ئۇنىڭ قولىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇلپەت ۋە دوستلۇق ھەققىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇرغان ئىكەن، بىچارە قوش تۇپراق بىلەن يەكسان بولۇپتۇ ـ دە، روھى بەدەن قەپىزىدىن چىقىپ يوقلۇق مەملىكىتىگە راۋان بوپتۇ.

قەيزە قايتىپ كېلىپ بالىسىنىڭ ئۆلۈك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە دەردلىك پىغانى ئۆرلەپ، پۈتۈن ئالەم كۆزىگە قىزىللىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ نالە ـ پەريادىنى پەلەككە يەتكۈزۈپتۇ.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ بالا ئوتىنى ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم ياندۇردۇم ھەم پاراغەت تەختىنى مېھنەت ماتاسىغا ئۆزۈم ئالماشتۇردۇم. مەن بىر تورغاي بولغاندىن كېيىن، يا بىر تىكەن بېشىدا، يا بىر تاغ تېشىدا ئۇۋا تۇتۇپ، بالامنى باقماي پادىشاھنىڭ سارىيىدا ئۇۋا قۇرۇشنىڭ نېمە لازىمى بار ئىدى. پادىشاھنىڭ بالىسىنى تەربىيەت قىلىشىپ بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى؟ سەھرادىكى ئۇۋا بىلەن ئوزۇققا قانائەت قىلغان بولسام بۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولمىغان بولاتتىمغۇ؟» ئىلگىرى ئۆتكەن دانىشمەنلەرمۇ: «زالىملارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ

يىپلىرى ناھايىتى بوش بولىدۇ. ۋاپالىرىنىڭ بىناسى ناھايىتى سۇس بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يا ئەقىدە ـ ئىخلاسىنىڭ ئېتىبارى يوق، يا خىزمەت ۋە مۇلازىمەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتى يوق. ئۇلار گۇناھنى ئەپۇ قىلماقنى ھارام دەپ بىلىدۇ. كىشىنىڭ ھەققىنى زايا قىلماقنى بولسا ھالال سانايدۇ. ئۆز ئىخلاسمەنلىرىنىڭ ۋاپادارلىق ۋە تەرەپدارلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن كىشىگە نېمە ھاسىل بولسۇن؟»

دېگەن گەپنى بىلىپ تۇرۇپ، مەن ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياخشى دەپ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئەيىب دەپ سانايدىغان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بوپتىمەن. ئەمدى مەنمۇ مۇكاپات ۋە جازا ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىم ۋە بۇ جاپاكار زالىم قانخورلاردىن پەرزەنتىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماستىن توختىماسلىقىم كېرەك. دەپتۇ ۋە ئورنىدىن ئۇچۇپلا بېرىپ، شاھزادىنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇپ قارىغۇ قىلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئۇچۇپ بېرىپ قەسىرنىڭ كۈنگۈرىسىدە ئولتۇرۇپتۇ. مۇلازىملار بۇ ھالدا پادىشاھقا خەۋەر بېرىشىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ كۆزى ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياشلار ئاققۇزۇپ، بىر ھىيلە بىلەن ئۇ قۇشنى مىكىردامىغا چۈشۈرۈپ، بالا قەپىزىدە مەھبۇس قىلىپ، قىلغان گۇناھىغا لايىق جازا بەرمەكچى بولۇپ قەستلەپتۇ. شۇڭا، پادىشاھ قەسىرنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ، قەيزىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۈلپىتىم، مېنىڭ قېشىمغا چۈشكىن. سەندىن بىرەر يېرىم خاتالىق سادىر بولۇپ قالغان بولسا قالغاندۇر. سەن خاتىرجەم بولۇپ قېشىمغا چۈشۈۋەر. مېنىڭ سۆھبىتىمگە بەرھەم بېرىپ ئەيش ـ ئىشرىتىم كۆچىتىنى سولاشتۇرما.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ قەيزە، — ھەقىقەتەنمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىش بىزدەك مۇلازىملارغا پەرز ئىدى. مەن

شۇنچە زامانلاردىن بېرى ئاشۇ ئەقىدە بىلەن يۈرگەن ئىدىم ۋە «ئۆمۈرۈم ئىچىدە ماڭا سىېنىڭ دەرگاھىڭدىن بۆلەك سائادەت كەئىبىسى بولماس ۋە ھىممىتىمنىڭ ئېتىنى ساڭا مۇلازىمەت قىلىش مەيدانىدىن بۆلەك يەردە يۈگۈرتمەسمەن» دەپ ئويلايتتىم. بۇنداق ئويلاشتا مەن: «مەرھەمىتىڭنىڭ سايىسىدا ھەرەم كەپتەرلىرىدەك خاتىرجەم ۋە خۇشال ـ خۇرام يۈرەرمەن. مۇرۇۋۋىتىڭنى ئاقلاش ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن تىرىشىپ يۈقىرى مەرتىۋىلەرگە چىقارمەن» دەپ ئۈمىد قىلغان ئىدىم. ئەمدى قارىسام، سەلتەنەت ھەرىمىدىكى ھاجىبلارنىڭ قۇربانلىقلىرىدەك پەرزەنتلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلۈپتۇ. بۇنداق ھالەتتىمۇ مەندە قانداقمۇ بۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى بولسۇن؟ شۇ ھالدىمۇ شىرىن جاندىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلسەم ئىدى، «لەببەي» دەپ خىزمەت ئىكرامىنى باغلىغان بولاتتىم. لېكىن:

بۇ تۇزاقتىن قايسى بىر قۇش قۇتۇلسا گەر،
قايتىپ كەلمەس بۇ تامانغا ئىككىنچى رەت.

دېگەندەك ھېچبىر كىشى بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم ئۆزىنى ئىلان ـ چايانغا چاقتۇرمايدۇ ۋە ھېچبىر زېرەك كىشى بىر نەرسىنى ئىككى قېتىم سىنىمايدۇ.

بۇ مىسالنى ئەقىل ئەھلى ياخشى ئېيتقان، ئەي يىگىت:
«سىنىغاننى سىنىماق ھەردەم نادامەت كەلتۈرەر».

سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ روشەنكى، كىشىلەر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ، لېكىن ئاخىرى ئۇنى كىچىككىنە بىر بانا بىلەن جازاغا تارتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بەختى يار بېرىپ ئۆزى قۇتۇلسا، پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرىگە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى يەتكۈزىدۇ. چۈنكى بۇ سۈپەت ئالىمنىڭ تەبىئىتى مۇكاپاتنى لازىم

تۇتقۇچىدۇر. روزىگارنىڭ تەبىئىتى جازا بەرمەكنى ۋاجىپ بىلىدۇ. بۇ خۇددى سىنىڭ ئوغلۇڭ مىنىڭ پەرزەنتىمگە زۇلۇم قىلغانلىقىدىن، ئىختىيارسىز ھالدا مەندىن ئۇنىڭغا مۇكاپات يەتكەندەك بىر ئىش. ھەركىم زۇلۇم قەدەھىدىن شاراب ئىچكەن بولسا، ئۇ بالا خۇمارلىقىنىڭ مۇپتىلاسى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھەر كىشى ئاچچىق تاۋۇز تېرىغان بولسا ناشپىكەر يەيمەن دەپ تەمە قىلماسلىقى كېرەك.

— بولدى ئەمدى، مىنىڭ سۆزۈمگە كىرگىن. مىنىمۇ پىراقىڭ ئوتىدا بىھۇدە كۆيدۈرمە. بىلگىنكى، مەن ئىنتىقام ئېلىشنى ئەيىب بىلىمەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ھەرگىز ياخشى ئىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئەيىب ئىشقا قەدەم قويمايمەن. شۇ تاپتا مىنىڭ سىنىڭ يامانلىقىڭغا ياخشىلىق قىلىش غەرىزىم بار. مەن ئەزەلدىن ھەر كىمدىن بىر زەرەر كۆرسەم، ئۇنىڭغا نەپ يەتكۈزۈپ كەلگەنمەن.

— مىنىڭ يەنە قايتىپ كەلمىكىم مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ قەيزە، — چۈنكى ئەقىللىق كىشىلەر ئازار تاپقان دوستىنىڭ سۆھبىتىدىن قاچقان. بۇزرۇكۋارلار: «ئازارلانغان كىشى ھەرقانچە كۆڭۈل ئىزلەپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ھەرقانچە ئىززەت - ئىكرام قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئالدانماسلىق، بەلكى بەدگۇمان بولۇپ يىراقراق قاچماق پەرزدۇر» دەپ ئېيتقان.

— بۇ سۆزۈڭنى قوي قەيزە، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىڭدىن ھېچكىم سەن ئۈچۈن مەنچىلىك يېقىن ئەمەسلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن. مەن ساڭا ھېچقاچان يامانلىق كۆزلىمەيمەن. خۇسۇسەن مەن سەندىن ئىنتىقام ئېلىش قەستىدە بولمايمەن، سەن ماڭا پەرزەنتتەك ئەزىز ۋە جاندەك شېرىنسەن.

— ئۇرۇق - تۇغقانلار توغرىسىدا ھۆكۇمالار بىر سۆزنى

www.uyghurkitap.com

شۇنداق يوسۇندا تەپسىلىي بايان قىلىغان. ئۇلار: «ئاتا ـ ئانىلار ھەقىقى دوست، بىر قوساقتىن چىققان تۇغقانلار دوست ۋە رەپىق بولىدۇ. تاغىلار ئاشىناغا ئوخشاش، قىزلار بولسا دۈشمەنگە يېقىنراق بولىدۇ. باشقا تۇغقانلار يات ھېسابىدا، ئەمما ئوغۇل بولسا يادىكاردۇر ۋە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدەك بولىدۇ. باشقىلار بولسا ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئوغۇلغا باراۋەر بولالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. مەنمۇ سەن ئۈچۈن ھەرگىز ئوغۇل ئورنىدا بولالمايمەن. مەن شۇنى پەرەز قىلالايمەنكى، سەن مېنى ئوغۇل ئورنىدا كۆرگەندەك قىلغىنىڭ بىلەن بالا كېلىپ، ئاپەت يەتكەن چاغدا تاشلىۋېتىسەن. بىراق، بىراۋغا ھەرقانچە «مەن ساڭا جېنىمنى پىدا قىلىمەن» دېگىنىڭ بىلەن، جانغا تاقىلىدىغان بىرەر ھادىسە ياكى بىرەر ھالاكەتلىك ۋەقە يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، يۈزلەرچە تەرەددۇت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆز جېنىنى قۇتقۇزىدۇكى، ھەرگىز باشقىلارغا ئۆز جېنىنى پىدا قىلالمايدۇ.

ھېكايە قىلىشىچە:

بىر قېرى كەمپىرنىڭ ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ئولتۇرغان مۆھتى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. تولۇن ئاي ئۇنىڭ رۇخسارىنىڭ تابىدىن رەشك ئېتىدىكەن، ئالەمنى قىزىتقۇچى ئاپتاپ ئۇنىڭ يۈزىدىن كۈنلۈكى كېلىپ خىجالەت تەرىگە چۆمۈلىدىكەن.

قازايى قەدەر بىلەن ئۇ گۈل يۈزلۈككە روزىگارنىڭ كۆزى تېگىپ، كېسەللىك ياستۇقىغا باش قويۇپتۇ ۋە جامالىنىڭ گۈلشىنىدە قىزىللىق زەپىران بولۇپتۇ. كۈمۈشتەك ئاق بەدىنى ھارارەت قىزىتمىسىدىن قۇرۇق ـ قاقشال بولۇپ، جىڭگىلەك چاچلىرى تەپ ھارارىتىدىن سارغىيىپتۇ.

كەمپىر قىزىنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ، كۆزلىرىدىن يالۋۇرۇش ياشلىرىنى تۆكۈپ:

— ئەي جېنىم بالام! ئاناڭنىڭ جېنى ساڭا پىدا بولسۇن. بۇ بېشىم سېنىڭ ئايىغىڭ ئاستىدىكى تۇپراق بولسۇن. مەن جېنىمنى ساڭا تەسەددۇق قىلىمەن. ئەگەر بېشىڭدا كېسەل بولسا مېنى بېشىڭدىن ئايلاندۇرغىن بالام، — دەپ ھەر سەھەرلەردە نالە قىلىپ ئاھ تارتىدىكەن. گاھىدا بولسا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ: «خۇدايا بۇ ياش، تېخى جاھاننىڭ لەززىتىنى كۆرمىگەن بىچارىگە رەھىم قىلىپ، مەندەك جېنىدىن تويغان كەمپىرنى ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربان قىلغىن.» دەپ تىلەيدىكەن. ئىشقىلىپ، كەمپىر ئانىلىق مېھرى بىلەن كېچە - كۈندۈز زارلىنىپ دۇئا قىلىدىكەن ۋە يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن. تاسادىپەن بىر كۈنى كەمپىرنىڭ كالىسى پادىدىن كېلىپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە قازاندىكى تاماقنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ قازانغا بېشىنى تىقىپلا تاماقنى ئىچىپتۇ. تاماق تۈگىگەندىن كېيىن بېشىنى كۆتەرگەن ئىكەن، قازاننىڭ گىرۋىكى مۈڭگۈزىگە ئىلىشىپ قېلىپ بېشىنى چىقىرالماي قازاننى بېشىغا كىيگەن پېتىچە ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ بۇلۇڭدىن - بۇ بۇلۇڭغا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كالا ئۆيگە كىرگەندە كەمپىر يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇ ھادىسىدىن بىخەۋەر ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە ئۆي ئىچىدە غەلىتە شەكىللىك ھەيۋەتلىك بىر نەرسىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «مۇھتىنىڭ جېنىنى ئالغىلى ئەزرائىل كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلىپ داد - پەريادكۆتىرىپ زارلىنىپتۇ:

ئەي ئەزرائىل، مەن مۇھتى ئەمەسمەن،
مەن كەچۇرمەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن.
كەلگەن بولساڭ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغايسەن،
ئەي، ئىچىگە كىرىپ ئۇنى تاپقايسەن.

www.uyghurkitap.com

ياش مۇھىتى بولسا قەستىلىك ئال ئۈنى،
ئۆيگە كىرىپ تاپ ئۇنى، قويغىن مىنى.
گەرچە ئەزىز بولسىمۇ ئوغۇل ۋە قىز،
بولماس ئىكەن كىشىگە جاندەك ئەزىز.

مەن بۈگۈنكى كۈندە سەن بىلەن بولغان ھەممە ئالاقىدىن ئۈزۈلدۈم ھەم خالايىقتىنمۇ ئۆزۈمنى تارتىمەن. مەن سىنىڭ خىزمىتىڭدە يۈرۈپ ئۆزۈمگە شۇنداق بىر دەرد — ئەلەم تىپىۋالدىمكى، مىنىڭ كۈچ — قۇدرىتىم ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەلەمنى كۆتۈرەلمەيدۇ. قايسى جانۋارلاردا ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى زۇلۇم ئوتىدا كاۋاپ قىلىپ، ۋۇجۇدىنىڭ مىۋىسىنى بۇلاڭ — تالاڭ شامىلىدا بەربات قىلىۋېتىشكە، كۆزىنىڭ نۇرىنى ۋە كۆڭلىنىڭ سەۋرىنى يوق قىلىۋېتىشكە تاقەت بولسۇن.

— ئۆچمەنلىكنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ خىلۋەتخانىسىدا يوشۇرۇن تۇرماقتا، — دەپتۇ قەيزە ئۇنىڭغا، — ۋە ئاداۋىتىڭ كۆكرىكىڭنىڭ باياۋانىدىن ئورۇن ئالغان، لىكىن باشقىلار ئۇنىڭدىن ۋاقىپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىڭدىن چىققان سۆز ئىشەنچىگە يارىمايدۇ. چۈنكى، كۆڭلۈڭدىكى مەنىلەردىن تىلىڭ بىخەۋەر. دىلىڭدىكىنى تىلىڭ سۆزلەپ بىرەلمەيدۇ. لىكىن كۆڭۈلدىن — كۆڭۈلگە يول بولغانلىقى سەۋەبىدىن سىنىڭ تىلىڭ دىلىڭغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى مىنىڭ كۆڭلۈم چۈشىنىۋاتىدۇ.

سىنى كۆڭلۈڭدىكى ئاداۋەت ۋەھشىتىنى چىقىرىۋېتىشكە — نىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى يوق. كۈچ — قۇۋۋەت بىلەن مىنى بىرتەرەپ قىلالمايدىغانلىقىڭ ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىيلە — مىكىر بىلەن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاۋاتىسەن! شۇڭا بۇ ئىشتا پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىسەن. پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن ئالغان ئاداۋەتتىن قورقماق

كىرەك، چۈنكى ئۇلار سەلتەنەت غۇرۇرى بىلەن ئىنتىقام ئېلىش قەستىگە چۈشكەندە، ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتقا قارىمايدۇ ۋە ھېچقانداق ئۆزرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى خۇددى كۆمۈرگە ئوخشايدۇ.

گەرچە ھازىرچە ئۇنىڭدا ئوت يوق بولسىمۇ، غەزەپ ئۇچقۇنى ئۇنىڭغا ئۇلاشقان چاغدا دەرھال تۇتىشىدۇ ـ دە، ئۆچمەنلىك شولىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن جاھاندىكى ھۆل ۋە قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا قەيزە.

— ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ھېچكىم تەڭرى ئىرادىسىنىڭ سىرتىغا قەدەم قويالمايدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ئىشقىلىپ كىشىگە يەتكەن ھەربىر ئىش تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئوغلۇمنىڭ قىلغان ئىشى ۋە سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جازايىڭمۇ تەقدىرى ئىلاھى بىلەن بولدى. سىلەردىن كۆرۈلگەن سەۋەب ئاساس بولالمايدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە نارازى بولۇپ زارلىنىش راۋا بولمايدۇ:

— بارلىق مەخلۇقاتنىڭ تەڭرىنىڭ قازاسىنى رەت قىلالمايدىغان، ئاجىزلىقى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەلۇملۇق، — دەپتۇ قەيزە، — ياخشىلىق ياكى يامانلىق، پايدا ياكى زىياننىڭ يېتىشى تەقدىر ئىرادە بىلەن بولىدۇ. خالايىق ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تەڭرى ھۆكۈمىنى ياكى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ياكى قازانىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ، ياكى ھېچكىم ئۇنى ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلالمايدۇ، گەرچە بارلىق ئۆلىمالار:

قازاغا قىلمىغىن ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز،
تەڭرىنىڭ ئىشىغا گەپ ـ سۆز نەھاجەت.

www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزدە بىرلىككە كېلىشكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچبىرى «ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىقنى تاشلاش كېرەك» دەپ ئېيتقىنى يوق. بەلكى ئۇلار: «ھەرقانداق ئىشقا سەۋەب قىلماق ۋە كۆپايەت تاپمىغىنى خۇدايىتائالاغا قويماق كېرەك» دەپ ئېيتىشقان.

ھەر نېمەرسىنى ساڭا يەتكۈزسە ھەق،
«بىر سەۋەپسىز يەتكۈزەر» دەپ قىلما گەپ.
تىرىشىپ ھەرىكەت بىلەن قىلساڭ سەۋەب،
ھاسىل بولغاي ھەرنە ئىش قىلساڭ تەلەپ.

دېگەن بېيىتمۇ ئەنە شۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇغۇ؟

ھۆكۈمالار «ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر» دەپ ئېيتىشقان. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىر ھەسرەت - نادامەت، پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

— ھەرقانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرىنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇقى قىلسا، ھەر قەيەرگە بارسا غەرىزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ، — دەپتۇ قەيزە، — ئۇنىڭ بىرىنچىسى بەدقىلىقلىقتىن

يىراق بولماق؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق؛ ئۈچىنچىسى، تۆھمەت قىلىدىغان ۋە رىيا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق؛ تۆتىنچىسى، ياخشى خۇيلۇق بولماق؛ بەشىنچىسى، ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەپ ساقلىماق. بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان كىشى ھېچقانداق جايدا غېرىب بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى غېرىبلىقنى يەرلىكلىككە ئالماشتۇرىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئەگەر ئۆز يۇرتىدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن خاتىرجەم بولالمىسا، ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ سەپەر قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەدەل تېپىلىسىمۇ ئۆز زاتىغا بەدەل تېپىلمايدۇ.

پادىشاھ قەيزىنىڭ يۈتىغا سانجىلغان ئازار تىكىنىنى ھىيلە يېگىنىسى بىلەن چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەمدى ئاتقان ئوقىنىڭ قايتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قەيزە، ۋىسال بوستانىنىڭ ھىدى جان دىمىغىمغا يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۈمىد ئەينىكىمدە سۆھبەت چېھرىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئەمما، نەسىھەت سىرى بىلەن كۆڭۈل ئەينىكىمدىكى غۇبارنى ئېرىتىپ، ھاياتىم ئۈچۈن سائادەت كەلتۈرگۈدەك بىر - ئىككى ئېغىز سۆزنى يادىكار قىلىپ قالدۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەي پادىشاھ، — دەپتۇ قەيزە، — جاھاندىكى ھەممە ئىشلار تەقدىرگە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى يا ئىلگىرى - كېيىن ياكى ئاز - كۆپ قىلغىلى بولمايدۇ. بىر كىمنىڭ نامى ئەمالىغا سائادەتمەنلىك سۈپىتى پۈتۈلگەنلىكى ياكى شۇملۇق سەھىپىسى يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن ئېھتىيات شەرتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. ئەگەر مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇرالايدۇ ۋە دوستلار قېشىدىمۇ مەغرۇر، تەنە قىلغۇچىلارنىڭ تەنىسىدىنمۇ يىراق بولالايدۇ. يەنە شۇنى

بىلمەك كېرەككى، نەپ ئالغىلى بولمايدىغان مال ماللارنىڭ ئەڭ ئۇساللىرىدۇر. پۇقرالارنى باشقۇرۇشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان شاھلار پادىشاھلارنىڭ ئەڭ غاپىللىرىدۇر. زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە قىيىنچىلىق چېغىدا دوستىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر دوستلارنىڭ پەست ۋە يامانراقىدۇر. ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان خوتۇن، خوتۇنلارنىڭ ئەسكىراقىدۇر. ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن بويۇن تارتىدىغان پەرزەنت-پەرزەنتلەرنىڭ يامانراقىدۇر. ئەمىنلىك ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر-شەھەرلەرنىڭ ۋەيرانراقىدۇر. سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ كۆڭلى ساپ بولمىغان ئولتۇرۇش-سۆھبەتلەرنىڭ ناخۇشىراقىدۇر. مەن بىلەن پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا شۈبھە ۋە غەشلىك چۈشتى. ئەمدى ۋىدالاشماق ئەلادۇر.

قەيزە شۇ سۆز بىلەن ئۆز گېپىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، ئايۋان ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ھەيرانلىق بارمىقىنى چىشلەپ، پۇشايمان قىلىپ ئاھ تارتىپتۇ.

مانا بۇ ھەسەت قىلغۇچى ۋە ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارنىڭ مىكرىدىن ساقلىنىپ، ئۇلارنىڭ غەرەز ئارىلاشقان دوستلۇقىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنىڭ داستانى. ھەقىقەتەنمۇ ئازار تاپقان دۈشمەن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئەقىل ۋە تەدبىر ئاساسىغا قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى، ھەرقانداق بىر ئەھۋال ئاستىدىمۇ كۆڭلىدە دۈشمەنلىك ساقلاپ يۈرگەنلەرگە ئىشەنمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ ئاپىتىدىن ۋە ئىنتىقام ئېلىش، ئاداۋەت ساقلاشلىرىنىڭ زەھىرىدىن خاتىرجەم بولماسلىقى كېرەك دېمەكتۇر.

توققۇزىنچى ۋەسىيەت:

ئەپۇ قىلىش پەزىلىتىنى ئادەت قىلغاي، مۇلازىملارنىڭ ئاز-تولا گۇناھى ئۈچۈن غەزەپ قىلمىغاي. چۈنكى، چوڭلار ھەمىشە كىچىكلەرنىڭ ئەھۋال سەھۋىلىرىدىكى

خاتانىڭ خىتىنى ئەپۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇيار ۋە شەپقەت قولى بىلەن مەرھەمەت ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بىئەدەپلىكىنى ياپار.

بەرەھمەن پىدپاي ھېكىم جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى ئىبارىلەر بىلەن سۆزىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

مۇلازىملاردا سەل - پەل خاتالىق سادىر بولۇشى بىلەنلا، ئۇنى جازالاشقا ئەمىر قىلسا، مۇلازىملارنىڭ ئېتىقادى قايتىدۇ - دە، ھېچكىم پادىشاھقا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھالدىن ئىككى ئىللەت پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، پادىشاھلىق ئىشلىرى يۇرۇشمەي ۋە پۇتمەي قالىدۇ. ئىككىنچىسى، پادىشاھمۇ ھەم گۇناھكارلارمۇ ئەپۇنىڭ لەززىتىدىن نېسىۋىسىز قالىدۇ. كاتتا پادىشاھلاردىن بىرى: «ئەگەر خەلق مېنىڭ جىنىمنىڭ تامىقى ئەپۇ چاينالمىسىدىن قانداق لەززەت تاپىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، مېنىڭ دەرگاھىمغا گۇناھ ۋە خىيانەتتىن بۆلەك تۆھپە ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتى» دېگەن. پادىشاھلارنىڭ ماللىرىنىڭ جامالىغا ئەپۇدىن ئۆزگە ھېچقانداق ياسىداق ياراشمايدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ كامالىتىگىمۇ مەرھەمەتتىن روشەنرەك بىرەر دەلىل يوق. بىر ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاچچىقىنى باسالىشى بىلەن بىلسە بولىدۇ. ھوشيارلىق ۋە ئەرلىكنىڭ بەلگىسىنى غەزىپىنىڭ قىزىق شەربىتىنى ئىچەلىشى بىلەن ئۆلچىسە بولىدۇ.

پادىشاھنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ ياخشىراقى: «ھادىسە ۋاقتىدا ئەقلىنى ئۆزگە ھاكىم قىلغان بولىدۇ، ھېچ ۋاقىتتا خۇيىنى مەرھەمەت ۋە سىياسەتتىن خالىي قىلماي كۈتۈش» تىن ئىبارەتتۇر. ئەمما مەرھەمەت بوشاڭلىق بولۇپ قالماسلىقى، سىياسەت زۇلۇم بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا سەلتەنەت ئىشى گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن زىننەت تاپىدۇ ۋە مەملىكەتنىڭ مادارى خەۋپ بىلەن ئۈمىدنىڭ ئارىسىدا

بولىدۇ. يەنى ئىخلاسمەنلەرمۇ ئىلتىپاتتىن نائۇمىد بولمايدۇ. پىتنە ـ پاساتچىلارمۇ ئەلنى بۇزۇپ پىتنە ـ قوزغاشقا سىياسەتتىن ئەمىن بولالمايدۇ.

ئىسلام ھۆكۈمالىرى: «تەڭرى تائالا قۇرئاندا بەندىلەرگە ياخشى خۇيلارنى تەلىم بەرگەن. ئەزەلدە سائادەت يار ۋە مەدەتكار بولغان كىشى قۇرئان ھۆكۈملىرىنى كۆڭلىگە قىبلە ۋە جېنىغا كەئبە قىلىشى كېرەك» دەپ ئېيتىقان. تەرىقەت پىرلىرىدىن بىرى ھەقىقەت تىلى بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقنى يۇتماق دېگەنلىك ئوقۇبەت قىلىشقا ھەرىكەت قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئەپۇ دېگەنلىك مالاللىق ئەسىرىنى كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. ياخشى ئىش دېگەنلىك گۇناھنى ئەپۇ قىلغان دوستىغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر.»

بۇ سۆزنىڭ مەھسۇلى شۇكى، ئىشلار بىناسىنى ئىلتىپات ۋە يۇمشاقلىق ئاساسىغا قويۇپ، ھەممە ئىشلاردا دوستلارغا مۇرۇۋۋەت، دۈشمەن بىلەن مادارا قىلماقنى موتىۋەر بىلمەك كېرەك. «سۇھاھ» دېگەن كىتابتا: «ئەگەر يۇمشاقلىقنى سۈرەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ جامالى شۇنداق نۇرلۇق ۋە پارقىراق بولغان بولاتتىكى، ھېچبىر كۆز ئۇنىڭغا قاراشقا چىدىيالمىغان بولاتتى. ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن گۈزەلرەك ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىراق شەكىلنى كۆرمىگەن بولاتتى» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

پۇرسەت كېلىپ قولۇڭغا چۈشكەن بولسا گۇناھكار،
ئەپۇ قىلساڭ سەن ئۇنى، ساڭا كېلىپ باش قويار.
قىلمىشىدىن قورقۇپ ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەندۇر،
گەر ئەپۇدىن تاپسا ھىد يېڭىۋاشتىن جان تاپار.

مۇمكىن بولسا ئەپۇنىڭ سۇرىتىنى سىزماققا،
ئەپۇ يۈزى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرغان بولار.

ئەگەر چوڭقۇرراق ئويلاپ باقىدىغان بولسا، كىشى ئىنساننىڭ شاراپىتى ئەپۇ ۋە ئېھسان بىلەن ئاشىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئاشۇ ئىككى سۈپەتنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلماق كېرەك. ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەسكى، ئادەم گۇناھ ۋە غەپلەت، سەۋەنلىك، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر ھەر بىر گۇناھقا ئازاب - ئۇقۇبەت، ھەر بىر سەۋەنلىككە بىر سىياسەت قىلىۋېرىدىغان بولسا، تېز ئارىدا پادىشاھلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا توسالغۇ ۋە نۇقسانلار پەيدا بولىدۇ.

ئاچچىق تېزلىك بىلەن ئالساڭ قولغا تىغ،
يەيسەن ئاخىر نادامەت بىرلە دەرىغ.
تەپەككۇرلۇق ئىش قىلىشنى قويسا باش،
تاپالمىغاي زىبۇ - زىننەت بىرلە تاج.

ئىككىنچى تەرەپتىن، پادىشاھ گۇناھكار بولغۇچىنىڭ ئىخلاسىغا ۋە قابىلىيىتىگە قارىشى كېرەك. ئەگەر، ئۇنىڭدىن پادىشاھلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بىرەر مەسلىھەت چىقىدىغان ياكى بىرەر ھادىسە پەيدا بولغاندا ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشۈشىنىڭ ئېھتىمالى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئاۋۋالقىدەك ئىلتىپات قىلىشى ۋە دەرھال ئۇنى تەربىيەت قىلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن شەھۋانىيلىكنى ئەيىب كۆرمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىگە قۇۋۋەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى، پادىشاھلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ باش - ئۇچى ۋە ھەددى - ھېسابى يوق. پادىشاھنىڭ ئۆز سىرىگە مەھرەم بولالايدىغان

قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ناھايىتى كۆپ ئېھتىياجى چۈشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، جاھاننى سوراشنىڭ شەرتى شۇكى، پادىشاھلار ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، قەلبى پاك، دىيانەتلىك، ئۆزىنى ئايايدىغان، نەسىھەت قىلالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئۆزىگە تەرەپدار بولغان، ياخشى خۇيلۇق كىشىلەرگە تەربىيەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى نېمە ئىشقا يارايدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ھەر قىسىم كىشىلەرنى ئۆز تۇرىگە قاراپ، لاياقىتىگە يارىشا ئىشقا تەيىنلىشى كېرەك. ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى يامان كۆرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، مەخلۇقلار ئەيىبسىز بولمايدۇ ۋە ئەل ئارىسىدا «ئەيىبسىز يار ئىزلەيدىغان بولساڭ يارسىز قالىسەن» دېگەن گەپمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىر كىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى بېجىرەلمىگەنلىكى ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلسە، گەرچە ئۇ قابىلىيەتلىك ھەم ئەقىللىق كىشى بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنى ئىش بېشىدىن يىراق قىلماق ۋە ئەگەر ئۇ نادان ۋە بىئەقىل بولغان بولسا ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش دەرىجىسىگىچە ئېھتىيات قىلماق ۋاجىپتۇر. مانا بۇ مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلارغا ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدىن مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن بىر قىل ياكى بىر قارامۇقچىلىق نەرسە ئۆزىگە مەخپىي قالمىغۇدەك دەرىجىدە خەۋەردار بولۇش پادىشاھلار ئۈچۈن پەرھىزدۇر. بۇنىڭدىن ئىككى تۈرلۈك پايدا ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئەمەلدارلارنىڭ قايسىلار، خەلقپەرۋەر ۋە قايسىلىرىنىڭ زالىم بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ ــ دە، پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلغانلارنى تەربىيەت قىلىپ، خەلققە جاپا سالغانلارنى مەنسەپ ۋە ئەمەلدىن ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، مۇلازىملار پادىشاھىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ

تۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلىسا، ھەم ياخشى ئىشقا ۋە ئادالەت قىلغانلارغا ئىنئام بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسە يامانلىق تەرەپكە ئەسلا قەدەم باسالمايدۇ.

ئونىنچى ۋەسىيەت:

ئۆزىگە يامانلىق كەلمىسۇن دېسە، ھېچ كىشىگە يامانلىق كەلتۈرمىگەي، بەلكى ياخشىلىق يامغۇرىنى پۈتۈن خەلقئالەم ياغدۇرغاي، چۈنكى پۈختىلىق بېغىدا مۇراد دەرىخى مېۋە بېرەر ۋە ھەركىم ياخشىلىق قىلسا ئۆزىگە قىلۇر.

پەقەت ئوسال كىشىلەرلا باشقىلارنى ئىزاغا قويىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، چۈنكى بۇ كىشىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى پايدا ۋە زىياننى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئازغۇنلۇق باياۋانىدا سەرگەردان بولۇپ، ئۆز ئىشىنىڭ ئاخىرىدىن غاپىل قالىدۇ ــ دە، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كۆزى يەتمەيدۇ، ھەقىقىي مۇكاپات ۋە جازاغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەمما، ئەقىلنىڭ كۆزىگە تەۋپىق سۈرمىسى تارتىلىپ روشەن قىلىنغان، كۆڭۈل چىمەنىدە ئىنايەت گۈللىرىدىن گۈلشەن بەرپا قىلىنىپ خۇش پۇراق بولغان كىشىلەر بولسا، ئۆزىگە بۇنداق قىلمىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆزى خالىمىغاننى باشقىلارغا تاڭمايدۇ. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بىرەر يامانلىق قىلغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرچە جازاغا ئۇچرىمىغانلىقى بىلەن مەغرۇر بولمىسۇن، ئۇ ئاقىۋەت جازاغا ئۇچرايدۇ. خۇدا ئۇنداقلارغا بىر مەھەل زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامان بەرمەيدۇ. كىشى ھەرقانداق ئۇرۇقنى ئەمەل يېرىدە تېرىيدۇ ۋە ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق تىلىگەنلەر ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن باشقىنى تېرىماسلىقى كېرەك.

ياخشى مۇكاپات تاپماق بولسا ئەگەر خاھىشىڭ،
بارچە كىشىگە ھامان ياخشىلىق بولسۇن ئىشىڭ.

قىلغان ھەر ئىش ئەلۋەتتە قىلغۇچىسىغا يانغاي،
يەنە زۇلۇم قىلىسەن، شۇ بولدىمۇ بىلىشىڭ.

ئەگەر كىشى يامان ئىش قىلىدىغان بولسا، لېكىن كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىش قىلغان بولۇپ يۈرسە، خالايىقلار ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۇنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ، پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر قىلغان ھالەتتىمۇ، ئاشۇ مەخپىي قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ يامانلىقى ئۇنىڭغا يانماي قالمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر خۇددى دېھقاندەك يەرگە ھەنزەل (ئاچچىق تاۋۇز) تېرىسا ۋە ئۇرۇقىنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتىپلا خالايىقلارغا «بۇ يەرگە ناشپىكەر تېرىدىم» دېسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم «ناشپىكەر ئۈنىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. ئەمما ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ يەردىن ناشپىكەر ئەمەس، بەلكى ھەنزەل ئۈنىدۇ ـ دە.

كىم يامان قىلسا يامانلىق كۆرگۈسى،
ئۇ ئۇرۇغدۇر ھەق ئۇنى ئۈندۈرگۈسى.

## زالىم ئوتۇنچىنىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن زاماندا بىر زالىم بار ئىكەن. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئوتۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، يېرىم باھادا پۇلنى بېرىدىكەن ۋە شۇ يوسۇندا جۇغلىغان ئوتۇنىنى قىشچە بايلارغا توشۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل ئالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جەۋرىدىن كەمبەغەللەر نالە ـ زار قىلىدىكەن ھەم بايلارغا قاقشايدىكەن.

جەۋرىدىن ھەربىر جىگەر بولغان كاۋاپ،
زۇلمىدىن بارچە كۆڭۈل بولغان خاراب.

بىر كۈنى ئۇ بىر دەرۋىشنىڭ ئوتتۇننى كۆچ بىلەن تارتىۋاپتۇ ۋە ھەتتا ئوتتۇننىڭ يېرىم باھاسىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئازغىنا پۇل تاشلاپ بېرىپتۇ. دەرۋىش دۇئا قولىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ، يىغلىنىش يۈزىنى تەلەپ قىبلىسىگە كەلتۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا، بىر شەپقەتلىك كىشى ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇ زالىمغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

زەئىپ ئەلنىڭ ساڭا ئانقان ئوقىدىن كۆپ ھەزەر قىلغىن،
كى زەئىپى قانچە ئارتۇق بولسا، ئوق زەخمى بولۇر قاتتىق.

— بۇ بىچارىلەرنىڭ خۇدادىن باشقا پاناھى يوق. بۇلارغا ئۇنداق زۇلۇم قىلما! بۇ كىشىلەر ھەر كېچىسى خۇددى شامدەك كۆڭۈل كۆزىدىن ياش ئاققۇزىدۇ. بۇلارغا بۇنچىۋالا جاپا سالما. بۇ غېرىبلارنىڭ كۆكرەك ئويىنى زۇلۇم بالاسى بىلەن ۋەيران قىلما. گەرچە سېنى قاتتىق مەي خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ، يېتىملارنىڭ يۈرەك قېنىنى شاراب ئورنىدا ئىنتىقام جامىغا قۇيما!

بۇ ئەزىزنىڭ سۆزى ئۇ تەكەببۇر زالىمغا خۇش ياقماپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەخمەقلىق ۋە جاھىللىقى چېكىدىن ئاشقان ئىكەن. شۇڭا نەسىھەتنى قوبۇل قىلماپتۇ:

دەرۋىش ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر خىلۋەت جايغا كىرىپ كېتىپتۇ. تاسادىپەن شۇ كۈنى كېچىسى ئوتتۇن جوغلانغان ئۆيگە ئوت كېتىپ، پۈتۈن ئوتتۇننى كۆيدۈرۈپ، ئوتتۇنچىنىڭ ئولتۇرغان ھويلىسىغىمۇ ئوت تۇتىشىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بارلىق بايلىقىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆز جېنىنى ئاران

قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئوتتۇنچى ئەتىسى قوشنىلىرىغا «بۇ ئوت ئۆيۈمگە نەدىن تۇتاشقاندۇر؟» دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى نەسىھەت قىلغان ئەزىز ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۇ ئوت دەرۋىشلەرنىڭ ئاھلىرىنىڭ شولىسىدىن ۋە دىلى ئاغرىغانلارنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆيۈشىدىن چۈشتى، — دەپتۇ.

قىلما دەردمەنلەرنىڭ ئوتلۇق كۆكسىنى ھەرگىزمۇ چاك،
ئىتتىك ئوتنى يارسا ئۇ ئوت تېخىمۇ ئۇلغايغۇسى

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ھەرقانداق ئىشقا ئۆزىگە يارىشا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولسا، يامان ئىشلاردىن يېنىپ، ياخشى ئەمەل بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. زۇلۇم ۋە دىل ئازارلىقتىن توۋا قىلىپ، شەپقەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتۇشى لازىم. مەرگەن ئەقىللىق كىشىلەر بۇ بېشارەتنى پەم ئېتىشى، بۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ئېسىدە ساقلىشى، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ بىناسىنى مۇشۇ نەسىھەت ئۈستىگە قۇرۇشى كېرەك. ھەر كىشى ئۆز ئىشىنىڭ باشتىن - ئاخىر ياخشى سۈپەتلەر بىلەن زىننەت تېپىشىنى خالىسا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا راۋا كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىق ۋە زالىملىقنىڭ شۇملۇقلىقىغا ئۇچرىمايدۇ.

ئون بىرىنچى ۋەسىيەت:

ھەر كىشى ئۆز ھالىغا مۇناسىپ بولمىسا ئۇنى قىلمىغاي، ھەر كىشى نامۇناسىپ ئىشقا قەدەم قويۇپ، ئۆز ئىشىنى تاشلىسا، ئۇ قولغا كەلمەس، بەلكى قولدىن كېتەر.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن دانىشمەنلەر: «ھەر ئىشقا لايىق ئادەم، ھەر جايىغا مۇناسىپ سۆز بار» دېيىشكەن، شۇنىڭ

ئۇچۇنمۇ بەزى ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىدىن باشقا ئادەم قىلالمايدۇ، بەزى چاغدا بىر ئىشقا باشقا بىر سۆزنى قىلسا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

تاۋۇس پەيلىنى چىۋىن قىلالماس،
چىبكەتكە سۇمرۇغ ئىشىن بىلەلمەس.
تىكەندە نەشتەر خاسىيىتى يوق،
ھەم ئۇندا گۈلنىڭ خۇش ھىدىمۇ يوق.

تەقدىر ئەزەل ساقىيسى ئۆز نىسۋە مەيخانىسىدىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇۋۋىتىگە ۋە ئېھتىياجىغا لايىق مەي بېرىپ شادىمان قىلىدۇ. ئۇ ھېچكىمنى ئۆز ئىنسانىيىتىنىڭ شەربىتىدىن بەھرىسىز ۋە مەھرۇم قويغىنى يوق. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر بىر ئىنسان ئاللاتائالا ئاتا قىلغان ئۆز ھۈنىرىگە مەشغۇل بولۇشى ۋە ئۇنى دەرىجىمۇ دەرىجە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كامالەتكە يېتىشى كېرەك.

بورىچى گەر ھۈنەرگە ئۇستا بولسا ھەرقاچان،
ھۈنىرىگە نا ئۇستا چەكمەنچىدىن ياخشىراق.

ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى تاشلاپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ئىشنى باشلىسا، ئەلۋەتتە ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئۇ يولدىن مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ؛ بۇرۇنقى يۈرگەن يولىغىمۇ يېنىپ كېلەلمەيدۇ. يەنى ئالدىغىمۇ باسالمايدۇ، كەينىگىمۇ يانالمايدۇ. شۇڭا، ئاقىللار ئۆز يولىدا مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىشى، ئارزۇ - ھەۋەس بىلەن باشقا شاخقا قول ئۇزارتماسلىقى، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن زىيان كېلىدۇ. شۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىللە كۆپ نەپ ۋە ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ئىشلارنى ئاسانلىق بىلەن قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ھەر كىشى قايسى ھۈنەردىن رىزقى تاپقان بولسا، ئۇنى تاشلىماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن زىيان كېلىدۇ. چۈنكى بۇ پەرىشانلىق ۋە سەرگەردانلىقتىن نىجات تېپىشنىڭ يولىدۇر. مەۋلىۋى رۇمى ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىلەر گۆھەرلىرى بولغان سۆزلىرى ئىچىدىن مۇنۇ بېيىت مۇشۇ ھالەتكە دالالەت قىلىدۇ.

ئەنجۈر سېتىشنى كەسىپ ئەتكەن كىشى،
ئۆز ئەنجۈرىنى ساتقىنى ياخشى.

## نادان تېۋىپنىڭ ھېكايىسى

بىر نادان ۋە تەجرىبىسىز ئادەم تېۋىپلىق دەۋاسىنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭدا ياكى ئازراق ئىلىم، ياكى دورا تونۇشقا بىلىم دەيدىغان نەرسە يوق، شۇنداق جاھىل ئىكەنكى ھەلىلە بىلەن بەلىلىنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتالمايدىكەن. كېسەللىكنى تەشخىس[1] قىلىشتا شۇنچىلىك نادان ئىكەنكى، كۆز ئاغرىقى بىلەن پۇت ئاغرىقىنى ئايرىيالمايدىكەن. دورىلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلاپ كۇملاچ ياساشتا، بىرىنچىمۇ ئەسلى مىقدارىنى بىلمەيدىكەن، شەربەت ئىچۈرۈش ۋە غىزا تەرتىپىنى بۇيرۇشتا ھېچ نەرسىنىڭ چېنى ۋە قائىدىسىنى ئۇقمايدىكەن.

ئۇ شەھەردە بۇ ئەبلەخ جاھالەت دۇكىنىنى ئېچىپ، ئۆزىگە «ئۇستا تېۋىپ» نامىنى بەرگەن ئىكەن. ئۇ شەھەردە يەنە بىر دانىشمەن تېۋىپ بار بولۇپ، ئۇ مۇكەممەل تەجرىبىگە ئىگە، نەپىسى ۋە قەدىمي مۇبارەكلىكىدىن مەشھۇر بولغان، نەپىسى خۇددى ئەيسانىڭ نەپەسىدەك جان بېغىشلىغۇچى ۋە قەدىمى خۇددى

---

① تەشخىس — دىئاگنوز قويۇش.

خىزىرنىڭ قەدىمىدەك خۇشاللىق كەلتۇرگۈچى كىشى ئىكەن.

لېكىن، ھۈنەرۋەن - قابىلىيەتلىك كىشىلەر زامانىنىڭ ناز داستىخىنىدىن جاپا ۋە مېھنەت نالىنى كۆتىرىپ خارلىقتا قالىدىغان، ھۈنەر - قابىلىيەتسىز كىشىلەر ئۇنىڭ چەكسىز پايدا - مەنپەئەتنى كۆرۈپ زەللە ئالىدىغان ئىش ئىككى يۈزلىمە ھاياتنىڭ ئادىتىدۇر.

بىرىپ - بىرىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىماسى بولغان ئۇ دانىشمەننىڭ ئامىتى قېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كۆز يۇلتۇزىنىڭ نۇرى زەئىپلىشىپتۇ. دانالارنىڭ كۆز قارىچۇقىنىڭ نۇرى روشەنلىك ئالىدىغان ئۇ ئەزىزنىڭ كۆز نۇرى كۈندىن - كۈنگە كېمىيىپ، ئاخىرى ئۇنىڭدا روشەنلىكتىن ئەسەر قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىچارە ئۆزىنى خىلۋەتكە ئاپتۇ. نەتىجىدە ھېلىقى جاھىل قۇرۇق دەۋا قىلىپ لاپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ھېلىقى ئادەم تېۋىپلىق نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ ۋە شوھرەت - داڭقى خالايىقنىڭ ئاغزىغا يېيىلىپتۇ.

ئۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئاپتاپ خىجىل بولىدىكەن. زۇلپى شۇنداق خۇشبۇي ئىكەنكى، سابا تېخى ئۇنداق خۇش پۇراق ئىپارنى جاھان كۆزىگە كۆرسەتمىگەن ئىكەن.

پادىشاھ ئۇ قىزىنى شاھانە ئىززەت - ئابروي ۋە كاتتا توي - تاماشالار بىلەن ئۆز ئىنىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغان ئىكەن.

ئۇ ئىككى گۈزەل بىر جايدا بولۇش ئارقىلىق يىگىتنىڭ شاھانە گۆھىرى مەلىكىنىڭ بەچچىدان سەدىپىدە ئورۇن تۇتۇپتۇ ۋە ئاي - كۈنى توشۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە مەلىكە بىر ئاغرىققا مۇپتىلا بوپتۇ. پادىشاھ دانا تېۋىپنى قېشىغا چاقىرىپ، كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. دانىشمەن تېۋىپ

www.uyghurkitap.com

كىسەلنىڭ ھەقىقەتتىن ئاگاھلىق تېپىپ، ياخشى تەشخىس قىلىپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— بۇ ئاغرىقنىڭ ئىلاجى مېھران دېگەن دورا بىلەن مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر مىسقال ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر مىسقالدىن دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ، سىرىق زەپەر بىلەن شەربەت قىلدۇرغايلا، ئۇنى ئاغرىققا ئىچۈرۈلسە دەرھال رەنجىدىن شىپا تاپقۇسىدۇر، — دەپتۇ.

— ئۇ دورا نەدىن تېپىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ كۆزۈم ساق ۋاقتىدا ھەزرەتلىرىنىڭ شەربەتخانىسىدا ئۇ دورىدىن كۆرگەن ئىدىم. بىر كۈمۈش قۇتىچىدا بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئالتۇن قولۇپ سېلىنغان ئىدى. ھازىر ئۇنى تېپىشقا ئاجىزمەن، — دەپتۇ دانا تېۋىپ.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى تېۋىپلىق دەۋاسىنى قىلغۇچى جاھىلمۇ ھازىر بولغان ئىكەن.

— ئۇ دورىنى مەن ياخشى تونۇيمەن، ئۇ دورىنى تەييارلاش مېنىڭ ئىشىم، — دەپتۇ ئۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەربەتخانىغا كىرىپتۇ. قارىسا دانىشمەن ھەكىم تەرىپلەپ بەرگەن قۇتىچىغا ئوخشايدىغان قۇتىلار ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە لازىملىقىنى ئىزلەپ تاپالماي ھەيران بولۇپ، ئاخىرى بىر قۇتىنى كۆتىرىپلا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ساقلاپ قويۇلغان زەھەر بار ئىكەن. نادان تېۋىپ ئاغرىقنىڭ ھۇزۇرىدىلا ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، زەھەرنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ شەربەت قىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى پادىشاھنىڭ قىزىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى ئىچىشى بىلەنلا جان ئۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، قىزىنىڭ پىراقىدىن ئاھلىرىنىڭ شولىسىنى پەلەككە يەتكۈزۈپتۇ ۋە شەربەتنىڭ قالغىنىنى ئۇ جاھىل تېۋىپقا ئىچۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ

يارىماس ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتى يېتىپ، ئۇمۇ ئۆز ئورنىدىلا جان بېرىپتۇ.

ئون ئىككىنچى ۋەسىيەت:

— ئۆز كەسپىنى قويۇپ باشقا بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئۇنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمەي، بۇنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ داستانىنى بايان قىلدىڭ. ئەمدى، پادىشاھنىڭ ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ قايسى سۈپەتلىرى ياخشىراق ۋە قايسى خىسلەتلىرى يېقىملىقراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ ئىكەن. مەن ئون ئىككىنچى ۋەسىيەتتە: پادىشاھلار ياۋاشلىق ۋە ئېغىرلىقنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتۇشى كېرەك، دېگەننى كۆرگەنىدىم.

شېرىن سۆزلۈك بەرەھمەن گۆھەردەك ئىبارىلەر بىلەن ئون ئىككىنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق شەرھىلەپتۇ.

— بىلگىنكى، پادىشاھنى ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدىغان، پۇقرالارمۇ پادىشاھتىن خۇشال بولىدىغان سۈپەت ياۋاشلىق ۋە خۇشخۇيلۇقتۇر. سەن شاھلار ئۈچۈن ياۋاشلىق ياخشىمۇ، ساخاۋەتمۇ ياكى شىجائەت ياخشىمۇ دەۋاتىسەن. بۇ كۆپ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا كېرەك بولىدىغان خىسلەتلەردۇر. ئەمما شىجائەت ئاندا - ساندا كارغا يارايمۇ قالىدۇ. ساخاۋەت بىلەن ياۋاشلىق بولسا ھەر ۋاقىت زۆرۈردۇر. شۇنداق ئىكەن، سېخىيلىق ۋە ياۋاشلىق شىجائەتتىن ياخشىراق بولىدۇ - دە. ئىككىنچىدىن ساخاۋەتنىڭ پايدىسى پادىشاھنىڭ ئىنئامىدىن بەھرى تېپىشقا سالاھىيىتى بولغان كىشىلەرگىلا يېتىدۇ. ياۋاشلىقنىڭ مەنپەئىتى بارلىق ئامۇخاسقا، لەشكەر ھەم پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن ياۋاشلىقنىڭ ئۇ ئىككىسىدىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇزرۇكلاردىن بىرى: «ئەگەر بىر تال قىلىنىڭ بىر ئۇچىنى

مەن تۇتسام، يەنە بىر ئۇچىنى ھەممە خالايىق تۇتۇپ تارتىپ ئۈزمەكچى بولسا، ھەرگىز ئۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كۈچ بىلەن تارتسا مەن ئۇلار تەرەپكە بارىمەن، ئەگەر ئۇلار كۈچىمىسە مەن ئاستا تارتىپ، ئۇلارنى ئۆزۈم تەرەپكە ئەپكېلىمەن. يەنى مېنىڭ ياۋاشلىقىم ۋە خۇشخۇيلۇقۇم شۇ دەرىجىدىكى، ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى چىقىشىمەن» دېگەن ئىكەن.

بىلمەك كېرەككى، ئېغىرلىق ۋە ياۋاشلىق پادىشاھلار ئۈچۈن زىبۇزىننەت بولىدىغان ياخشى خىسلەت، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى جاھان ئەھلىنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. بەس، ئۇلار ئەگەر خۇيلىرىنى ياۋاشلىق ۋە دىيانەت بىلەن زىننەتلىمىسە، بىر قوپاللىق بىلەن خالايىقنىڭ ھاياتلىقىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ ـ دە، مەملىكەتتىن نىزام ۋە كۆڭۈلدىن ئارام يوقىلىدۇ.

ئەگەر پادىشاھ ساخاۋەت سۈيى بىلەن جاھان يۈزىسىدىن ئېھتىياج غۇبارىنى يۇسا ياكى شجائەت ئوتى بىلەن دۈشمەنلەر ئۆمرىنىڭ خامىنىنى كۆيدۈرسە، شۇ سۈپەتلەر بولۇپ تۇرۇپ، ئەگەر خۇيى قوپال بولسا، بىر جاپا بىلەن ساخاۋەتنىڭ بۇلىقىنى تىندۇرىۋېتىدۇ، بىر غەزەپ بىلەن مىڭلاپ كىشىنىڭ جانلىرىنى قىرىۋېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ساخاۋىتىدە ۋە شجائىتىدە كەمچىلىك بولسىمۇ، دوستلۇق، كۆڭۈل ئىزلەش، ياۋاشلىق ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن پۇقرالار ۋە لەشكەرلەرنى ئۆزىدىن خۇش قىلالايدۇ ـ دە، پۈتۈن جاھان ئەھلى ۋە ئەلنى تەرەپدارلىق ۋە خىزمەتكارلىق رىشتىسىگە باغلىيالايدۇ.

ئاندىن پادىشاھ ياۋاش بولۇشنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى چىدامسىز ياۋاشلىق ئەيىبتىن خالى ئەمەس، ئەگەر كىشى ياۋاشلىق قىلىپ، نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى كۆتۈرگەن ھالەتتىمۇ ئاقىۋىتىدە يەڭگىللىك قىلىپ قويسا، بارلىق بەرداشلىقىنىڭ ھەممىسى زايا بولىدۇ.

پادىشاھلار غەزەپتىن يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ: «ياۋاشلىق پەيغەمبەرنىڭ خۇيى، ئاچچىقلانماق ئىتنىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بار. ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا شۇ ئىش ئېنىق ۋە مۇقەررەركى، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ غەزىپى ئۇستىدىن غالىپ كېلەلمىسە، ساداقەتلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. «ناۋادىرول - كەلىمات» («نادىر سۆزلەر») دېگەن كىتابتا شۇنداق يېزىلغان ئىكەن.

بىر كىشى بۇزرۇكۋاردىن: «بارلىق ياخشى خۇلقنى كىشىنىڭ يادىدا تۇتۇش ئاسان بولغان بىر سۆپەتكە يىغىنچاقلاپ بەرسەڭ؟» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن. ئۇ بۇزرۇك كىشى: «غەزەپنى رەد قىلماق ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئالدىراقسانلىق ۋە غەزەپتىن قىلىنغان ئىشنىڭ ھەممىسى پۇشايمانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاجايىپ ھېكايىلەرمۇ بار.

## ئالدىراڭغۇ كەپتەرنىڭ ھېكايىسى

بىر جۈپ كەپتەر ياز كۈنى قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا چوقۇلاپ، ئۇۋىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا زاپاس قىلىپ ساقلاپ قويغانىكەن. بىر كۈنى كەپتەرلەرنىڭ ئەركىكى ئاشۇ داننى ياخشى ساقلاشنى تاپىلاپ قويۇپ سەپەرگە كېتىپتۇ. دانلار جۇغلانغان ۋاقتى نەم ئىكەن، شۇڭا كۆپۈپ تۇرغاچقا كۆپ كۆرۈنگەن ئىكەن. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە ھاۋانىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇ دانلار قۇرۇپ كەتكەچكە جىمقىپ ئاز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەركەك كەپتەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا داننىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىشىسىغا

مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ داندىن نېمىشقا يېدىڭ؟ بۇنى قىشلىقىمىز ئۈچۈن زاپاس قىلىپ قويماپمىدۇق؟

— ئاللا، بىللا، — دەپتۇ چىشى كەپتەر، — مەن داندىن يېيىش تۇگۇل، يېيىش دېگەن خىيالنى خاتىرەمگىمۇ كەلتۈرمىدىم.

ئەركەك كەپتەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ ۋە غەزىپى تېشىپ ئۇنى تۇمشۇقى بىلەن بىرنەچچىنى چوقۇپ، قانتى بىلەن بىرنەچچىنى سوققانىكەن ئۆلۈپ قاپتۇ. كېيىن ئىككى ئۈچ كۈن يامغۇر ياغقان ئىكەن، دان كۆپۈپ يەنە ئەسلىدىكى ھالىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا ئەركەك كەپتەر دانلارنى ئۇنىڭ جۈپتى يېگەن بولماي، بەلكى قۇرۇپ ئازلىغانلىقى ئۈچۈن ئاز كۆرۈنگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆز جۈپتىگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئىزتىراپ بىلەن ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلىپ:

— مېھرىبان يارىنىڭ پىراقى قاتتىق رەنج ئىكەن، نادامەتنىڭ پايدا بەرمەسلىكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇڭا ئەقىللىق كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىماسلىق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەزى ئەقىللىق ۋەزىرلەر ئالدىراڭغۇ ۋە غەزەپلىك شاھلار ئۈچۈن مۇنداق پۈتۈكلەرنى پۈتۈپ بەرگەن. بۇنى پادىشاھ مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۆزىگە دەستۇرۇل ئەمەل قىلغان. بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچى پۈتۈك ئۈچ بولۇپ، بىرىنچى پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن: «قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى نەپسى ھاۋانىڭ ئىلكىگە بەرمە، چۈنكى ئۇ سېنى ئەبەدىي ھالاكەتكە تاشلايدۇ.» ئىككىنچى پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى: «ئاچچىق ۋاقتىدا ئالدىڭدا ئاجىز بولۇپ تۇرغانلارغا رەھىم قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ ئاخىر بىر كۈن ساڭىمۇ رەھىم قىلىنىدۇ» دېگەندىن

ئىبارەت ئىكەن. ئۈچىنچى پۇتۇككە: «ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە شەرىئەتنىڭ سىرتىغا چىقما ۋە ھېچقاچان ئىنساپنى تاشلىما» دېگەن مەزمۇن يېزىلغان ئىكەن.

مانا بۇ ياۋاشلىق ۋە ئېغىرلىقنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭ باشقا خۇلق ــ مىجەزلەردىن ئەۋزەللىكىنىڭ تەرىپى. ئەقىللىق كىشىلەر بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋە ھۆلۇمالرنىڭ ئىشارەتلىرىنى ئۆز ئىشلىرىغا پېشۋا قىلىش، ئەل ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ياخشىلاش بىناسىنى ھېكمەت ۋە ئىلىم ــ بىلىم ئاساسىغا قويۇشى، غەزەپ ۋە يەڭگىللىكتىن يېنىپ، سەۋر ۋە چىدامغا تۇتۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ھەركىم ئاللانىڭ ئەنە شۇنداق مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ ھىممىتىنىڭ بېشى تەۋەززۇ تاجى بىلەن زىننەت تېپىپ، سۇپىتىنىڭ قامىتى ياۋاشلىق لىباسى بىلەن جابدۇنىدۇ. بىلمەك كېرەككى، تەۋەززۇ ۋە ياۋاشلىق دۇشمەننى دوست، دوستنى تۇغقاندىمۇ يېقىن قىلىدىغان سۇپەتتۇر.

ئون ئۈچىنچى ۋەسىيەت:

ئۆزىگە ئىشەنچىلىك ۋە كارغا ياراملىق مۇلازىملارنى ساقلىغاي ۋە خىيانەتكار كىشىلەردىن يىراق بولغاي، چۈنكى مۇلازىملار ئىشەنچ سۇپىتىگە مۇيەسسەر بولغان بولسا، پادىشاھنىڭ سىر ــ ئەسرارى ياخشى ساقلانغاي ۋە خالايىق ئۇلاردىن زەرەر كۆرمەس. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلى خىيانەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن قارا بولغان بولسا ۋە سۆزلىرى پادىشاھ قېشىدا ئېتىبار تاپسا كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەر ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە دۇچار بولۇر ۋە بۇ ئىشتىن يامان نەتىجە ھاسىل بولۇر.

پادىشاھلار ئۆز مۇلازىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى سىناق بوتىسىغا سېلىپ، ھەربىرىنىڭ ئىخلاس ۋە ئەقىدە، چارە ــ تەدبىر، نەسىھەتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەپ بېقىشى كېرەك. قايسىسى پەرھىزكار ئامانەتدار بولسا ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ سەرمايىسى راستچىللىقتۇر. لېكىن دىيانەت بولمىسا، راستچىللىق ۋۇجۇدىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دانىشمەنلىكنىڭ ھەقىقىتى تەڭرىدىن قورقماقتۇر ـ تەڭرىدىن قورقمىغان كىشى ھەرقانچە ئەقلى بولسىمۇ ئالىم ئەمەس. ھەرقانداق مۇلازىم تەڭرىدىن قورقىدىغان بولسا ئۇنىڭغا ھەم پادىشاھنىڭ ئىشەنچى زىيادە بولىدۇ، ھەم پۇقرالارنىڭ ئۇمىدۋارلىقلىرى ئاشىدۇ. لېكىن ھەرگىزمۇ قەلبى ئەگرى ۋە يالغانچى كىشىلەرنى پادىشاھلىقنىڭ سىر ئەسرارلىرىغا مەھرەم قىلغۇلۇق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدىن دەخلى يېتىدۇ. مەدەت قىلدىم دەپ قىلغان ئىشلىرىدىن زەرەر كېلىدۇ.

— بۇ توغرىدىكى سۆزلەرنى تەپسىلىي سۆزلەشكە تېگىشلىك — دەپتۇ چىن پادىشاھى بەرەھمەن پىدپاي ھېكىمگە، — چۈنكى بەد ئەسىل كىشىلەر كۆپ ھاللاردا دەسلەپتە ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ ياخشى خۇيلىرىدىن يېنىۋېلىپ، يامان خىسلەتكە تۇتۇش قىلىش بىلەن كىشىنىڭ تەرتىپىنى بەرباد قىلىۋېتىدۇ؟

— بۇ گەپنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، — دەپتۇ بەرەھمەن، — پادىشاھقا خىزمەت قىلىدىغان كىشىدە ئۈچ سۈپەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئامانەتكارلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى خۇدانىڭمۇ ۋە بەندىنىڭمۇ نەزەرىدىن ئۆتەلەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر سەلتەنەت سىرىغا مەھرەم بولۇشقا ۋە مەملىكەت ئىشلىرىغا ئورتاقلىشىشقا يارايدۇ. ئىككىنچىسى، راستگويلۇق، چۈنكى يالغانچىلىق كاتتا ئەيىبتۇر، پادىشاھ بولغان كىشى يالغان ئېيتقۇچىلاردىن پەرھىز قىلىشى كېرەك. ئەگەر، كىشى ھەممە ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان بولسىمۇ، يالغان سۆزلەشنى تاشلىمايدىغان بولسا ئىشەنچكە يارىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، ئېسىللىق، پاكلىق ۋە ئالىي ھىممەتلىك، چۈنكى خەسىس ۋە ھىممەتسىز كىشى ئىنئام ۋە

ئىززەت ـ ئىكرامنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ يانغا بۇرۇلىدۇ. كۆڭلى قاياققا باشلىسا شۇ تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ. بۇنداق بىۋاپالار توغرىسىدا ئېيتىلغان بېيىت بار.

پادىشاھلارمۇ مۇلازىملارغا مۇئامىلە قىلىشتا دانا تېۋىپتەك بولۇشى، يەنى تېۋىپ بىمارنىڭ ھەقىقىي كېسىلىنى كۆرۈپ، ئالامەتلىرىنى سوراپ بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا مەشغۇل بولمىغىنىدەك، ھەربىر مۇلازىمنى ياخشى سىناپ كۆرمىگۈچە ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلماسلىقى كېرەك، ياخشى سىناپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياخشى خۇيلۇق ۋە ديانەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىخلاسىنى ھەم چىن كۆڭۈللۈكىنى بىلگەن زامان ئۇنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ كۈندىن ـ كۈنگە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈشى، ئاستا ـ ئاستا ئۇنى سىر ـ ئەسرارلىرىغا مەھرەم قىلىپ، يېقىنلىق دەرىجىسىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. لېكىن، كىشىگە ناھايىتى تېز ئىشىنىپ كەتسە ئۇ ئاقىۋەت ھەسرەت ـ نادامەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى ھەم مال ـ دۇنيا ۋە مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ئەسرارلىرىدىن غەيرىي كىشىلەر ۋاقىپ بولالمىغۇدەك ھەم لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۇنىڭدىن زەرەر ۋە ئازار كۆرمىگۇدەك دەرىجىدە ئىشەنچلىك، ئامانەتدار ۋە ديانەتكار بولۇشى كېرەك. خۇدا ساقلىسۇن، ئەگەر يېقىن كىشىلەردىن بىرەرسى ديانەتسىز ۋە بىۋاپا بولۇپ قالسا، ئەگەر پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇ يالغان سۆز بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنى ھالاكەتكە يەتكۈزىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشنىڭ شۇملۇقى پادىشاھنىمۇ بەتنام قىلىدۇ، ھەم ئۆزىنىڭ پاك زاتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار بىر كىشىنى ياخشى سىناپ كۆرمىگۈچە ئۇنىڭغا تەربىيە قىلماسلىقى، ئۇبدان چۈشىنىپ يەتمىگۈچە كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىكى كېرەك. بىلمەك كېرەككى، ياخشىلىقنىڭ ئەجرى ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. يامانلىقنىڭ جازاسىمۇ يەتمەي

قالمايدۇ، بۇگۇنكى كۇنلۇكتە قازا ئەلچىسى ئۇلارنىڭ دۆلەتلەرنىڭ بارگاھىنى ئىگىز كۆتىرىپ، تەقدىر تەقسىماتچىسى سائادەتمەنلىك نۆۋىتىنى ئۇلارغا بەرگەن ئىكەن، ئۇلار بۇ دۇنيادا ياخشى ئاتىلىشقا، ئاخىرەتتە نىجات تېپىشقا سەۋەب بولغۇدەك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

ئون تۆتىنچى ۋەسىيەت:

دەۋراننىڭ يۆتكەلمەكلىرىدىن ۋە زاماننىڭ مېھنىتىدىن مالالىق غۇبارىنى ھىممىتىنىڭ ئېتىكىگە يۇقتۇرمىغاي، چۇنكى زېرەك كىشىلەر ھەمىشە بالا ـ قازا تۇۋرۇكىگە باغلاقلىقتۇر. غاپىل ئادەملەر داۋاملىق نازۇ نېمەت ۋە راھەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەر.

شىر زەنجىردە باغلاقلىقتۇر، تۈلكە يۈرگەي بوش ـ بىكار،
ئەيش ـ ئىشرەت بىرلە سەھرا قوينىدا ئەيلەپ شىكار.
زېرەك ئادەم ئۆز ئۆيىدە غەم بىلەن مەشغۇل لېكىن،
يۈرەر غاپىل سەيرى ئەيلەپ نەگە بارسا ئىختىيار.

شۇنى بىلمەك كېرەككى، ھەق تائالانىڭ لوتپى يار بەرمىسە، مۇراد ئوقى سائادەت نىشانىغا تەگمەس. تەقدىر ئىرادە قولدىمىسا، ھېچقانداق پەزىلەت ۋە ھۈنەر پايدا بەرمەس.

پادىشاھ راي دابىلشىم تۈگەنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بەجاندىل مىننەتتدار بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

پېقىر جانابىڭىزنىڭ بىشىنى كۆپ ئاغرىتىپ، نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى سۆزلىتىپ، سانسىز ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئىلتىپات قىلىپ ئون تۆت ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق شەرھى بىلەن بايان قىلدىڭ، ئەمدى سۆزنى قىسقارتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشتى. مەرھەمەت قىلىپ، تۈگەنچى ۋەسىيەتنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرسەڭ، بۇ

سىنىڭ سىخىيلىقىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئاجايىپ كۆرۈنمەيدۇ. زادى بۇ جاھاندا ئاقىل ۋە كامىل كىشىلەرنىڭ تەڭلىكتە قىلىپ مېھنەتكە گىرىپتار بولۇپ يۈرۈشى، لېكىن جاھىل ۋە غاپىل كىشىلەرنىڭ راھەت - پاراغەتتە ھايات كەچۈرۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئاقىل كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم - بىلىملىرى يار - يۆلەك بولالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن غاپىل كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ جاھىللىق ۋە ھاماقەتلىكلىرى پۈتمىدىن يىقىتمايدۇ؟ ئىككىنچىدىن، قانداق چارە بىلەن زەرەردىن ۋە نەسلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ ۋە قانداق ئىش بىلەن پايدا ۋە سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى روشەن بايان قىلىپ بەرسەڭ.

— ئەي، پادىشاھ! — دەپتۇ بەرەھمەن؟ — ھەرقانداق كىشى ئەسلىدە دۆلەت ۋە سائادەتكە سەۋەب بولىدىغان ئەسۋابلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ. ئەمما، تەقدىر ئۇنىڭغا مەدەتكار بولمىسا، ئۇنىڭ ئىستىداتىدىن ھېچقانداق پايدا ۋە نەتىجە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ ھەرىكەت ۋە سەۋەبلىرى ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى بولغان تەڭرىنىڭ تەقدىر ۋە ئىرادىسىگە مۇۋاپىق چۈشمىسە، ھەممىسى باتىل ۋە زايا بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن دانالار دۆلەت كۆرۈشكە لايىق تۇرۇپمۇ بىر كۈنلۈك ئوزۇق تاپالماي يۈرسە، كۆپىنچە نادانلار قىلچە قابىلىيىتى يوق تۇرۇپمۇ يولباشچىلىق تۆرىدە ئولتۇرىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەق تائالانىڭ تەقدىرىگە باغلىق. ئەگەر كىشىنىڭ ھەرقانچە ئەقلى كامىل بولسا ۋە شۇ ئارقىلىق تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن بولسا، ياكى چوڭ بىر ھۈنىرى بار بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىپ دۇنيالىق ئەسۋابلىرىنى كەڭ - كۇشادە جەم قىلالىغان بولسا ۋە ياكى شۇنداق چىرايلىق بولغان بولۇپ، ئەنە شۇ جامالىنىڭ سىرتمىقى بىلەن كۆڭۈللەرنى باغلاپ، مەنپەئەتلەرنى ئوۋلىيالايدىغان بولسىمۇ،

ئەمما تەڭرىنىڭ تەقدىرى ئۇلارغا يار بولمىسا، ھېچقانداق نەپ كۆرەلمەيدۇ. بۇ مەزمۇننى رۇم شاھزادىسى نەستۇر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن.

ھېكىم بۇ خاسىيەتلىك ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ، دانىشمەنلىكىگە يارىشا شەرھىيلەپ بەرگەندىن كېيىن دابىلشىم ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئىنتايىن ھۆرمەتلەپتۇ ۋە ئۇ خەتنى تەزىم بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ سەلتەنەت بىلىكىگە باغلىۋېلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا چۈشۈمدە بىشارەت بېرىلگەن بۇ خەزىنىلەر قولۇمغا كەلدى. خۇداغا شۈكرى، بۇ ئەڭ قىممەتلىك جاۋاھىرلاردىنمۇ قىممەتلىك بولغان، ھېكمەت، نەسىھەت بىلەن تولغان بۇ سىر خەزىنىسىمۇ قولغا كەلدى. دۇنيا تەئەللۇقاتى مەندە ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ. ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ھاجىتىممۇ يوق، شۇڭا بۇ تاپقىنىمنى تاپمىغان ئورۇندا كۆرىمەن. ئەمدى بۇ ھەقىقەت خەزىنىسى بولغان نەسىھەتنامە شۈكرانىسى ئۈچۈن بۇ قولۇمغا كەلگەن بارلىق خەزىنىنى ئېھتىياجلىقلارغا سەدىقە قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭ ساۋابى ھۇشەڭ پادىشاھنىڭ روھىغا تەگسۇن. مەنمۇ ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ ئەجرىگە شېرىك بولغايمەن. چۈنكى، ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ساۋابتا شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بىلەن باراۋەر.

## خاتىمە

بەرەھمەن ئەنە شۇ تەرىقىدە سۆزلەپ، ھۇشەڭ شاھنىڭ ۋەسىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. دابىلشىم شاھ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم! سىنىڭ ھىممىتىڭنىڭ ئۇستۇنلۇكى نەتىجىسىدە مەقسەت چېھرىسى ئۆز يۈزىنى

كۆرسەتتى. سۆھبىتىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن تەلىپىم ھاسىل بولىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ئەمگىكىم زايا بولۇپ كەتمىدى. ئەمدى ئىلتىماسىم شۇكى، ئالدىڭغا كەلتۈرگەن تۆھپىلىرىمنى قوبۇل قىلغايسەن. مەن ساڭا مەنزۇر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەدھىيىلىرىمنى رەد قىلمىغايسەن.

— ئەي پادىشاھ! دەپتۇ بەرەھمەن، — مەن دۇنيادا مۇشۇ كىچىككىنە جايغا ۋە ئازغىنا ئوزۇققا قانائەت قىلىپ ئۆتۈۋاتىمەن، كۆڭلۈمنىڭ ئىشىكىنى تەمەللۇقاتنىڭ مەينىتىدىن پاك قىلغانمەن. ئەگەر، ماڭا خىزمەت قىلىپ مىننەتدار قىلماقچى بولغان بولساڭ، يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ ساقلىغىن ۋە ئۇنى بارلىق ئىشلىرىڭغا پېشۋا قىلغىن. شۇ ۋاستە بىلەن مېنىمۇ خاتىرەڭگە يەتكۈزۈپ نىجات تىلىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويغىن. چۈنكى ئادىل پادىشاھلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.

راي دابىلشىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە بەرەھمەن بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆز پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپلا بەرەھمەندىن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى تولۇق يازدۇرۇپ، كىتاب قىلىپ قالدۇرۇپتۇ ۋە ھايات تەختىدە ئولتۇرغان پۈتۈن ئۆمرىدە مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئەنە شۇ ھېكمەتلەرنى قىبلىنامە قىلىپ يۇرت سوراپتۇ.

** ** **

خۇجەستەراي يۇقىرىقى خاسىيەتلىك ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ بولغاندا ھۇمايۇنپال شادلىق بىساتىدا خۇددى گۈلدەك ئېچىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىنىڭ نىھالى ئىقبال چىمەنلىرىدىن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ ۋەزىرگە شاھانە تونلارنى كىيدۈرۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— يۇقىرىقى خاسىيەتلىك ۋەسىيەتنامىدىن مېنى خەۋەردار

قىلىپ، جىنىمنىڭ تامىقىغا ھالاۋەت بەردىڭ ۋە بۇ ھېكمەتنىڭ سىرىنى بايان قىلىش بىلەن كۆڭلۈم يېرىگە سائادەت ئۇرۇقىنى تېرىدىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نەسىھەتلەرنى ھۆكۈمرانلىق دەستۇرى قىلىپ، خۇي ـ پەيلىمنىڭ قائىدىسىنى بۇ ۋەزلەردىن ئايرىمايمەن. بۇ سۆزلەر كۆڭلۈمگە ناھايىتى تەسىر قىلدى. بۇ ھالەت سېنىڭ ماڭا بولغان ئىخلاسىڭنىڭ پاكلىقىنى، نىيىتىڭنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، سۆز ھەرقانچە ياخشى نەپىس بولسىمۇ، ئېيتقۇچى ئۇنى ياخشى ئېيتالمىسا، ئۇ ھېچقانداق پەيزى بەرمەيدۇ. ۋەز ـ نەسىھەت گەرچە ھەق بولسىمۇ، ئېيتقۇچىنىڭ كۆڭلى ناپاك بولسا ئاڭلىغۇچىغا تەسىر قىلمايدۇ.

مۇشۇ گەپ بىلەن شىكار جەريانىدىكى بۇ بەزمە ئولتۇرۇشمۇ تامام بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇمايۇنپال، خۇددى دابىلشىم قىلغاندەكلا، يۇقىرىقى ھېكمەتلەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئەمىلىنىڭ ۋاراقلىرىغا كۆچۈرۈپ يېزىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىگار سەھىپىلىرىدە ئۆزىنىڭ ياخشى نامى ۋە ئوبدان تەرەپلىرىنى يادىكار قىلىپ قالدۇرۇپتۇ.

كىشىگە بەرمىگىن ئازار، ھەمىشە ياخشىلىق قىل،
تاپاي دېسەڭ ئىككى ئالەم سائادىتىنى ئاسان.
بۇ يۇسۇنلارنى ھاياتىڭدا ھامان غەنىيمەت بىل،
ئىشەنمە زادى ئۆمرۈڭگە «كوللۇ مەن ئەلەيھاۋپان.»[1]

نىمۇتۇللا ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان، «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

---

① «زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ»، «قۇرئان كەرىم»، 55 ـ سۈرە رەھمان 26 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

# قەبرە تېشىغا ئويۇلغان ۋەسىيەتنامە
## (ئورخۇن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىن پارچىلار)

توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى سىلەر بۇ سۆزلۈرۈمنى ياخشى ئىشتىڭلار، قاتتىق تىڭلاڭلار. ئالدى (شەرق) تەرەپتىن كۈن چىقىشقىچە، ئوڭ (جەنۇب) تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا (غەرب) تەرەپتىن كۈن پېتىشقىچە، سول (شىمال تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق. تورك خاقانى ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇرىۋەرسە ئەلدە مۇڭ قايغۇ بولمايدۇ...

مەن شۇنچە كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم. لېكىن ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشىراق جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان جاي ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن ياراشتىم. ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھاراق ـ شارابلارنى، يىپەك ماللارنى غەم قىلمايلا بېرىدۇ. تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوۋغىلىرى ئېسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى ئېسىل سوۋغىلىرى بىلەن يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. ياخشى، ئەقىللىق كىشىلەرنى، باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن. بىر كىشى خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرۇقى، قوۋمى ۋە بۆشۈكىدىكىگىچە روناق تاپتۇرمايدىكەن.

«كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىدىن»

ئىزاھات ئەسكەرتمىسى:

يۇقىرىقى بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ 7 ـ ئەسىرلەردىكى

www.uyghurkitap.com

سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ يەكۈنلىشى بولۇپ، مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ:

1) ئۆز دەۋرىدىكى چوڭ بىرلىشىش، قۇدرەت تاپقانلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) مۇنداق بىرلىشىش ۋە بىر ھاكىمىيەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشنىڭ ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن خاسىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

3) ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلىقى، ئەلنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھەرقانداق بىر ئەلگە سىلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى، ۋەتەننىڭ گۈزەل، ئازادە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتلىرى، مۇنبەت تۇپراقلىرى، زۇمرەتتەك سۇلىرى، خەلقنىڭ بەخت ــ سائادەتلىك، خاتىرجەملىك قارار تاپقان تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

4) يۇقىرىقى باياندا ئەينى ۋاقىتتىكى كۆك تۈركلەرنىڭ تاپغاچ (تاڭ سۇلالىسى) بىلەن بولغان ئىتتىپاق، ئىناق مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىنچلىق ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

5) تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىدىكى بەزى نورمالسىز ئەھۋاللارغا تەنقىدىي ھالدا باھا بېرىلگەن.

## قانائەتچانلىققا تەنقىد

تۈرك خەلقى سىلەر، قانائەتچانسىلەر، ئاچ ــ توق قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالغانلارنى ئويلىمايسىلەر. شۇنداق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتىڭلار. نەتىجىدە ئۇ يەرلەردە

ھالسىزلاندىڭلار، جىنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدىڭلار.

تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن خاقانلىققا ئولتۇردۇم، خاقان بولۇپ، يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، مېنىڭ بۇ سۆزلۈرۈمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟ تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى، بۇگەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ، ئەل تۇتقانلىقىڭلارنى ئويدۇردۇم، سىلەرنىڭ يېڭىلىشىپ (خاتالىشىپ) ئۆلگەنلىكىڭلارنىمۇ بۇ يەرگە ئويدۇردۇم. قانداق سۆزۈم بولسا ھەممىسىنى مەڭگۇ تاشقا ئويدۇردۇم؛ بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار، ھازىرقى تۈرك خەلقى ۋە بەگلىرى، تەختكە قارايدىغان بەگلەر، سىلەر يەنە خاتالىشامسىلەر؟

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدىن»

ئىزاھلىق ئەسكەرتمە:

يۇقىرىقى بايانلار ئۇلۇغ بىر ئەسلەتمە ۋە قىممەتلىك ۋەسىيەتنامە. چۈنكى خەلق ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى، ئورتاق تەقدىرىنى ئويلىشى كېرەك. بەگلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بولغان دۆلىتىنىڭ ھەربىر ئىشنى ئويلىشى كېرەك. بەگلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بولغان دۆلەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئەلنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىشى، ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم. ھەربىرى ئۆزىگە تۇشلۇق بۇرۇچ ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەجاندىل ئورۇنلىشى ۋە جان بېقىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ۋەتەن خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئەلا بىلمەي، يالغۇز ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز جېنىنىڭ ئامانلىقىنىلا ئويلايدىكەن. ئەلدىن ئايرىلىدىكەن بۇلارنىڭ ھالى ھەرگىزمۇ بەخت يۈزىنى كۆرمەيتتى. ئۆز دەۋرىدە ئۇلار ئاشۇنداق بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشنىڭ، نىزا

ئاداۋەتنىڭ، دۈشمەنلىشىشنىڭ، ئورتاق مەنپەئەتنىي ئويلىمىغانلىقنىڭ جازاسىنى راسا تارتقان ئىدى. بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تولىمۇ كۆپ بەدەل تۆلەنگەن.

## ئەل بېشىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ئەلنىڭ بەختسىزلىكى

ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا ـ بوۋام بۇ مىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختىدە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئورنىتىپ بېرىپتۇ. (بۇ چاغدا) تۆت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈشۈپتۇ، ئۆزگە بويسۇندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قىدىرخان تاغلىرى، غەربتىن تاكى تۆمۈر قاپقىغۇچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. ئىككىسى ئارىسىدا ئىگىسىز قالغان كۆك تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئۇلار دانا خاقان ئىكەن، باتۇر خاقان ئىكەن، بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك. باتۇر بولسا كېرەك. بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ. كېيىن ئۇلار قازا قىپتۇ . . .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتۇ. ئوغۇللىرىمۇ خاقان بولۇشۇپتۇ كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ.

بۇيرۇقلىرىمۇ ئىبھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغوقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلەتتىن مەھرۇم بولۇپتۇ. خاقان دەپ نام ئالغان خاقاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ... تۈرك بەگلەر تۈرك دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، تابغاچ پەرەس بەگلەر تاپغاچ ناملارنى قوللىنىپ، تاپغاچ خاقانغا بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەللىك يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ. ئۇلار ئالدى تەرەپ كۈن چىقىشتىن تاكى بۆكلى خاقان يۇرتىغا، غەربتە تۆمۈر قاپقىغىچە قوشۇن تارتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى تاپغاچ خاقانغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئىزاھاتلىق ئەسكەرتمە:

قەدىمكى تۈركلەر ئۆز دەۋرىدە شامان دىنى ئەقىدىسىدە ئىدى. «كۆك ئاسمان بىلەن قوڭۇر يەر ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ» دېگەن ئىبارە ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ئىنسانلارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ۋە بىلىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى قەدىمكى ئىپتىدائىي يارالمىش ئەپسانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار مۇقەددەس تۇپراقتا پاكلىق، ئادىللىق، ھەققانىيلىق بىلەن ياشاش كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خان پادىشاھلاردىن تارتىپ، ئاددىي پۇقراغىچە بولغان ھەرقايسى تەبىقىلەر بۇ كۆك ئاسمان بىلەن قوڭۇر تۇپراق ئوتتۇرىسىدا گۇناھ سادىر قىلسا، قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا، جازاسىنى تارتىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى بايانلاردا كۆك تۈرك خانىيلىقىنىڭ داڭلىق خانلىرىدىن بۇ خانلىقنىڭ ئاساسىنى سالغان ۋە ئۇلارنى گۈللەندۈرۈپ

قۇدرەت تاپتۇرغان ئاكا ـ ئۇكا ئىستەمى خاقان ۋە بومىن خانلارنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرى، ئۇلارنىڭ توغرا قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئەلنى روناق تاپتۇرغانلىقى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ سەلتەنەت دائىرىسىنى «تىزنى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ» دېگەن خۇلاسە بىلەن يەكۈنلەپ بەرگەن. ئارقىدىن خانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ئەلنىڭ گۈللىنىشىدە رول ئوينىغان كۆپ تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلەرنى يەكۈنلەپ بەرگەن.

1) پادىشاھلارنىڭ دانالىقى، باتۇرلىقى، ئادىللىقى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

2) دۆلەتنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ دانا، ئەقىللىق، پاراسەتلىك بولغانلىقى، بەگلەرنىڭ خەلققە، خەلقنىڭ بېگىگە بولغان ساداقىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، بىر دۆلەتتە خەلقنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان ئىشەنچىسى ئىنتايىن مۇھىم.

كېيىنكى خۇلاسىدا ئىستەمى خاقان بىلەن بومىن خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن دۆلەتتە يۈز بەرگەن پاجىئەلەر يەكۈنلەنگەن.

1) ئىبىل ئەنئەنە بۇزۇلغان، توغرا، مۇستەھكەم قانۇنغا ۋارسلىق قىلالمىغان.

2) تەختكە بىلىمسىز، نادان پاراسەتسىز خاقانلار چىقىۋالغان. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىمۇ شۇنداق بىلىمسىز، پاراسەتسىز بولغان.

3) بەگلەرنىڭ خەلقنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان ئىشەنچىسى قالماي ساداقەتنى تەرك ئەتكەن. بەگلەر بىلەن بەگلەر، خەلقلەر بىلەن بەگلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىشىش، بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان. ئاخىرى دۆلەت پارچىلىنىشقا، يىمىرىلىشكە، تاشقى دۈشمەنلەرگە بېقىندى بولۇپ قېلىشقا

يۈزلەنگەن.

دېمەك يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق شاھلارنىڭ بىلىملىك، پاراسەتلىك بولۇشى، ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ توغرا تاللىنىشى، خەلقنىڭ، بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان ساداقىتى. شاھلارنىڭ خەلققە كۆڭۈل بۆلۈشى، دۆلەتتە بىلىمسىزلىك، نادانلىققا ئورۇن بەرمەسلىكى، نىزا ئاداۋەت ۋە بۆلۈنۈشنى ئۈنۈملۈك چەكلەش دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىڭ تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى ۋەسىيەت سۈپىتىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىشى.

تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق (ئاز چىلىقتىن كۆپ قىلىپ، قان ـ تەرلىرىمنى تۆكۈپ، كۈندۈزلىرى خاتىرجەم تۇرالماي، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالماي) تەشكىللىدۇق. ئۇ چاغدا قۇللار قۇللۇق بولدى. دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى، ئىنىسى ئاكىسىنى تونىماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونىماس ئىدى. بىز ئىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك ـ ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئىشىتىڭلار! ئۈستىڭىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە ئاستىڭىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر خاتالىقىڭلارغا ئۆكۈنۈڭلار! سىلەر باشباشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان دانا خانىڭلار، ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. ئۇنداق بولمىسا قوراللىقلار قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ، نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ سىلەرنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىۋېتىدۇ. مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكىلەر كەتتىڭلار، شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلار، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلار مۇنداق بولدى. قېنىڭلار

www.uyghurkitap.com

سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلەر تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى، پاك خانىش بولىدىغان قىزىڭلار دېدەك بولدى. بىلىمسىزلىكىڭلاردىن، تەستىكىڭلاردىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى.

ئىزاھلىق ئەسكەرتمە:

يۇقىرىقى بايانلاردا دۇچ كەلگەن ئىككى خىل تەقدىر ناھايىتى مەركەزلىك سىلىشتۇرۇلۇپ ئۇلۇغ ئىشلار يولىدىكى ھېس قىلىنىغان مۇھىم قانۇنىيەت يەكۈنلەپ بېرىلگەن.

1) خەلق ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئورتاق دۈشمەنگە بىردەك قارشى تورغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئەركىن بەختىيار بولغانتى. خەلق دۆلىتىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ئىدى.

2) شۇنداق، ئەلدە بىر پۈتۈنلۈك بولسىلا، ھەرقانداق قارا كۈچ مۇنداق ئەلنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە، قىز - ئوغۇللىرىنى قۇل، دېدەك قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

3) ئاخىرىدىكى مۇراجىئەتتە پاجىئەگە سەۋەب بولغان گۇناھلار ئەسلەپ ئۆتىلىدۇ. ئەلدە باشباشتاقلىق ئەۋج ئېلىپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ ئەلدە بىرلىك، ئىناقلىق يوقالغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردا تارىختىكى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربىكە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخى ساۋات ئەكس ئەتكەن. كۆل تېگىن بايانلىرى ئارقىلىق خەلقتىنگە: خەلق پەقەت ئۆزىنى - ئۆزى ھالاك قىلىدۇ، ھەم ئۆزىنى - ئۆزى قۇتۇلدۇرالايدۇ، ئۆزىنى - ئۆزى قۇللۇققا بەخشەندە قىلىدۇ ياكى ئۆزىنى - ئۆزى ئازاد قىلالايدۇ، دېگەن قانۇنىيەتلىك، تارىخىي تەرەققىياتقا، رىئاللىققا ئۇيغۇن بولغان ۋەسىيەتنامىسىنى ئەۋلادلارغا ئىبرەت ئۈچۈن قالدۇرىدۇ.

# ھەر ئىشتا ئىخلاسمەن ۋە ساداقەتمەن بول

## ئىخلاسنىڭ بەرىكىتى ۋە رىيانىڭ ئاپىتى ھەققىدە

ئەي ئىنسان، ئىبادەت ئىخلاس بىلەن، يەنى پۈتۈنلەي ئاللا ئۈچۈن قىلىنسا قوبۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىچى كاۋاك قۇرۇق پوستقا ئوخشايدۇ. ئەگەر، كۈننى ئۆزۈڭنى خەلققە سوپى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزسەڭ، كېپەن دەپ كەيگەن تونۇڭ بىلەن مەجۇسى زۇننارى ئارىسىدا نىمە پەرق بار؟ باتۇرلۇقىڭنى خەلققە كۆرسەتمە، ئوتتۇرىغا چىقما، ئەگەر ئاشكارىلىساڭ، ئۇنىڭغا رىيا (يالغانچىلىق، ساختىلىق) ئارىلاشتۇرما.

كىشى ئۆز قىياپىتى بويىچە كۆرۈنۈشى كېرەك. ئۆز تۇرقىدىن ئارتۇقچە كۆرۈنگەن كىشى ئاقىۋەتتە خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. ئۇچاڭدىكى ئۆتنە كىيىمنى ئېلىپ كەتسە، ئىچىڭدىكى كونا كىيىم بىلەن قالىسەن . . .

بويۇڭ پاكار بولسا، بالىلىرىڭنىڭ كۆزىگە ئېگىز كۆرۈنۈش ئۈچۈن پۇتۇڭغا ياغاچ ئاياغ كىيىۋالما.

كۈمۈش سۈيىگە پاتۇرۇلغان مىس پەقەت بىلمەيدىغانلارنىلا ئالدىيالىشى مۇمكىن.

ئەي جان دوستۇم! بىر پۈچۈلۈق يارماققا ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرمە. ئۇستا سەرراپلار ئۇنىڭغا ئون پۇل بەرمەيدۇ.

ئالتۇن سۈيىگە پاتۇرۇلغان مەدەنلەرنى ئوتقا سالغان ھامان ئالتۇنلۇقى ياكى مىسلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

## «تاغلىق ئاتا» بىلەن ئىخلاس ھەققىدە

«تاغلىق ئاتا» دەيدىغان بىر ئەۋلىيا ئۆزىنى ئىبادەت قىلىشۋېتىپتۇ دېسۇن دەپ كېچىسى ئۇخلىمايدىغان بىر ئىككى يۈزلىمىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بۇرادەر، ئىبادىتىڭنى ئىخلاس بىلەن قىل. خەلقتىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن، پەقەت ئاللادىن ئېرىشەلەيسەن. سېنىڭ ئىش - ھەرىكىتىڭنى ياقتۇرىدىغانلار سىرتىڭغا ئالدىنىدۇ. ھۆرلەردەك كىيىنىپ، پەردازلىنىپ ياسانغان بىر دېدەك ئەگەر بوي - تۇرقى قاملاشقان بولسا قانچە پۇلغا يارار؟ جەننەتكە ھىيلە بىلەن كىرگىلى بولمايدۇ. ئەتە يۈزۈڭدىكى نىقاب ئېچىلىپ، پۈتۈن سەتلىكلىرىڭ ئاشكارا بولىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىدەك دورىماق بىلەن ئىبادەت قىلما.

بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك بالا روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدى ۋە چۈشكىچە ئاران چىدىدى.

ئۇنىڭ روزا تۇتقىنىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاتا - ئانىسى ئۇ كۈنى ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي، باش - كۆزىنى سىلاپ، ئادىتى بويىچە بېشىغا تىللا ۋە بادام چېچىشتى.

بىراق، چۈشكىچە ئاچلىققا ئاران چىدىغان بالا ئۆز - ئۆزىگە: «دادام بىلەن ئاپام نەدىن ئۇقسۇن، ئۇلارغا كۆرسەتمەي ئازراق بىر نەرسە يەۋالاي» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىنى ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا ياخشى بولۇش ئۈچۈن تۇتقان بولدى. سەن ئاللانى ئويلاپ ئاللادىن قورقمىساڭ، خالىساڭ تەرەتسىز ناماز ئوقۇ، كىم نېمىنى بىلىدۇ؟ بالا بالاغەتكە

يەتمىگەن ۋە ئەقلى توشمىغانلىقتىن، بالىلىق قىلىپ روزىنى ئاتا - ئانىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۇتۇشى مۇمكىن. لېكىن، ياشانغان كىشى ئىبادەتنى كىشىلەر ئۈچۈن قىلسا، بالىدىنمۇ بىلىمسىز، نادان بولغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋە خەلققە سوپىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇلغان ناماز جەھەننەم ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ماڭغان يولۇڭ ئاللادىن باشقا تەرەپكە كەتسە، ئەتە سېنىڭ جايىنامىزىڭنى جەھەننەمگە سالىدۇ.

## ئىككى يۈزلىمە تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى

ئىككى يۈزلىمىچى بولغان بىر كىشى شوتىدىن يىقىلىپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. ئوغلى بىرنەچچە كۈن يىغا - زارە قىلىپ، كېيىن ئۆز كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كېچە ئوغلى ئاتىسىنى چۈشىدە كۆرۈپ:

— ھال - ئەھۋالىڭ نېچۈك، سوئال - سوراقتىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئاتىسى:

— ئوغلۇم، بىمەنە گەپ قىلما. مەن شوتىدىن ئۇدۇل جەھەننەمگە چۈشتۈم، — دەپتۇ.

تېشى سەت، ئىچى چىرايلىق كىشى تېشى تۈزۈك ئىچى بۇزۇق بولغاندىن نەچچە ھەسسە ياخشى. مېنىڭچە كېچىسى يول توسىغان قاراقچى، سوپى قىياپەتلىك بۇزۇق ئەبلەختىن ياخشىراقتۇر.

كىم كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئىبادەت قىلسا، ئەتە ھەقتائالادىن بىرەر ئىنئام ئۈمىد قىلمىسۇن.

ئوغلۇم، بىرىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىسەڭ، ھەققىڭنى يەنە بىرىنىڭ بېرىشىنى قانداق كۈتىسەن؟

كىمنىڭ يۈزى دوستقا قارىسا، دوستقا پەقەت شۇ

www.uyghurkitap.com

ئېرىشەلەيدۇ.

مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن توغرا يولدا ماڭ، بولمىسا چەتنەپ كېتىسەن.

ياغ تارتىش ئۈچۈن ياغلىق داننى ئېزىش، بۇنىڭ ئۈچۈن جۇۋازدىن پايدىلىنىش كېرەك. جۇۋازنى ئۆكۈز ئايلاندۇرىدۇ. جۇۋازچى ئۇنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويىدۇ. بىچارە ھايۋان ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي مېڭىپ، كەچ كىرگەندە يەنە ئوقۇرىغا كېتىدۇ. دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ ھالىمۇ شۇنداقتۇر.

يىلتىزسىز دەرەخ سۇغۇرۇش بىلەن مېۋە بەرمەيدۇ. ئىبادەت دەرىخىدە ئىخلاس يىلتىزى بولمىسا، بۇ يولدا سەندىنمۇ بەكرەك مەھرۇم كىشى يوق.

تاش ئۈستىگە ئۇرۇق چاچقان كىشى خامان ۋاقتىدا بىر تال ئارپىمۇ ئالالمايدۇ.

ساختىلىقنىڭ بېرىدىغان نومۇسىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. ئەگەر مەن ئىچكى ئەھۋالىمدا يامان ۋە پەسكەش بولسام، سىرتتىن شەرەپلىك كۆرۈنۈشۈمنىڭ نېمە پايدىسى؟

تونىنىڭ ئىچىدىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ خەتتە نېمە يېزىلغانلىقىنى پەقەت ئۇنى يازغان كىشى بىلىدۇ.

يەل بىلەن تولغان تۇلۇم ئادىل تارازىدا تارتىلسا قانچىلىك كەلسۇن؟

ھۈنىرى بولغان كىشىنىڭ ھۈنىرىنى دېيىشىنىڭ لازىمى يوق، ھۈنەر ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

سەندىكى ئىپار ساپ بولمىسا، مەندە ئىپار بار دېمە، چۈنكى ساپ ئىپارنىڭ پۇرىقى شۇئان تارقىلىدۇ.

ئالتۇننىڭ ساپلىقى يۈزدەيۈز توغرا دەپ قەسەم قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ قانداق ئالتۇنلىقىنى سىناق تېشى ئايرىيدۇ.

تونىنىڭ تېشى كۆرۈنۈپ ئەستىرى كۆرۈنمىگەنلىكتىن، كىشىلەر تونىنىڭ تېشىنى ئەستىرىدىن ياخشى رەختتىن تىكىدۇ. ئۇلۇغلار بولسا كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن تونىنىڭ تېشىنى ئەمەس، ئىچىنى يىپەك رەختتىن قىلىدۇ.

شۆھرەت پىيىدە بولساڭ ۋە نامىڭنىڭ ھەر يەردە تىلغا ئېلىنىشىنى ئويلىساڭ، ئىچىڭنى قويۇپ تېشىڭنى پەردازلا.

بەيازىد بەستامى مۇنداق ياخشى بىر سۆز قىلغانىدى:

مېنىڭچە مۇنكىرلەر (خۇداسىزلار) مۇرتلاردىن ئىشەنچلىكتۇر. چۈنكى، مۇنكىرنىڭ ئىنكارچىلىقى مەلۇم ۋە ئاشكارا لېكىن، مۇرىت ھەقىقىي مۇرتمىدۇ؟

## ئېھسان ۋە ياخشىلىق ھەققىدە

ئەقلىڭ بولسا مەنگە ئېرىش. چۈنكى قالىدىغىنى سۇرەت ئەمەس، مەنىدۇر.

بىر كىشىدە بىلىم، ئوچۇق قوللۇق ۋە ئاللا قورقۇنچىسى بولمىسا، ئۇنىڭدا مەنە يوق، سۇرەت بار دېگەنلىكتۇر، يەنى ئۇ كىشى مەنىسىز قۇرۇق سۇرەتتىن ئىبارەتتۇر.

كىمنىڭ دەۋرىدە ئەل راھەت ياشاپ، ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىسا، ئۇ كىشىمۇ مازارىدا تىنچ ياتار.

ئاخىرەت ھاياتىغا بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا ئېرىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈر. بۇ دۇنيادا ياشىغىنىڭدا ئاخىرەتلىكىڭنى ئويلا ۋە ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن ئىزدەن، چۈنكى، ئالەمدىن ئۆتكىنىڭدىن كېيىنلا، ئەۋلادلىرىڭ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن مىراس تالىشىپ، سەن ئۈچۈن ھېچقانداق ياخشى ۋە خەيرلىك ئىش قىلمايدۇ.

بۈگۈن قولۇڭدا ئالتۇنمۇ بار، نېمەتمۇ بار، بىراق كۆزۈڭ يۇمۇلغاندىن كېيىن ھېچقايسىسى سېنىڭ ئەمەس.

ئازاب چەكمەسلىك ۋە كۆڭۈل راھەتلىكى ئىزدىسەڭ، ئازاب

چەككەن دىلى سۇنۇقلارنى ئىسسىقتا تۇت.

بۇگۈن خەزىنەڭ قولۇڭدا ئىكەن، ئېھتىياجلىق يەرلەرگە ۋە تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بەر ھەمدە تېز تارقات، چۈنكى، ئەتە ئۇ خەزىنەڭنىڭ ئاچقۇچى قولۇڭدا ئەمەس.

ئاخىرەت ئۇزۇقىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كەت، يەنى قىيامەت كۈنى ساڭا ئەسقاتىدىغان ياخشىلىق ۋە خەيرلىك ئىشلارنى بۇ دۇنيادىكى چېغىڭدا قىل، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خوتۇن، بالا ـ چاقاڭدىن خەير ۋە ۋاپا كۈتمە.

ئۇزۇق ـ تۇلۇكىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىدىغان كىشى ئۇنى ئۆزى تاپىدۇ. دۇنياغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇدۇر. شۇنداق قىلغاندا ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولىدۇ.

دۇمبەم قىچىشسا ئۇنى باشقا نەرسە ئەمەس، بارمىقىم ئۇچىدىكى تىرنىقىم قاشلايدۇ.

بۈگۈن قولۇڭدا، ئالقىنىڭدا نېمە بولسا، بېرىدىغان يەرلەرگە ۋە موھتاجلارغا بېرىۋال، ئۇنداق قىلمىساڭ، ئەتە پۇشايمان بىلەن بارمىقىڭنى چىشلەيسەن.

يوقسۇللارنىڭ سىرىنى ساقلا. ئۇلارنىڭ قۇسۇرلىرىنى يېپىشقا تىرىشقىنكى، ئاللامۇ سېنىڭ قۇسۇرلىرىڭنى پەردىلىسۇن.

ئىشىكىڭگە بىر غېرىب بىچارە كېلىپ يىغلىنسا، ئۇنى نېسىۋىسىز قويما. سەنمۇ بىر كۈنى ئۆيمۇ ئۆي دوقۇرۇپ قالىسەن.

ئۇلۇغ ئادەم بىر كۈنى ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا موھتاج بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، موھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

كۆڭلى سۇنۇق، قەلبى يارا بولغانلارنىڭ ھالىنى سورا، سەنمۇ بىر كۈنى شۇ ئەھۋالغا چۈشمەيمەن دېيەلمەيسەن.

نائىلاجلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىل. ئۆزۈڭنىڭمۇ بىر

كۇنى ئامالسىز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئويلا.
سەن موھتاجلىقتا بولمىغىنىڭ ئۈچۈن بىرەيلەننىڭ ئىشىكىگە يېلىنىپ بارمايسەن، ئۇ ھالدا ئۆز كۈنۈڭگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئىشىكىڭگە كەلگەننى قوغلىما.

## بىچارىلەرگە رەھىم قىلىشنىڭ پايدىسى

بىر كەمبەغەل كىشى چىرايى سەت بىر باينىڭ ئالدىغا بېرىپ يوقسۇللۇقىدىن ھال ئېيتىپ ياردەم تىلەپتۇ.
ئۇ كۆڭلى قارا باي بىچارە كەمبەغەلگە ئاز بولسىمۇ پۇل بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە ئۇنى «يوقال!» دەپ قوغلاپتۇ.
كەمبەغەل ئۇنىڭ قىلغان ھاقارىتىنى شۇنچىلىك ھار ئاپتۇكى، يۈرىكىگە قان تولۇپتۇ ۋە خاپىلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دەپتۇ:
— ھەيرانمەن، مەن بولسام كەمبەغەل، تەرىمنى تۇرسەم ئورۇنلۇق. لېكىن، ئۇ نېمىگە تەرىنى تۇرىدىغاندۇ؟ بىر كۈنى ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق كەمبەغەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن قورقمايدىغاندىمۇ؟
باي مالىيغا:
— بۇ ئەبلەخنى ھاقارەتلەپ دەرۋازىدىن قوغلاپ چىقار! — دەپتۇ.
بۇ باي ھەق تائالاغا شۈكۈر قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىرى تەتۈرگە مېڭىپ، بايلىقىدىن ئەسەر قالماپتۇ. ئۇمىد يۇلتۇزى قەلىمىنى قارا سىياھقا چىلاپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە بەختسىزلىكىنى يېزىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچ قاپتۇ. نە مېلى قالماپتۇ، نە جېنى . . . تەقدىر ئۇنىڭ بېشىغا نامراتلىق توپىسىنى چېچىپتۇ. يانچۇقى تۆشۈك، قاچىسى قۇرۇق قاپتۇ. قاقسەنەم قىزىل كۆزنىڭ ئۆزى بوپتۇ.

ئۇنىڭ ھالى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، زادى تونۇغىلى بولمىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ. بىر مەزگىل مۇشۇنداق ياشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مالىيىنى بىر ئادەم سېتىۋاپتۇ. ئۇ مەرد، ھەم روھى باي ۋە پاك ئەخلاقلىق كىشى ئىكەن.

ھېلىقى باي پۇل ـ دۇنيا، مال ـ مۈلۈككە قانچىلىك ھېرىسمەن بولسا، بۇ مەرد يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا شۇنچە ھېرىسمەن ئىكەن.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بۇ مەردنىڭ دەرۋازىسىنى بىر تىلەمچى قېقىپتۇ. يوقسۇللۇقتىن قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالغان بىر نامرات ئىكەن.

مەرد مالىيىغا:

— ئۇ بىچارىنى رازى قىل، نېمە تەلەپ قىلسا بەر، — دەپتۇ.

مالاي داستىخاندىن بىر تاۋاق ئاش ئېلىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ ـ دە، بىردىنلا پەرياد قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ قايغۇلۇق ۋە پەرىشان ھالدا قايتىپ كىرگىنىدە مەرد ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدۇڭ، نېمىگە كۆز يېشى قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ تىلەمچى ئۆز ۋاقتىدا باي ئىدى ۋە مېنىڭ خوجايىنىم ئىدى. بۇ بەختسىز بوۋاينىڭ ھالى مېنى پەرىشان قىلىۋەتتى. يۈرىكىم پارە ـ پارە بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كاتتا بايلىق ئىگىسى ئىدى . . . بۈگۈن بولسا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئالقان ئېچىپ يۈرۈپتۇ، — دەپتۇ مالاي.

مەرد ئادەم ئاچچىق كۈلۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— يىغلىما بالام، زامان ھېچكىمگە زۇلۇم سالمايدۇ. بۇ ھېلىقى كەمبەغەللەرگە تەرىنى تۈرۈپ كۆزۈمدىن يوقال، جەھەننەمگە كىرگەيسەن دەپ ھاقارەتلەپ مالىيىغا قوغلاتقان سودىگەر ئەمەسمۇ؟ خۇداغا ئامانەت، ئۇ ئاللاغىمۇ تەرىنى



www.uyghurkitap.com

تۇرەتتى، ئۆز ۋاقتىدا مېنىمۇ ھاقارەتلەپ قوغلاتقانىدى، ئاللا ماڭا ياردەم قىلدى. مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويدى.

ئاللانىڭ ھېكمىتى مانا شۇنداق، بىر ئىشكنى تاقىسا، ئۇلۇغلۇقى بىلەن يەنە بىر ئىشكنى ئاچىدۇ.

قانچىلىغان يوقسۇل باي بولدى، قانچە باينىڭ ئىشلىرى ئاستىن ـ ئۇستۇن بولدى.

قەلبى پەرىشان بولغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى بۇ پەرىشانلىقتىن قۇتقۇزغىنكى، پەلەكمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى پەرىشان قىلمىسۇن.

پاك نىيەتلىك فىردەۋسى نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان:

يەم توشۇغان چۇمۇلىگە ئازار بەرمە، ئۇنىڭغىمۇ جان تاتلىق.

كۆڭلى قارا ۋە باغرى تاش بولما، چۇمۇلىنىڭمۇ دىلىنى ئاغرىتما.

كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن ئاجىزنىڭ بېشىغا ئۇرما، بىر كۈنى چۇمۇلىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ قالىسەن. پەرۋانە شامغا ئاشىق بولسىمۇ، شام ئۇنىڭغا ۋاپا قىلمىدى.

ساڭا كۈچى يەتمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار دەپ پەرەز قىلايلى، لېكىن بىلىپ قويغىنكى، سەندىن كۈچلۈكلەرمۇ كۆپتۇر.

## ئالىيجانابلىق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە

ئوغلۇم، خەير ـ ئېھسان قىل. ئىنسان ئېھسان بىلەن، ۋەھشىي ھايۋان تۇزاق بىلەن ئوۋلىنىدۇ.

دۈشمەنلىرىڭنىڭ بويۇنلىرىنى ئىلتىپات كەمرى بىلەن ئۆزۈڭگە شۇنداق چىڭ باغلىغىنكى، قىلىچمۇ ئۈزەلمىسۇن.

دۈشمەن ياخشىلىق كۆرسە، ئۇنىڭدىن يامانلىق كەلمەس. يامانلىق قىلمىغىنكى، كېيىن دوستلىرىڭدىنمۇ يامانلىق كۆرسەن، چۈنكى يامان ئۇرۇقتىن ياخشى هوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ.

دوستۇڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرساڭ، تەكرار چىرايىڭغا قاراش ۋە دىدارىڭنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

ئىنسان دۈشمەنلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ.

## هېكايەت

يولدا كېتىۋاتقىنىمدا ئالدىمغا بىر ياش يىگىت چىقتى، كەينىدىن بويىنى تاسمىلىق ۋە تاسمىنىڭ بىر ئۇچى يىگىتنىڭ قولىدا بىر قوي ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا دېدىم:

— قوينى كەينىڭدىن ئەگەشتۈرگەن بۇ تاسما، تاسمىنى قويۇۋەتسەڭ قوي كەينىڭدىن ئەگەشمەيدۇ.

مەن بۇ سۆزنى قىلىش بىلەنلا، هېلىقى يىگىت تاسمىنى قويۇۋەتتى. ئاندىن ئوڭغا ـ سولغا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قاياققا ماڭسا قويمۇ كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى، چۈنكى ئۇ، ئۇ يىگىتنىڭ قولىدىن يەم يېگەنىدى.

بۇ هال بىر مەزگىل شۇنداق داۋاملاشتى. كېيىن يىگىت مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— قوينى مېنىڭ كەينىمدىن ئەگەشتۈرگەن تاسما ئەمەس، ئۇنىڭغا بەرگەن يەم. بۇ ئىشلار مانا شۇنداق، ئەي ئەقىللىق زات!

پىل كۈچلۈك ۋە هەيۋەتلىك بىر هايۋان بولسىمۇ، ئىگىسىگە هۇجۇم قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىلتىپات كۆرگەن.

ئەي ياخشى ئىنسان! يامانلارغىمۇ ياخشىلىق قىل، چۈنكى ئىتمۇ نېنىڭنى يېگىنى ئۈچۈن سېنى قوغدايدۇ.

يولۋاس دېگەن يىرتقۇچ هايۋان بىر - ئىككى كۈن ئىگىسىنىڭ تۈزىنى يالىسا، ئىگىسىگە چىشى ئۆتمەس بولارمىش.

## هېكايەت

بىر ئادەم بىر تۈلكىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا ئۇ بايقۇشنىڭ نە قولى يوق، نە ئايىغى. هېلىقى ئادەم جانابىي هەقنىڭ قۇدرىتىگە هەيران بولۇپ:

«بۇ جانىۋارنىڭ نە قولى، نە ئايىغى يوق ئىكەن، قانداق جان باقىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۇ يەردىن بۆرىنى ئوۋلىغان بىر شىر ئۆتۈپتۇ. شىر بۆرىنى يەپ تويۇپ، تاشلاپ كەتكەن قالدۇقىنى تۈلكە يەپ تويۇپتۇ.

هېلىقى كىشى باشقا بىر كۈنى باشقا بىر پۇرسەت بىلەن تۈلكىنىڭ قارنىنىڭ يەنە توقلۇقىنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

«تۈلكىنىڭ رىزقى ئۆزلۈكىدىن كېلىدىكەن. شۇنداق ئىكەن، ئاۋارە بولۇپ چۇمۇلىدەك ئىشلىشىمنىڭ نېمە هاجىتى؟ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ رىزقىمنى كۈتەي.»

ئۇ بايقۇش كۈتۈپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. كەلگەن - كەتكەن بولماپتۇ. يا بىر تونۇشى ئۇچرىماپتۇ، يا بىر يات ئادەم... يەيدىغان نەرسە يوق، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. سەۋر - تاقىتى تۈگەپ، ئاجىزلاپ ئەقىل - هوشىدىنمۇ ئېزىپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ هالى داۋاملىشىۋاتقاندا، بىردىن ئۆزى تۇرىدىغان مەسچىتنىڭ مېهرابىدىن مۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي يامان ئويلىغان ئىنسان! ئۆزۈڭنىڭ چولاق تۈلكىنىڭ ئورنىغا قويما. ئورنۇڭدىن تۇر، شىردەك يىرتقۇچ بول. شۇنداق تىرىشقىنكى، شىرغا ئوخشاش سەندىنمۇ ئېشىپ قالسۇن، ئاجىز تۈلكىدەك ئېشىپ قالغاننى يېمە، شىردەك يەلكىسى يوغان تۇرۇپ، ئامالسىز قالغان تۈلكىدەك ئولتۇرغان ئادەمدىن ئىت ياخشى. رىزقىڭنى ئىشلەپ تاپ، ئۆزۈڭمۇ يە، باشقىلارغىمۇ يېگۈز، باشقىلاردىن ئېشىپ قالغانغا كۆز سالما. قولۇڭنىڭ كۈچى بىلەن، يەنى غەيرەت قىلىپ نېسىۋەڭنى تاپ ۋە باشقىلارنىمۇ راھەتلەندۈر. پەسكەشلەردەك ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قولىغا قارىما.

ئەي يىگىت! ئۆزۈڭنى چۈشۈرۈپ، ۋاي، يۆلەپ قوي دېمە، ئەكسىچە پېقىر ـ پۇقرالارغا يار يۆلەك بول.

ئاللا كىمگە ئىلتىپات قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ خەلق كىمنىڭ سايىسىدا ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشسە، ئاللا شۇنىڭغا ئېھسان ۋە ياخشىلىق قىلىدۇ.

قايسى باشتا مېڭە بولسا، ئۇنداق كاللا ئېھسان قىلىشنى ئويلايدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ. پەسكەشلەرنىڭ، ھىممەتسىز ۋە ئىنسانىيەتسىزلەرنىڭ بېشىدا بۇنداق مېڭە يوق. ئۇلارنىڭ كاللىسى قۇرۇق تېرىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا مۇيەسسەر بولىدۇ.

بابەندقىس[1] يولدا بىر تۆگىچى ئوغلىغا نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان:

ئوغلۇم، سەپەر ئوزۇقۇڭنى ياخشىلار بىلەن بىللە يە، نېمە ئۈچۈن؟ ياخشىلار بۇرادىرىڭسىز تاماق يېمەيدۇ.

---

① بابەندقىس — تۈركىستان تەرەپتىكى بىر چۆل.



www.uyghurkitap.com

# بىخىل تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى

بىرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، رۇم شەھىرى ئەتراپىدىكى پاكىز مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە مۇبارەك بىر زات بار ئىكەن. بىر نەچچە ساياھەتچى بىلەن بىللە مەزكۇر يۇرتقا ئۇنى يوقلاپ باردىم.

ئۇ مۇقەددەس زات بىزنى كۆرۈپ، ئايرىم - ئايرىم باش - كۆزىمىز ۋە قولىمىزنى سۆيدى. ئۆيگە باشلاپ ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتتى.

قارىشىمچە، بۇ شەيخ ناھايىتى باي بىر كىشى ئىكەن. ئالتۇنى، يەر - زېمىنى، خىزمەتچىلىرى، مال - مۈلكى بار ئىكەن. لېكىن، مېۋىسىز دەرەختەك ئىكەن، كەلگەنلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ، قۇرۇقتىن - قۇرۇق كۈتۈۋالىدىكەن، ئۆيىدە قازان قايناتمايدىكەن.

شەيخ كېچىنى تەسۋى تارتىپ، ئىبادەت بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن. بىز بولساق ئاچلىقتىن ئۇخلىيالمىدۇق.

سەھەردە ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ يېنىمىزغا كىرىپ، يەنە ئاخشامقىدەك ئادىتى بويىچە بىزنى سۆيۈشكە ۋە قۇرۇق ئىلتىپات ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

ئارىمىزدا خۇش تەبىئەتلىك، چوڭقۇر مەنىلىك نەپىس سۆزلەرنى قىلىدىغان بىرى بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەي ھەزرىتى شەيخ، بىزگە بۇسە ئەمەس تۇشە[①] بەر. قۇرۇق ئىززەت بىلەن كەشمىزنى توغرىلاپ قويغۇچە، نان بېرىپ كەشمىزنى بېشىمىزغا ئۇر. ئىنسان كۆڭلى ھەرگىزمۇ تاڭ ئاتقۇچە قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىبادەت بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئۇتىدۇ.

---

① بۇسە — سۆيمەك. تۇشە — تاماق دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

## هۆكۈمدارنىڭ ماھارەت ۋە سىياسەتلىرى ھەققىدە

ئېھسان ھەققىدە نۇرغۇن سۆزلىدۇق. لېكىن، ھەممە كىشىگە ئېھسان قىلىشمۇ ئانچە توغرا ئەمەس.

زالىمنىڭ قېنىنى ئىچ، مېلىنى مۇسادىرە قىل، زىيانلىق قۇشنىڭ قانىتى سۇنۇق بولغىنى ناھايىتى ياخشى.

دوستۇڭ بىلەن سوقۇشقان ئادەمنىڭ قولىغا تاش ـ توقماق بەرگىلى بولامدۇ؟

تىكەن ئۈنگەن يىلتىزنى قومۇرۇپ تاشلا. مېۋە بېرىدىغان دەرەخنى پەرۋىش قىل.

چوڭ مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلەرنى كىچىكلەرگە، قاپاق تۇرمەيدىغانلارغا بەر.

قەيەردە بىر زالىم بولسا ئۇنىڭغا رەھىم قىلما، چۈنكى زالىمغا رەھىم قىلىش خەلققە زۇلۇم قىلىش دېمەكتۇر.

دۇنيانى ئۆرتىگەن زالىمنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئوچىقىنى بۇز. پۈتۈن خەلق كۆيگۈچە بىر كىشى گۆمران بولسۇن.

ئوغرى ـ قاراقچىلارغا رەھىم قىلغان كىشى ئۆز قولى بىلەن كارۋاننى ئۇرغان بولىدۇ. زالىمنىڭ كاللىسىنى ئال. زالىمغا زۇلۇم بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ھەددىنى بىلدۈرۈش ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

## ئېھساننى لايىق كىشىگە قىلىش ھەققىدە بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ ھېكايىسى

بىر كىشى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئۇۋا سالغان ھەرىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇۋىنى چۇۋۇۋەتمەكچى بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ۋاي خۇدايىمەي! ئۇ بىچارىلەرنىڭ ئۈۋىسىنى نېمىشقا چۇۋۇۋېتىسىز؟ — دېدى.

ئۇ كىشى ئىشىغا كەتكەن بىر كۈنى ھەرىلەر خوتۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى چېقىۋالدى.

ئەقىلسىز ئايال ئۇياق - بۇ ياققا قېچىپ، دەرۋازىغا يۈگۈردى، تامغا چىقىۋالدى ۋە كوچىغا چىقىپ، ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ۋارقىراپ - جارقىرىدى.

ئېرى ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ، خوتۇنىغا:

— ھېچكىمگە تەرىگىنى تۇرمە. گۇناھ ئۆزۈڭدە، بىچارىلەرنى ئۆلتۈرمە دەپ ۋارقىرىغان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

يامانلارغا ياخشىلىق قىلىنسا يامانلىق ئەۋج ئالىدۇ. بىر كىشى خەلقنى رەنجىتىشنى ئويلىسا، دەرھال ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن ئۇ كاللىنى تېنىدىن جۇدا قىل.

ئىتنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغان بارمۇ؟ ئالدىغا بىر پارچە سۆڭەك تاشلاپ بەرسەڭ بولغىنى، ئۇنىڭ لايىقى شۇ.

سەھرالىق بوۋاي:

«تەپكەك ھايۋاننىڭ يۈكى ئېغىر بولسۇن.» دەپ نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان.

كۆزەتچى رەھىمدىل بولسا، ئوغرىنىڭ قورقۇنچىسىدىن كېچىلىرى ھېچكىم خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ.

جەڭ مەيدانىدا نەيزە قومۇشى شېكەر قومۇشىدىن يۈز مىڭ ھەسسە پايدىلىقتۇر.

ھەممە كىشى ئېھسانغا لايىق ئەمەس: بەزىلىرىگە پۇل ئېھسان قىلسەن، بەزىلىرىنىڭ قولىقىنى سوزىسەن.

مۈشۈكنى ئەركىلەتسەڭ كەپتەرنى بوغىدۇ، بۆرىنى باقساڭ ئۆزۈڭنى يەيدۇ.

ئوغلۇم، دەجلە دەرياسىغا توسما ياسىماقچى بولساڭ سۇيى

ئازايغان چاغدا ياسا، چۈنكى دەريا تاشقاندا ياسيالمايسەن.

يامان بۆرە قاپقانغا چۈشكەن هامان ئۆنى ئۆلتۈر. شۇنداق قىلمىساڭ قويلىرىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.

مەلئۇن شەيتان سەجدە قىلمايدۇ، يامان ئادەمدىنمۇ ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

يامانلىقنى ئويلىغان قارا نىيەتلىك ئادەمگە مەنسەپ، مەرتىۋە ۋە پۇرسەت بەرمە. دۈشمەنىڭ زىنداندا، دىۋىنىڭ بولسا قەپەستە بولغىنى ياخشى.

يىلاننىڭ بېشى تېشىكنىڭ ئاستىغا كەلگەنكەن، يانجىۋەت، كېيىن كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن دەپ بىپەرۋالىق قىلما.

## كەمتەرلىكنىڭ ساخاۋىتى، تەكەببۇرلۇقنىڭ كاساپىتى

ئەي ئىنسان! ئاللا سېنى توپىدىن ياراتتى. شۇڭا سەن كەمتەر بول. ئوتتەك ئاچ كۆز، تەرسا بولما ۋە دۇنيانى ئۆرتىمە.

قورقۇنچلۇق ئوت يالقۇنى ئۇلغىيىپ كۆتۈرۈلگەندە، تۇپراق ئاجىزلىقى بىلەن كەمتەرلىكىنى كۆرسەتتى.

ئوت شۇنداق كۆتۈرۈلگەنلىكى، يەنى كىبىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەلئۇن شەيتان يارىتىلدى. تۇپراق كەمتەرلىك كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئادەم يارىتىلدى.

هەي كۆرەڭلەپ تېنىگە سىغمىغان كىشى، كۈچۈڭ بىلەن كۆرەڭلەپ ئاجىزلارنى يىقىتما. مەھشەر كۈنى قارايدىغان بولساڭ، كۆرسەنكى، بىر تال ئارپىچىلىك قەدىر - قىممىتى بولمىغان بىر تىلەمچى بىر پادىشاھنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ مەھكىمىگە ئېلىپ بارىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن

تۇراي دېسەڭ، بۇ دۇنيادا كىچىكلەرنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلما، چۈنكى سېنىڭ بۇ سۇلتانلىقىڭ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ھېلىقى تىلەمچى قەھر ـ غەزەپ بىلەن پېشىڭگە ئېسىلىدۇ. ئاجىزلاردىن قولۇڭنى تارت، ئۇلارغا غەزەپلەنمە، سېنى تارتىپ يەرگە يىقىتسا ئۇياتقا قالىسەن، ھۆر ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاجىزلارنىڭ قولىدا يىقىلىش نومۇسلۇق ئىشتۇر.

ھالال سۈت ئەمگەن، بىلىملىك، بەختىيار بولغانلار ئەقىل ۋە بىلىمى بىلەن تاج ـ تەختىنى ساقلاپ قالالىدى، دۇرۇس ئادەملەرنىڭ كەينىدىن قىيىستىق دەسسىمە.

يۇقىرى ئۆرلىمەكچى بولغان كىشى كەمتەر بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغلۇق تېمىغا چىقىش ئۈچۈن كەمتەرلىكتىن باشقا شوتا يوق.

ئەقىل ۋە ھەقىقىي ئىلىم ـ ئېرپان ئىگىسى بولغان كىشى مېۋىلىك كۆچەت شاخلىرىدەك كەمتەر بولىدۇ.

## ھېكايە

بىر ھېيىت كۈنى سەھەردە بايەزىد بەستامى مۇنچىدا يۇيۇنۇپ چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتقىنىدا، بىر ئۆيدىن ئۇنىڭ بېشىغا بىر داس كۈل تۆكۈلۈپتۇ.

يىغىلا مۇنچىدىن چىققان ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئۈستىۋېشى كۈلگە مىلىنىپ كېتىپتۇ.

لېكىن، بەستامى ھەزرەتلىرى قولىنى يۈزىگە سۈرتۈپ ئاللاغا شۈكۈر قىپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ:

«ئەي بەستامى! مەن ئوتقا لايىق، كۈل تۆكۈلدى دەپ خاپا بولىمەنمۇ؟»

ئۇلۇغ ئادەملەر مانا شۇنداق بولىدۇ. ئۇلۇغلۇقمۇ مانا شۇدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىگە قارىمايدۇ.

ئۆزىنى كۆرىدىغان، ئۆزىگە قارايدىغان كىشى ھەق تائالانى كۆرەلمەيدۇ.

ئۇلۇغلۇق مەغرۇر بولۇش، ئۆزىنى چوڭ چاغلاش ئەمەستۇر. قۇرۇق گەپ بىلەن ئۇلۇغلۇق بولمايدۇ.

كەمتەرلىك سىبىنىڭ دەرىجەڭنى ئۆستۈرىدۇ، كىبىر بولسا سىبىنى يەردىن — يەرگە ئۇرىدۇ.

## كىبىرنىڭ ئاقىۋىتى، كەمتەرلىكنىڭ بەرىكىتى

دۇنياسىغا ئىشەنگەن كىشىدىن دىندارلىق ئىزدىمە، ئۆزىنى كۆرىدىغان كىشى ئاللانى كۆرەلمەيدۇ.

ئۇلۇغلۇق ئىزدىسەڭ، پەسكەشلەرگە ئوخشاش ھېچكىمگە ھاقارەت نەزىرى بىلەن قارىما.

ئەقىللىق كىشى ئۇلۇغلۇقنىڭ كىبىر بىلەن قولغا كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

ئەگەر خەلق سىبىنىڭ مىجەزىڭنى ياقتۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ۋە دەرىجە بولمايدۇ.

ئىنساپ قىل! بىرى كېلىپ ساڭا كىبىرلىك قىلسا، سەن ئۇنى ئۇلۇغ بىلەمسەن ۋە ئۇنىڭغا ئۇلۇغ دېگەن نەزەر بىلەن قارامسەن؟

يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشكىنىڭدە، ئەقىللىق بولساڭ ئاجىزلارغا كۈلمە، چۈنكى قانچىلىغان مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكى ۋە سەن پەس كۆرگەن ئاجىزلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىققانلىقى كۆپ ئۇچرىغان.

بىرەر كەمچىلىكىڭ يوق، پاك ئادەمسەن دەپ پەرەز قىلايلى، لېكىن كەمچىلىكىم بولغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ھاقارەت قىلما.

بىرى كەبىنىڭ ھالقىسىنى تۇتىدۇ، يەنە بىرى مەيخانىغا



www.uyghurkitap.com

بىرىپ مەست بولىدۇ. ئەگەر جانابىي ھەق ئۇ مەستنى توغرا يولغا باشلىسا كىم توسالغۇ بولسۇن؟ ۋە يەنە ئۇ ئۇلۇغ ئاللا بىر ئەمەلدارنى ئورنىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇنى يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا كىم چىقىرالىسۇن؟

ئاللادىن قورققان گۇناھكار ئىبادەتتە ئىشەنگەن تەقۋادارلاردىن ياخشىدۇر.

## نامرات ئالىم بىلەن مەغرۇر قازىنىڭ ھېكايىسى

نامرات ۋە ئەسكى چاپانلىق بىر شەرىئەت ئۆلىماسى قازىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئالىملار قاتارىدا ئولتۇردى.

قازى ئۇنىڭغا سوغۇق قاراپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن، قازىنىڭ ئادىمى ئۇنى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— بۇ يەرنىڭ ئالىي ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن، بۇ سەن ئولتۇرىدىغان يەر ئەمەس. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يا پەگاھقا چۈشۈپ ئولتۇر، يا ئۆرە تۇر ياكى چىقىپ كەت، — دېدى.

ھەممە كىشى سورۇننىڭ تۆرىگە لايىق بولمايدۇ. شەرەپ پەزىلەت بىلەن، قەدىر ـ قىممەت مەرتىۋە بىلەندۇر. بۇگۇنكى بۇ خىجالەتچىلىكنىڭ مەن ئۈچۈن يېتەرلىك جازا بولسۇن.

كىم دەرىجىسىنى بىلىپ تۆۋەندە ئولتۇرسا، ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرغۇزۇلۇپ، تېخىمۇ پەگەھگە ئولتۇرغۇزۇلۇش بىلەن ھاقارەتكە ئۇچرىمايدۇ.

چوڭلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلما! بىلىكىڭدە قۇۋۋەت، قولۇڭدا قۇدرەت بولمىسا شىر بولۇۋالما.

دەرۋىش قىياپەتلىك شەرىئەت ئۆلىماسى تەلىيىنىڭ ئۆزىگە يار بولمىغانلىقىنى كۆرگىنىدە، بىر ئوتلۇق ئاھ چېكىپ، ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ پەگاھقا بېرىپ ئولتۇردى.

شۇ چاغدا ئۇ يەردىكى ئۆلىمالار بىر شەرىئەت ھۆكمى ئۈستىدە مۇزاكىرە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تالاش ـ تارتىش مۇنازىرە شەكلىنى ئالدى، «ھەئە»، «ياق»، «شۇنداق»، «ئۇنداق ئەمەس» دېيىشىپ دەتالاش قىلىشتى.

مۇنازىرە خوراز سوقۇشى شەكلىنى ئالدى. ئۇلاردىن بىرى بىكاردىن ـ بىكار غەزىپىدىن مەستكە ئوخشاش ئۆزىدىن كەچكەنىدى، يەنە بىرى ئاچچىقىدا قوللىرىنى يەرگە ئۇراتتى.

ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ، بىر باشقا چىقالمىغۇدەك ھالەتكە يەتكەندە، پەگاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ھىلىقى ئەسكى چاپانلىق ئۆلىما ئورنىدىن تۇرۇپ شىردەك ھۆركىرەپ، گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئەي قۇرئان كەرىمنى تەبلىغ قىلىشقا، شەرىئەت ھۆكۈمىنى تارقىتىشقا مەسئۇل شەرىئەت ئەربابلىرى! دېمەكچى بولغانلىرىڭلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە ئورۇنلۇق دەلىللەر كېرەك. بويۇن تومۇرلىرىڭلارنى كۆپتۈرۈش ھۆججەت بولالمايدۇ. مېنىڭ سۆزۈمنىمۇ ئاڭلاپ قويغايسىلەر. بۇ ھەقتە مېنىڭمۇ ئاتىدىغان توپىم بار.

بۇنىڭ بىلەن باشقا ئۆلىمالار:

— مەرھەمەت، ياخشى بىر ئىشنى بىلسەڭ ئېيتىپ باق، — دېيىشتى.

ئۆلىما مەسىلىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئۇقتۇردى ۋە مەسىلىنىڭ روھىنى مەلۇم قىلدى. سۆزلىرىنى ئۇزۇۈكنىڭ كۆزىگە نەقىش ئويغاندەك، كۆڭۈللەرگە تىزىپ قويدى. دەۋا ھەل بولدى.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۆلىمانىڭ ئەقلى ۋە ئىلمىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى:

ئۆلىما سۆزنى ئات چاپتۇرغاندەك، شۇنداق چاپتۇردىكى، قازى پاتقاقتا پېتىپ قالغان ئېشەكتەك ئورنىدىن تۇرالماي قالدى.

قازى ئۇنىڭ ئىلمى ۋە پەزىلىتىنى ماختاپ، تونى بىلەن سەللىسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن خىزمەتكارىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئىنتايىن تەسىرلەندىم ۋە كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئەپسۇس، دەسلەپ سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلمەپتۇق، كەلگىنىڭىزدە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىز كېرەك ئىكەن. بىراق . . . سىزنى بۇ مەرتىۋىڭىز بىلەن مۇناسىپ ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇشىمىز لازىم ئىدى. پەگاھدا ئولتۇرۇپ قالدىڭىز.

قازىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرگەن مۇلازىم دەرھال ئۆلىمانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، دەسلەپ قىلغان مۇئامىلىسى ۋە سۆزلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى ۋە ئىلتىپاتلار ياغدۇرۇپ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتى. قازى سۇنغان سەللىنى ئۆلىمانىڭ بېشىغا كىيدۈرمەكچى بولدى.

ئۆلىما قولى بىلەن ئىتتىرىپ مۇنداق دېدى:

— توختا، قولۇڭنى تارت، ئۇ سەللىنىڭ كېرىكى يوق، ئۇنى بېشىمغا يۆگىۋالسام ماڭا كىبىر كىرىدۇ. مەنمەنلىك دەۋاسى قىلىمەن، ئەتە ئەسكى چاپانلىق بىرىنى كۆرسەم ئۇنى پەس كۆرىمەن. خەلق ماڭا «ئۇلۇغ زات»، «جاناب»، «كاتتا ئەرباب» دېگەندەك لەقەملەرنى قويغانسېرى مەن ئۇلارنى يامان كۆرىمەن. سۇ ئالتۇن پىيالىدە ياكى ھېجىر تاۋاقتا بولسۇن، ئۇنىڭ نېمە پەرقى بار؟ پاكىز بولسىلا بولغىنى . . . لىپاپىنىڭ قانداق بولۇشى ئىچىدىكى خەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ـ دە . . . ئىنساننىڭ بېشىغا سەللە ئەمەس، ئەقىل ۋە مېڭە لازىم. باش يوغىنىغان بىلەن ئىنسان يوغان بولمايدۇ. سۇ قاپىقى يوغان بولغىنى بىلەن ئىچى قۇرۇق. بۇنداق سەللە ساڭا يارىشار، ئەي مۇبارەك جاناب! سەللىسى بىلەن ساقىلىغا قاراپ باھا بەرمە، سەللە پاختىدۇر، ساقال بولسا بىر تۇتام كوكات . . .

سۆلىتى ئادەمدەك كۆرگەنلەر جانسىز ھەيكەلدەك تۇرۇپ گەپ قىلماسلىقى كېرەك.

بورا قومۇشى ئېگىز بولسىمۇ، شېكەر قومۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزىگە كۇپايە.

ئىنسان ئۆزىگە ھۈنەر ۋە ئىلىمگە يارىشا ئورۇن ئىزدىنىشى كېرەك.

زۇھەل يۇلتۇزدەك ئېگىز، لېكىن بەختسىز بولما. ئەقلىڭ ۋە ھىممىتىڭ شۇنچە ئاز ئىكەن، يۈزلەرچە قول ـ چاكارلىرىڭ بولسىمۇ سېنى يەنىلا ھېچكىم ئادەم دېمەيدۇ. تېزەكچى قوڭغۇز گۈلزارلىقتا ياشىسىمۇ يەنىلا تېزەكچى قوڭغۇزدۇر، باي بايلىقى بىلەن ئۇلۇغلۇق ۋە ياخشىلىق تاپالمايدۇ. ئېشەككە شايى ئەتلەستىن يوپۇق ياپسىمۇ يەنىلا ئېشەكتۇر.

دوستۇم، كىشىلەرنى ھۆرمەت قىل، ئۇلۇغلۇق شۇنىڭغا موھتاج، ھېچكىمنى ئۆزۈڭدىن يامان ۋە پەس كۆرمە. ئۇلۇغلۇقنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ. سەن ئۆزۈڭنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرمىگۈچە كىشىلەر ئالدىدا ئەزىز بولالمايسەن. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان ئۇلۇغدۇر.

## قانائەتكار كىشىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە

ئەقىللىق كىشى ھۈنەر ئۆگىنىپ كەسىپ ئەھلى بولىدۇ.

ئۆزىنى سەمىرتىشكە بېرىلگەنلەر ھۈنەر ۋە بىلىمدە ئاجىز بولىدۇ. يېيىش ـ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ تۇتقان يولى ئادەم بالىسىنىڭ ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ يولىدۇر. بۇنداق يولدا پەقەت ئەقىلسىزلەر ماڭىدۇ.

ئادەم بولۇشنى ئويلىغان كىشى ئالدى بىلەن نەپسىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك. ھەقىقىي بىلىمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقانلار نېمىدېگەن بەختلىك!

قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگەنلەرگە شەيتاننىڭ چىرايى بىلەن ھۆرلەرنىڭ مەڭزىلىرى ئوخشاشتۇر. سەن يولدىكى قۇدۇقنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن قۇدۇققا چۈشتۈڭ.

قانىتىغا تاش باغلاپ قويغان بۈركۈت ھاۋادا قانداق ئۇچالىسۇن؟ سېنىڭ قاناتلىرىڭمۇ ھىرس ۋە تەمە تاشلىرى باغلانغان. ئەگەر ئۆزۈڭنى ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن قۇتۇلدۇرالىساڭ. سىدرەتۇل - مۇنتاھا[1] غىچە ئۇچالايسەن.

ئادەم بولساڭ نورمال تاماق يە، قارنىڭنى زىيادە تولدۇرما. سەن ئادەممۇ ياكى كۆپمۇ؟ ئادەمنىڭ ئىچى غىزا - تاماق ئورنىلا ئەمەس، يەنە پىكىر - زىكىر قىلىش ۋە نەپەس ئېلىش ئورنىدۇر. لېكىن، ھىرس ۋە تەمە تولۇمىغا نەپەسمۇ ئايىغىنى تەستە ئۈزىتىدۇ.

زادى تويمايدىغان قورساق جەھەننەمگە ئوخشايدۇ. جەھەننەمگە شۇ قەدەر كۆپ نەرسە كىرسىمۇ يەنىلا «يەنە بومۇ؟»[2] دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئەي تېگى پەس ئەبلەخ! دىننى دۇنياغا ساتما. ئىيسانىڭ ئىنجىلىنى بېرىپ ئېشەككە ئارپا ئالما[3].

يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنىڭ قورساق تەمەسى بىلەن توزاققا چۈشۈۋاتقىنىنى بىلمەمسەن؟ مانا بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا خىرس قىلغان بولۋاسمۇ قورساق تەمەسى بىلەن چاشقاندەك قاپقانغا چۈشىدۇ.

## تەمە

ئەي نەپس، ئازغا قانائەت قىل، بۇنداق قىلساڭ، شاھ بىلەن گادايىنى ئوخشاش كۆرىسەن.

---

① سىدرەتۇل مۇنتاھا — يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندىكى بىر دەرەخ.
② «قۇرئان كەرىم»، 50 ـ «قاف» سۈرىسى 30 ـ ئايەتكە ئىشارەت قىلىنغان.
③ دىن ئايەتلىرىنى پۇچەك يارماققا ساتماڭلار.

www.uyghurkitap.com

نېمىدەپ ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە تىلەپ بارىسەن؟ تەمەنى تاشلاپ ئۆزۈڭ سۇلتان بول.

گېلىڭغا ئامراق بولساڭ قارنىڭنى بېقىش ئۈچۈن تاۋافنى ۋە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈڭگە قىبلە قىلىسەن.

ئەگەر ھەر نەپەستە نەپسىڭ ساڭا: «بەر، بەر!» دەپ ھۆكۈم قىلسا، سېنى خورلاش ۋە ھاقارەتلەش بىلەن يېزىمۇ يېزا سازايە قىلىدۇ.

ئەي ئەقىللىق ئىنسان! قانائەت ئىنسانىنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، تەمەخور ئادەمنىڭ بېشى بولسا مۇرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ.

## ھېكايەت

بىر كىشى بىر تەلەپ بىلەن ئەتىگەندە خارەزىمشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى، شاھ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنغىنىدا، ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال رۇكۇغا بارغاندەك ئېگىلدى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، سەجدە قىلغاندەك دۈم بولۇپ يۈزىنى يەرگە سۈردى.

يېنىدىكى ئوغلى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاتىسىدىن سورىدى:

— ئاتا بىر سوئالىم بار جاۋاب بېرەمسىز؟

ئاتىسى «سورا» دېگەندە، ئوغلى:

— سىز ھەر دائىم قىبلە ھىجاز تەرەپتە دېمىگەنمىدىڭىز؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۈگۈن نامازنى پادىشاھقا قاراپ ئوقۇدىڭىز؟ — دېدى.

شەھۋەتپەرەس نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇنىڭ ھەر سائەت باشقا قىبلىسى بار. ئاچ كۆزلۈك، تەمە سېنىڭ ئېتىبارىڭنى چۈشۈرىدۇ. بىر دانە ئارپا ئۈچۈن بىر ئېىشەك ئۇنچە تۆكىسەن. ئەي ئەپەندى! چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى ئۇزارتقىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، تەمەخور قولۇڭنى قىسقارتىشنى بىل.

بىر كىشى تەمە دەپتىرىنى پۈكلەپ تاشلىۋەتسە ھېچكىمگە «قۇلىڭىز» ، «چاكىرىڭىز» دەپ مەكتۇپ يازمايدۇ. تەمە قىلىشتىن ئىبارەت يامان خۇي سېنى ئاخىر ھەممە سورۇندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ خۇينى تاشلىغىنىكى، سېنى ھېچكىم تاشلىۋەتمىسۇن.

گۆدەك بالىدا بىرەر تەمە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قولىدا ئالتۇن كېسەكچىسى بىلەن توپا ئوخشاشتۇر. سۇلتانغا ئىشەنگەن گادايغا دەيمىزكى:

سۇلتان گادايدىنمۇ موھتاجدۇر، گادايىنى بىر دەرھەم كۈمۈش تويدۇرىدۇ، ھالبۇكى پەرىدۇن شۇنچە، شۇنچە چوڭ ئىران پادىشاھلىقىغىمۇ تويمىدى. غەمسىز گادايىنىڭ زىيادە ھەۋەس قىلغۇچى پادىشاھنىڭ كۈنىدىن راھەتتۇر. كۆرمەمسەن دېھقان بىلەن خوتۇنى شۇنداق تاتلىق ئۇخلايدۇكى، پادىشاھقا ياسىداق سارايدا ئۇنداق ئويقۇ نېسىپ بولمايدۇ. ئۇيقۇ بىلەن كېچە شاھقىمۇ، گادايغىمۇ ئوخشاش، پەرقى شۇكى گاداي ھۇزۇرى بىلەن شۇنچە ئۇخلايدۇ. پادىشاھنىڭ بولسا كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ.

يارانلاردىن بىر زاتقا خوتەن ئەمرى بىر يىپەك تون بەردى. ئۇ زات خۇشاللىقىدىن كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلىپ تونىنى ئالدى، ئاندىن ئەمىرنىڭ قولىنى سۆيۈپ دېدى:

— خوتەن ئەمىرىنىڭ بۇ تونى نېمىدېگەن ئېسىل، لېكىن ئىنسانىنىڭ ئۆز تونى تېخىمۇ ئېسىلدۇر.

ئەگەر ھېچكىمنىڭ قىينىشى ئاستىدا ياشاشنى خالىمىساڭ داق يەردە يات، بىر پارچە پالاس ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيمە.

شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختى تىللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەي ئىنسان ئوغلى!

## كىبىرنىڭ يامانلىقى

ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆزۈڭ لايدىن يارىتىلدىڭ. ئىچىڭ بولسا كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان. بەزىدە ئۆتكەن كۈنۈڭ بىلەن ماختىنىسەن، بەزىدە بايلىقىڭ، مال ـ مۈلۈك ۋە نەسەبىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىسەن. كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقۇڭ بىلەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش ساڭا يارىشامدۇ؟ ئەجدادىڭنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەنمۇ ماختانما، دىققەت قىل ۋە سەگەك بول! . . .

دوستۇم، بۈگۈندىن كېيىنكى ھالىڭ نېچۈك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قوي. يامان ئادەتلىرىڭنى ئازايت، ئىنسانلىققا ياراشمايدىغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقنىمۇ تاشلا.

## غەپلەتتىن ئويغان

ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆمرۈڭ قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ تار كۆزقاراشلىرىڭدىن كەلگەن غەپلەت ۋە ئەقىلسىزلىك بىلەن بۇ زاۋاللىق ئالەمدە ئەسىرلەر بويى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسەن.

قارىغىنا، ھاياتىڭ پۈتۈنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىر نەرسە! ۋاقتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە. زىددىيەت ۋە غەيرەت تولپارىنى

ئۆكچىلەپ، سالامەت مەنزىلىگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بول.

## شۆھرەتنىڭ يامانلىقى

بىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاش، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي تۈۋەن چۈشۈرۈپ كىچىكلەتكەنلىك بولىدۇ. شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئارقىلىق كىشىلەرگە تونۇتۇش، ئەمەلىيەتتە نام ۋە شان ـ شەرەپتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغانلىقتۇر. شۇنداق ئىكەن، نامسىز ۋە شۆھرەتسىزلىكنى شۆھرەتتىن، ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىك ۋە ئۆز ھالىغا بېقىشنى شان ـ شەرەپ ۋە بايلىقتىن ئەلا بىلگىن، بۇنىڭ بىلەن مۇشەققەت پەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، يوشۇرۇن سۈيىقەست ۋە ھەسەتتىن يىراق بولۇپ بەختىيار ياشايسەن.

دۇنيادا بارلىق ۋە شۆھرەت ئىگىسى بولغان ئادەم، يا باشقا بىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە ھەسەت ئوقىغا نىشان بولۇش بىلەن يا ئۆزى باشقىلارغا يوشۇرۇن سۈيىقەست ۋە ھەسەت قىلىش بىلەن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

## ياخشىلىق ئادەمنىڭ خىسلىتى

ھۆرمەتكە سازاۋەر، نومۇسلۇق ئادەمنى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئۈندىسە، ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقىدۇ، ئېسىلزادە ئادەمگىمۇ بىرىنى ھاقارەتلەش ۋە خورلاش ۋەزىپىسى بېرىلسە بۇ ۋەزىپىدىن دەرھال ئۆزىنى تارتىدۇ. ھەقىقىي ئىنسانلىق كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان كىشى ئىنسانىيەتكە يات بولغان ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ ۋەزىپە ئادەم ئەمەس بىرەر ھايۋانغا تاپشۇرۇلسىمۇ، تۆيىقنىڭ سۈنۈشى، توقۇمنىڭ

دۈمبىسىنى يېغىر قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ تىترەيدۇ. بۇ خىسلەت گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولغان پاك ئىنسانلارغا خاس بولۇپ، ھارام سۈت ئەمگەنلەردە بولمايدۇ.

ئىت قويرۇقىدا ياغ ۋە كۈچ بولمىغىنىدەك، ئېسىللىكى بولمىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ.

## يامان ئەمەلدارنىڭ ھالى

مەرتىۋىسى ۋە مەنسىپى بىلەن ماختانغان كىشى تۆگە قۇشىنىدىنمۇ ئەخمەق. مەن نىجاتلىقتىن مەھرۇم بولغان زالىم مەنسەپدارىدىنمۇ يامان بىرىنى كۆرمىدىم. زالىم ۋە پەزىلەتسىز مەنسەپدار زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكىدىن قانداقمۇ نىجات تاپسۇن، ئۇ ئادالەت ئورنىغا يامانلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. زۇلۇم قىلىشتا ھېچقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇ ھامان زالىملار تەرىپىگە مايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمرىگە ھازىر ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئىپادىسى بىلەن ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ.

مۇنداق خۇسۇسىيەتلىك ئەمەلدار ئۆزىنى خەۋپ ئىچىگە ئاتقان بولۇپ، غاپىلانە ھەرىكىتى ۋە يامان تەسىرى تۈپەيلىدىن ئالاقزادىلىك قاراڭغۇلۇقىدا قالغان ئاجىز ۋە بىچارىلەرنىڭ ئاھۇزار ئوقىغا نىشان بولىدۇ.

## زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولىدىن ئايرىلما

دۇنيا دەۋردىن ـ دەۋرگە، ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتمەكتە. سەن ھەر كۈنى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولىنى تۇت. ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقلىرىڭنى ھېسابقا ئېلىپ، بىرلىكتە ئولتۇرۇشنى بىل، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا



www.uyghurkitap.com

تىرىشقىن. چۈنكى، زاماننىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆزقارىشى ھەر دائىم ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ، ھەربىر ئارزۇيۇڭدا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر ساڭا ماسلاشماسلىقى مۇمكىن. يامان نىيەتلىك كىشى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سېنىڭ پىكىرىڭگە يول قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، مۇنداق يول قويۇشنى ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتما. ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتمىگىنىڭكى، داۋاملىق ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ.

زامان ھادىسىلىرىنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالما. ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باش تارتما. توغرا يولدا قەيسەر بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر.

## شەرەپنى ئۆزۈڭ قازىنىشىڭ كېرەك

ئەي ئىنسان ئوغلى! ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما. ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمىشكە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىشەنچىڭ بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش دەۋاسىدا بولما. پەقەت، ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. تۈنۈگۈنكى رىزىقنىڭ بۈگۈن پايدىسى بولمىغاندەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىڭمۇ بۈگۈنكى ئاچلىقىڭغا پايدىسى يوق. ساڭا كېرىكى، بۈگۈنكى ۋە شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان ئېتىباردۇر.

## غاپىل قىرىلارغا تەنبىھ

ئەي، چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان قىرىلار! سىلەرنى ھەربىر يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن بۇ قىرىلىق ئالامەتلىرىڭلار كۇپايە ئۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن سىلەرنى تېخىچە يارامسىز ئىشلاردا ۋە ئۆزۈڭلەرگە ياراشمايدىغان قىلىقلاردا كۆرىمەن؟

ئېچىنىڭلار، ئۆزۈڭلەرگە ئېچىنىڭلار! چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ئۆتىنچى قەدىمىگە كەلدىڭلار. بۇ قەدەم ھاياتىڭلارنى سەبىيلىك، ياشلىق ۋە يېتىلگەن ۋاقتىدىن كېيىن كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتۇر. ئۆمرىنىڭ بۇ باسقۇچىغا قەدەم قويغان كىشى ھاياتلىق دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا كەلگەن بولىدۇ. بۇ يەر كىشى ئۈچۈن كەينىگە قايتىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ھەرقانداق كىشى جەزمەن كېلىدىغان بىر ساھىلدۇر.

خۇداغا قەسەم بىرىمەنكى، بۇ ساھىلدىن كېيىنكى مۇشكۇل سەپەر ئۈچۈن ئەڭ زىيادە قورقۇشى ۋە يول ئوزۇقى ھازىرلىشى لازىم بولغانلار قىرىلاردۇر. ئۇلارغا يېقىنلاپ قالغانلارمۇ شۇنداق.

## نەپسىگە تەسلىم بولغان قىرىلارغا

چاچ ـ ساقاللىرىڭ ئاقىرىپتۇ. لېكىن يارىماسلىقلىرىڭنىڭ مەڭزىگە تېخى قورۇق چۈشمەپتۇ. قىرىغان بولساڭمۇ، لېكىن ئارزۇ ۋە ھەۋەسلىرىڭنىڭ تونى تېخى كونىرىماپتۇ. نېمە ئۈچۈ مەن سېنى تېخىچە جاھىل ۋە ئىتائەتسىز كۆرىمەن، گويا قىرىلىق خەۋەرچىلىرى سېنى زادى توسالمىسا ۋە يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىمۇ كۆچۈڭدىن قالدۇرمىسا كېرەك. قىرىلىق ـ قىرىلارغا نۇرانە بىر سىما ۋە چىرايلىق مىجەز ئېلىپ كېلىدۇ. سېنىڭ پۈتۈن تاپاۋىتىڭ بولسا، نۇقسانلىق ۋە غەپلەت بىلەن

ئۆتكەن بىر ئۆمۈر. ئەگەر پېشانەڭگە چۈشكەن قىرلىق خەۋەرچىلىرىنىڭ قانداق بىر ئەلچى ئىكەنلىكىنى، قانداق بىر ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ھايا قىلىپ نومۇس پەردىسىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن بولاتتىڭ. لېكىن سېنىڭ يۈزۈڭ ھايا تېرىسى كۆرمەپتۇ. «ھا» ۋە «يا» ھەرپلىرىنىمۇ ھەجىلەپ ئوقۇماپتۇ. شەررە كېپىكلەردەك نايناقلاپ زوق ۋە ئويۇن - تاماشىغا، ئۇسسۇزلۇقتىن تىللىرى ساڭگىلاپ كەتكەنلەردەك ئېغىز ئاچىسەن. خاتا بىر سۆزنىڭ شەپىسى چىقىپ قالسا «سىم[1]دەك قولىقى بار» لاردەك، ئۇ سۆزنى گويا ساڭا ئېيتىقاندەك شۇئان ئاڭلىۋالىسەن. لېكىن ھەق سۆز پىلنىڭ نەرە تارتقىنىدەك جاراڭلىسىمۇ، گويا قولىقىڭ يوقتەك ئاڭلىيالمايسەن.

نەپسىڭ شۇنچىلا قىزىق تونۇر ئىكەن، ئۇنىڭدىن خەيىر كۈتىۋاتىسەن ياۋايى ئارسلاندىن كىم سۈت ساغالىسۇن؟

## ئىلىم ۋە ئەمەل

ئەمەلىي بولغان كىشى ئۈچۈن، ئىلىم بىنا ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېپىشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۈچۈن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان ئارغامچىسىدۇر. ئاسما تېپىشى بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغاندەك، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسالمايدۇ.

كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا ھەم ئالىم، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى) بولۇشى كېرەك.

---

[1] بۇ چىلىۋۆرنىڭ چىشىسى بىلەن بۆرىنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بىر ئىت بولۇپ، قولىقى پەۋقۇلئاددە ئاڭلىيالايدىكەن. بۇ سۆز ئەرەبلەردە تەمسىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىنسان ئەمەل ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىنساندۇر

ئىنسان تىل ۋە يۈرەكتەك ئىككى پارچە گۆش بىلەن ئەمەس، ئەمەل ۋە ئېتىقاددەك ئىككى چوڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن ئىنساندۇر. بۇ ئىككى چوڭلۇق ئۇنىڭغا يار بولمىغۇچە، ئىككى كىچىكنىڭ ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

## ھەي ھۇرۇن

ئەي سەلىمە بىلەن سۈئادنىڭ قوينىدىن چىقالمايدىغان خوتۇنپۇرۇش! دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ چارىسىنى قىل. ئىستىراھەتنى ئادەت قىلىۋالغانلار پايدا ۋە تاپاۋەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىزدىگۈچىلەر بىلەن چىقىشالمىغاندەك، ئويۇن - تاماشاغا ئۆگىنىپ قالغانلار مۇشەققەت قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرىشنى خالىغۇچىلار بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئەقىللىق كىشى سەۋرلىك، تەمكىن، چىداملىق بولىدۇ ۋە دائىم پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئاجىز ۋە ئەقىلسىزلەر بولسا، ئىشلىرىدا تۇراقسىز، بەخىراماں بولىدۇ. سەزگۈرلۈك ۋە سەگەكلىك تەلەپ قىلىنىدىغان ھاللاردا غەپلەتتە تۇرىدۇ.

ھەي ھۇرۇن! ئۇ ھالدا دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئەقلى - ھوشۇڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ھەر ئىككى دۇنيادىكى نېسىۋەڭنى ئېلىشقا تىرىشقىن. ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىك كۆز سۈرتۈشتىن ۋاز كەچ ۋە سېنى بۇ دۇنيادا كۆڭۈللۈك ۋە پاك ھايات كەچۈرىدىغان، ئاخىرەتتە بولسا ئازابلاردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىشلاردىن غەيرىي ھېچقانداق نەرسىگە رىغبىتىڭ بولمىسۇن.

ئادەم — ئالدىراقسان، سەۋرسىز، يەڭگىلتەك ۋە ھەردائىم زىددىيەتلىك ئويلار ئىچىدە پالاقلاپ يۈرىدىغان بىر مەخلۇق. مىڭىنچە مۇنداق جىددىيلىك بىلەن ئۇياق - بۇياقتا يۈگۈرمىسە ئاچ قالىدۇ ۋە مۇنداق ئالدىرىغانچە تەبىئىي ئۆلۈمنى كېچىكتۈرىدۇ. ئالدىراش ۋە جىددىيلىك ئىچىدە دەۋران ۋە جەۋلان قىلىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، چىچىلاڭغۇ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرىۋالالايدىغانلىقىغا، پەرىشان ئەھۋالنى ئىزىغا چۈشۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇنىڭغا ھەرقانچە «توختا، ئېغىر بول» دېيىلسىمۇ ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىكى، كىچىكلىكى ۋە سەۋرسىزلىكى يولىدا تاغۇ تاش، دەريا - داۋان دېمەي تەرسالىق ۋە جاھىللىق بىلەن پالاقلاۋېرىدۇ.

بۇ ئەقلىي يېتەكلىكى ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم بالىسىنىڭ ئانىدىن تۇغما بىر جۈيى بولۇپ كىشى ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ. خۇيلارنىڭ كۆپۈنچىسى تەبىئىي ۋە تۇغما بولىدۇ. تەمكىنلىك بىلەن يېنىكلىكمۇ شۇ خۇيلاردىندۇر.

## پىداكار بولۇش

بىر ئىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىپ ئىرادە باغلىغانىكەن. ئېھتىياتچانلىق، توغرا ۋە ئەتراپلىق ئويلاش، ئەقىلسىزلىك ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى تاشلاپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق ئىشتا تولۇق قەيسەرلىك بىلەن جاسارەت كۆرسىتىش، مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەندە ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش ... مانا بۇلار

www.uyghurkitap.com

پىداكارلىق مەيداندا قىلىنغان شۇنداق بىر مۇسابىقىدۇركى، پەقەت ئۇ مەيداننىڭ يېگانىلىرىلا بۇ مۇسابىقىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

بۇ مەيداندا دۇرۇس تەبىئەتلىك ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرەلەيدىغان كىشىلەر ھادىسىلەرنىڭ ۋە پالاكەتلەرنىڭ ئىچىگە پېتىپ كېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاشلار ئارىسىدا ئۈستۈن تۇرماقچى بولىدىكەن، ئاڭسىز ئەخمەقلارنىڭ قابىلىيەت سىزىملىرىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە سەۋەب ۋە باھانىلەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىدەك، بىتەلەي ۋە خەير - ساخاۋەتلەرنىڭمۇ بۇ مەيداندىن پۈتۈنلەي قاچقىنىدەك بىر ئىشتۇر.

# ئەي ئىنسان، ئۆزۈڭنىڭ دۇنيادىكى ئورنۇڭنى ۋە قىممىتىڭنى بىلەمسەن؟

## ھىممەت[1] كەمىرىنى باغلاپ، خەسىسلىك تونىنى سال

ھەر كىمنىڭ ھىممىتى يۇقىرى بولسا، ئۇ كىشى خەلقئالەم ئىچىدە ئەزىز ۋە شەرەپلىك بولغۇسى. ئەگەر، بىراۋنىڭ قولىدا بىرەر يارماققا چاغلىق قارا مىس پۇلىمۇ بولمىسا، ئۇ ئادەم ھىممەتلىك بولسا، ئۇنى نامرات دېگىلى بولمايدۇ. ئۆزى باي بولسىمۇ، ھىممەتسىز بولسا، ئۇ كىشى ئەڭ نامرات كىشىدۇر. مۇنداق ئادەملەر خالايىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن مەھرۇمدۇر. ئالەم ئەھلىنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۆزىنى تۇتقان، تەمەدىن قول يىغقان كىشىلەر ئىزچىل ھۆرمەتلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ ھىممەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. ساخاۋەتلىك كىشىلەر بۇ بايلىقتىن ھۆرمەت، ئىناۋەت تاپىدۇ. ھىممەتسىز بايلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ. ھېسابسىز خەزىنىگە ئىگە بولغان بىر كىشى ئەگەر ھىممىتى پەس بولسا، ئۇ كىشىسىنىڭ خەزىنە يىغىشى بىھۇدە مۇشەققەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بېخىل كىشىلەر ئەگەر بىر يارماقنى تۇگۇپ قويغان بولسا، ئۇنى ئېچىشتىن كۆڭلى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ئۇنى بۇگۇن ياكى ئەتە ئاچاي دەپ، تۇگۇن ئۇستىگە تۇگۇن تۇگىدۇ.

[1] ھىممەت — غايە، ئىستەك، نىيەت؛ بىرەر ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىش.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئاچقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن مەقسەت ئۇ يارماقنا يەنە بىر يارماقنى قوشۇپ تۈگۈنچەك قىلىشتىن ئىبارەت. بەلكى شۇ مەقسەت ئۇچۇنمۇ ئىچىشنى راۋا كۆرمەي، ئۇنى باشقا بىر تۈگۈنچىگە تۈگىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ پۇللىرى قانچە كۆپ بولغانسېرى، تۈگۈنلىرى ئۇنىڭدىن بەكرەك كۆپىيىدۇ. ئەگەر بۇ تۈگۈنلەردىن بىرنى ئاچماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۈزلەپ تۈگۈن چۈشىدۇ. ئويۇنچىلار ئىت، ئېيىق ئويناپ نان تاپىدۇ. ئەمما، ئۇ ناندىن بىر قىسمىنى ئىت، ئېيىقلىرىغا بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ. قاغا قانچىلىغان ياڭاقلارنى ئوغرىلايدۇ. لېكىن ئۇنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن يەرگە كۆمىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن ئۆزىمۇ بەھرە ئالالمايدۇ. چاشقان ئۆزى ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى مەخپىي ئۆيلىرىگە توشقۇزىدۇ. ئۇنى ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. قارا قوڭغۇز دائىم تېزەك توشۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي توشۇيدۇ. ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ تېزەكنى تاشلىمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئاياغلىرىدا يانجىلىپ ئۆلىدۇ. ساخاۋەت ئىگىلىرى پۇلنى سەرپ قىلماي يىغىشنى ئەيىب كۆرگەندەك، ھىممەتسىز كىشىلەر پۇل خەجلەشنى ئەيىب كۆرىدۇ. ساخاۋەتلىك كىشىلەر ئەلگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن چۈنتەكلىرىنى بوشاتسا، ھىممەتسىزلەر بۇنى ئەيىب كۆرىدۇ ۋە بۇنداق ئىش ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەت چېكىدۇ. ھېسابسىز ئەپسۇسلىنىدۇ. كەرەملىك كىشىلەرنىڭ ئادىتى ھەمىيىشىدىن پۇل چىقىرىپ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھىممىتى پەس كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئۆيىدە پۇل ـ مال، خەزىنە ـ دەپىنىلىرى تۇرۇپمۇ ئاچ قورساق يۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنداق خەزىنىدارلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى يوق. بەلكى ئۇلاردىن نامراتلارنىڭ كۆڭلى ياخشىراق، چۈنكى بېخىللارنىڭ مال ـ مۈلكى بولمىسا، ھېچ كىشىدىن ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت

يەتمەيدۇ، ئەگەر دۇنياسى بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلىدۇ. قىزىل تۈلكە بىلەن قارا قۇندۇزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى تۈكى سەۋەبچىسى بولغاندۇر. سەدەپ گۆھەرلەرنى يىغقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر گۆھەرگە ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ سەدەپنىڭ كۆكسىنى يارىدۇ. ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە باي بىلەن كەمبەغەل ئوخشاش، ئۇلار كىشىلەرگە بىر خەزىنە مال - دۇنيا بېرىۋەتسىمۇ پەخىرلىنىپ كەتمەيدۇ. پۇلى يوق چاغلاردا بىر يارماق بېرىشكە نومۇس قىلىپ كەتمەيدۇ. لەززەتلىك غىزالارنى يېيىش بىلەن سۆيۈنۈپ كەتمەيدۇ. ئۇماچ ئىچكەنگە مۇڭلىنىپ، قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ساخاۋەتلىك كىشىلەرنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. بىر خىلى قولىدا بارنى ساخاۋەت قىلىپ تۈگەتكەن، جاھان ئەھلىدىن ئۇنىڭغا جاپا يېتىپ، مۇشەققەتكە يولۇققان، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىغان ھىممەت ئىگىلىرى. ئەگەر بۇنداق كىشىلەرنىڭ داۋاملىق خەير - ئېھسان قىلىشىغا قۇدرىتى يەتمىسە، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدە ھىممەت بولغىنىنىڭ ئۆزى كۇپايە. يەنە بىر خىل ھىممەت ئىگىلىرى باركى، ئۇلار ئالىي ھىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھان ئەھلىنىڭ جەبىر - جاپاسىغا ئاز يولۇقىدۇ. خۇددى ئېگىز ئۇچىدىغان قۇشلارغا ئوۋچىلارنىڭ قان تۆككۈچى ئوقلىرى يەتمىگەندەك، گەرچە ئۇلارغا بېخىللار داۋاملىق ھەسەت ئوتلىرىنى چېچىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ساخاۋەت بۇلۇتلىرىنىڭ مامۇقىنى كۆيدۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ قانچە پۈۋلىگىنى بىلەن يۇلتۇز شامى ئۆچۈپ قالمايدۇ. يولۋاس ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قانچە سەكرىگىنى بىلەن ئاينى ئۈزۈپ ئالالمايدۇ. كىشىلەر ئۆز ھىممىتىنى قانچە يۇقىرى قىلغانسېرى، تەڭرى ئۇنىڭ مېھنىتىنى شۇنچە ئاز قىلىدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ ھىممىتى يار

www.uyghurkitap.com

بەرسە، جاھان تۇتۇشنى تاشلاپ، گادايلىقنى ئىختىيار قىلغاي. پېقىرلىقنى ئەلا بىلىپ، جاھاندارلىقتىن نومۇس قىلغاي، كىچىك پېئىللىقتا مايىل بولۇپ، بۈيۈكلۈكتىن كەچكەي. پېقىرلىق كوچىسىنىڭ گادىيىنى گاداي دېسە، ئۇنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ بىل. گادايلار پادىشاھلىققا ھەۋەس قىلغاندەك، پادىشاھلارمۇ گادايلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. تەڭرىتائالا بۇنداق پەم - پاراسەتنى ئاتا قىلغان خالايىق ئەلۋەتتە شاھلىقنى تاشلاپ، پېقىرلىققا مايىل بولغاي.

## ئىسكەندەر بىلەن گادايلىقنى ئىختىيار قىلغان پادىشاھنىڭ، ياق، بەلكى پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن گادايىنىڭ ھېكايىسى

ئىسكەندەر جاھان ئەھلىگە پادىشاھ بولدى. ئەل - ئايماقلارنى ئىگىلەپ، پادىشاھلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ ھەربىر پادىشاھنى ئۆزىنىڭ ئېلىگە مەسئۇل قىلىپ پادىشاھ قىلاتتى. بىر پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ شەھىرىدىن كۆڭلى تىنىپ، خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر شەھەرگە يۈرۈش قىلاتتى. مەغرىب زېمىنىنى بويسۇندۇرۇشقا كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇش باشلىدى. ئۇرۇشتا ئۇ مەملىكەتنىڭ شاھى ھالاك بولدى. جەڭ ئىشلىرى توختىغاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر بۇ يەرگە بىر پادىشاھ بەلگىلىمەكچى بولۇپ، مۇنداق خىتاب قىلدى:

— بۇ مەملىكەتنىڭ شاھزادىلىرى ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىلگۈدەك كىشىلەر بولسا، بۇ يەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام بولاتتى. چۈنكى، مەملىكەت ئىشلىرى شۇنداق

كىشىلەرگە تاپشۇرۇلسا، يۇرت باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

خالايىق ئىسكەندەرنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرىگە جان پىدا قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

— جاھاندا تېخىمۇ بۈيۈك مەرتىۋىگە يەتكەيسەن، داۋاملىق خەلقپەرۋەر بولغايسەن، پۇقرالارغا شادلىق بەخش ئېتەلەيدىغان، پۇقرالارمۇ ئۇنى قوللايدىغان كىشىنى پادىشاھ قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداق كىشى بۇ يەردىن تېپىلمايدۇ. بەلكىم بىر ئادەم بار، شۇ ياراپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ھازىر ئۇ كىشى خالايىقتىن نەپرەتلىنىپ قاچتى ـ دە، ئاجايىپ بىر ئىشنى ئىختىيار قىلدى: ئۇ ھازىر تىرىك ئادەملەر ئارىسىغا كىرمەي، ئەسكى گۆرلەردە ماكان تۇتماقتا. تىرىكلەردىن ۋاپا كۆرمىگەچكە ئۆلۈكلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپتۇ. ئۇ ئەسلى مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئەمدى تەخت بىلەن تاجنى تاشلاپ، بەختىيار بولۇپتۇ. كېچىلىرى ئۇنىڭغا ھۇۋقۇشلار ھەمراھمىكىن، نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدىكىن؟ بۇنى بىلمەيمىز. ئۇ كىشىلەر بىلەن زادى ئارىلاشمايدۇ. ئادەملەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ. ئەمما، كۆڭلى سۇنۇق كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ بارسا، ئۇلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى ئالەم ئەھلىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ھەق يولغا باشلايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دەرھال ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

شاھىنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن ئۇنى ھايالسىز تېپىپ ئەكىلىشتى. ئۇ گادايىنىڭ بېشى يالاڭۋاشتاق، پۇتى يالىڭاياغ، كىيىمى جۇل ـ جۇل ئىدى. ئۇنىڭ جۇل ـ جۇل بولۇپ يىرتىلغان ياقىلىرىدىن مۇشەققەت بىلەن چاك ـ چاك بولغان كۆكسى نامايان ئىدى. جاھان مەشغۇللۇقىدىن ئېتەك سىلكىگەن

بۇ كىشى ئىككى قولىدا ئىككى ئۆلۈكنىڭ سۆڭىكىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلغىن، يەنە مەن نېمىنى سورىسام، شۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن، — دېدى.

— بىر كۈنى قەبرىستانلىقتا كېتىۋېتىپ، — دېدى ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، — سۆڭەكلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىككى سۆڭەكنى قولۇمغا ئېلىپ، «بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى پادىشاھنىڭ، قايسىسى گادايىنىڭ سۆڭىكىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنى ھەرقانچە كۆزەتكەن بولساممۇ پەرقلەندۈرەلمىدىم. شاھ بىلەن گادايىنىڭ تېنى ئۆلگەندە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىدە مۇشۇنداق ئارىلىشىپ كېتىدۇ يۇ، نېمە ئۈچۈن ھايات ۋاقتىدا بىر ـ بىرىدىن شۇنچە كەسكىن پەرقلىنىپ، شۇنچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ؟

ئىسكەندەرگە بۇ سۆز خوش ياقتى.

— ئەي دانىشمەن كىشى، —دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا، — سۆزلىرىڭدىن سېنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ ھېكمەتلەرگە باي كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. ئۆزۈڭمۇ ناھايىتى ھىممەتلىك ئىكەنسەن. ئەمدى يۇرتۇڭدا سېنىڭ ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىڭنى تىكلەپ، مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرۈپ، سېنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن.

— مېنىڭ ھىممىتىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئىسكەندەرگە، — ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى پېقىرلىق دەسمايىسىنى تاشلاپ، شاھلىق دەرىجىسىنى لايىق تاپىدىغان ئۇنداق پەس ھىممەت ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى بەرسىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئالىي

ھىممەتتۇر. مېنىڭ ھىممىتىم تۆت خىل بايلىققا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ئاخىرلاشمايدىغان ۋە چەك ـ چېگرىسى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولۇش؛ يەنە بىرى: قېرىلىققا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان مەڭگۈلۈك ياشلىققا ئېرىشىش؛ يەنە بىرى: زادى نامراتلىققا ئۆزگەرمەيدىغان بايلىقنى تېپىش، يەنە بىرى بولسا، ئەبەدىي غەم ـ قايغۇسىز بولغان خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش.

بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە بېشى چۇشۇپ كەتتى.

— ئەي مۇبارەك پىكىرلىك دانىشمەن، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا، — سەن بۇ قەدەر ئالىي ھىممىتىڭ بىلەن جاھان ھوشيارلىقىغا يېتىپسەن. مۇشكۇلچىلىكلىرىڭ ھەل بولۇپ بوپتۇ، ھەق دەرگاھىدىن ساڭا پېقىرلىق مۇيەسسەر، ماڭا شاھلىق بەخشەندە بولۇپتۇ، تەڭرى گەرچە شان ـ شەۋكەت جەھەتتە ماڭا بۈيۈكلۈك بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھىممەت بابىدا سېنى مېنىڭدىن بۈيۈك ۋە ھۆرمەتلىك قىپتۇ.

ھەرقانداق بىر گاداي ئەگەر ئالىي ھىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىقنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىمۇ پەستۇر. ھەرقانداق پېقىر ئەگەر جاھان نېمەتلىرىنى تەرك قىلالىسا، ئۇنىڭ ئالىي ھىممىتى ئالدىدا دەۋر پادىشاھلىرى خارۇزار كۆرۈنىدۇ.

## ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

— مەقسەت مەنزىلىگە تېز يەتكىلى بولىدىغان يول قايسى، بۇنىڭ ئۇچۇن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— خالايىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئالىم جاۋاب بېرىپ، — يوقلۇق كۈچىيىشىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى يوق قىلىش لازىم. باي ۋە كۈچ قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خەير - ساخاۋەت ئۇلارنىڭ مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يول ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلدۇر. ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنىڭ كىشىنى بەربىر مەقسەت مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق، بىراق خەير - ساخاۋەت ئەھلىنىڭ بۇ مەنزىلگە تېخىمۇ تېز يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ۋىسالغا يېتىشىدىن ئۇمىد كۆپرەك. بايلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتىن خالىي ئەمەس: بىرى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان ساخاۋەت، يەنە بىرى، خالىسانە قىلىنغان ساخاۋەت. ئەگەر كىشى مەنمەنلىك ئۈچۈن ساخاۋەت قىلسا، بۇ ساخاۋەت قىلغان بولمايدۇ. مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يوقلۇق مۇساپىسىنى بېسىش كېرەك. كىشى مەقسەت يولىدا ئۆزلۈكىنى يوق قىلغاندىلا ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. شەخسىيەت مەقسەت يولىدىكى قاراقچىدۇر. كىشى ئەگەر مەنزىلگە ئامان - ئېسەن يېتەي دېسە، قاراقچىدىن ھوشيار بولمىقى لازىمدۇر. ھەققە يەتمەكچى بولغان كىشى چوقۇم ئۆزلۈكىنى يوق قىلىش، بەلكى ھەقتىن باشقىنى يوق بىلىش لازىم. چۈنكى كىشى شاھ بەزمىسىگە كىرمەكچى بولسا، چوقۇم قاراقچىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم. قاراقچى بىلەن ھەمكارلاشقان كىشى قانداقمۇ شاھ دەرگاھىغا داخىل بولالىسۇن. مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ بار - يوقى، جان ۋە جىسمى بىلەن مەقسەتكە بېرىلگەن، شۇ ئارقىلىق مەقسەت بىلەن بىر جان بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلانغان كىشىنىڭ تىلىكى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى بۈيۈك مەرتىۋىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەن كىشىنىڭ ئىشى پۈتكەنگە ھېساب.

## ئادالەت ھەققىدە

ئادىل پادىشاھلارنىڭ زىننىتى ئادالەت بىلەن ھاسىل بولغىنىدەك، گادايلارنىڭ زىبۇ زىننىتىمۇ ئادالەت ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئادالەتنى ئادەت قىلغان پادىشاھلارغا ھېچقانداق پادىشاھ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھەرقانداق پادىشاھ ئادالەت بىلەن نام چىقارسا، تەڭرى ئۇنىڭغا يار ــ يۆلەكتە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن پادىشاھ تەڭرىنىڭ سايىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئالەمنىڭ مۇشۇنداق تەرتىپ ــ ئىنتىزاملىق بولۇشى ھەقىقەتەن ئادالەتنىڭ بەرىكىتىدىندۇر. ئادالەتلىك شاھلارنىڭ ئىشلىرىنى تەڭرى ياقتۇرىدۇ. پادىشاھلار ئەگەر ئادىل بولمىسا، ئىككىلا ئالەمدە خار ــ زار بولىدۇ. نۇشىرۋان گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا مەھكۇم قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە مىڭ يىللاردىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن باغلانغان ئىشلىرى ھازىرمۇ تىللاردىن چۈشۈپ قالغىنى يوق. بۇگۈنكى زاماندىمۇ ھەرقانداق بىر پادىشاھ ئۆز خەلقىگە ئادالەت بىلەن باشچىلىق قىلىشنى ئادەت قىلسا، ئۇنى پادىشاھ دېمەستىن، بەلكى «زامانىمىزنىڭ نۇشىرۋانى» دەپ تەرىپلەيدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، ئەنبىيالىق ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئادىل پادىشاھ زامانىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرگەن. ھەدىستە: «ئادالەت بىلەن ئۆتكەن بىر سائەتنىڭ ساۋابى پۈتكۈل جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ تائەت ــ ئىبادىتىدىن يۇقىرى» دەپ بېشارەت بېرىلگەن. ھەدىستە يەنە ئىشەنچلىك قىلىپ مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەگەر مۇسۇلمان بولمىغان بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئۆزىگە ئادالەتنى ئادەت قىلىپ، ئۇنى

مەملىكىتىدە جارى قىلدۇرسا، جەزمەنكى، ئۇنىڭ مەملىكىتى تېز ئارىدا يۈكسىلىدۇ، راۋاج تاپىدۇ. ئۇنداق پادىشاھنى نۇشىرۋان دېسە ئەرزىيدۇ. ئەگەر پادىشاھ زالىملىقنى كەسىپ قىلىپ، ئاۋام خەلققە زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ مەملىكىتى ئىسلام، ئۆزى مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مەملىكەت تېز ئارىدا بەرباد بولۇپ، ۋەيرانىگە ئايلىنىدۇ.» ھەرقانداق بىر پادىشاھ تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، تەڭرى ئۇ پادىشاھقا ئادىل بولۇش، ئاۋام خەلققە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئادالەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئۇ پادىشاھنىڭ باش تارتسا بولمايدىغان بۇرچىغا ئايلىنىدۇ. قايسى پادىشاھ زۇلۇم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. بۇنى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ ھەق پەرمانىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بارلىق ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي ئەخلاقتىن مەھرۇم بولۇپ، پەسكەشلىك يولىغا ماڭىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زالىملىقى بىلەن خەلق ئىچىگە بىتاقەتلىك ۋە ئىزتىراپ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئەلنى قالايمىقان قىلىدۇ، ئاۋات يەرلەرنى ۋەيرانە خارابىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇنداق پادىشاھلار ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ كېچە ـ كۈندۈز قارغايدۇ. ئۇنداق پادىشاھ ئەل ئىچىدە ھەرگىز خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ. داۋاملىق قورقۇنچ ۋە دەككە ـ دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. پادىشاھ خەلققە قانچىلىك زۇلۇم سالسا، شەكسىزكى، ئۆزىگە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك زۇلۇم سالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جېنى بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ، ئۇ دۇنيادا بولسا جەھەننەم زۇلمىنىڭ

خەۋپىدىن ئامان تاپالمايدۇ. زالىم پادىشاھ خەلققە دۈشمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ماھىيەتتە ئۆزىگە – ئۆزى دۈشمەندۇر. زۇلۇم چەككەنلەر بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ ھېسداشلىقىغا، ئۇ دۇنيادا بولسا، تارتقان ئازاب – كۈلپەتلىرىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. زالىملارچۇ؟ ئۇلار بۇ ئالەمدە خالايىقنىڭ لەنەت – نەپرىتىگە، ئۇ ئالەمدە بولسا خەلقنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىدۇ. شەكسىزكى بۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى دەرد – ئەلەم، قايغۇ – غەمنى چىللىغانلىقتۇر، كىمكى ئۆزىنى ئادىللارنىڭ قاتارىغا قوشماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. كىمكى ئادالەت ۋە مەرھەمەت ھۈنىرىنى بىلسە، ئۇنى ئەبەدىي قولىدىن بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ پادىشاھ بولغۇچى كىشى ئادىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ھۈنىرىنى بارلىق ھۈنەرلەردىن ئەلا بىلىشى زۆرۈر. دۇنيادا ھۈنەردىن ئەزىزرەك نەرسە بولماس، بىراق پادىشاھنىڭ ئادىتى ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىش بولسا، باشقا ھۈنەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبتۇر.

## مەھمۇدنىڭ ھېكايىسى

ۋاقتىكى، دەۋران سۇلتان مەھمۇد غازىنىڭ ھاياتلىق جامىغا زەھەر سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەجەل شەربىتىنى تۇتتى. زامان ئۇنىڭ قولىقىغا سەپەر نەغمىسىنى چالدى. سۇلتان مەھمۇد بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتەر ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ مەسئۇد ئاتلىق ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ، ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتتى.

بىر كېچىسى سۇلتان مەھمۇد ئوغلى سۇلتان مەسئۇدنىڭ چۈشىگە كىردى: قارىسا ئاتىسى باشتىن – ئاياغقىچە نۇرغا چۆمۈلگەن ھالدا، بېھىشنىڭ ئىپار – ئەنبەرھىدلىرىغا تولغان گۈلشىنىدىن ماكان تۇتقانمىش. ئۇنىڭ ئالدىدا سۈيى زۇمرەتتەك

www.uyghurkitap.com

سۈزۈك بىر كۆل تۇرۇپتۇدەك، ئۇنىڭ تەسۋىرىنى ئەقىل كەلتۈرۈشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلار ئىمىش. ئاتىسىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى بارغانسېرى زىيادە بولۇپ كېتىۋاتقان، ئۇ كۆلنىڭ سۈيى خۇددى كۆك ئاسماندەك تىنىق، پۇرىقى ۋە تەمى كەۋسەر سۈيىدەك تۇرغانمىش. ئۇ كۆلنىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى ھەيۋەت بىر تۈپ دەرەخ پادىشاھ مەھمۇدنىڭ بېشىغا، ياق، بەلكى ئاشۇ گۈلشەننىڭ پۈتكۈل سەھنىسىگە بەئەينى چېدىردەك سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقانمىش. ئۇ گۈلشەننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ئىپار ـ زەپەردىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى كېسەلمەنلەرنىڭ جىسمىدىن زەئىپلىك ۋە ئاغرىق ئازابىنى يوق قىلار ئىمىش. بۇ ئاجايىپ تاماشىدىن سۇلتان مەسئۇدنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، بۇ گۈلشەننىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ دىماغلىرى مەستخۇش بولغانمىش. سۇلتان مەسئۇد بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، يەرنى سۆيگەن ھالدا ئاتىسىدىن سوئال سوراپتۇدەك: «ئەي ئاتا، پادىشاھلىق دەۋرىڭدە قايسى ئىشنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئالىي ئورۇنغا سازاۋەر بولدۇڭ؟» سۇلتان مەھمۇد بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەنمىش: «پادىشاھلىق دەۋرىمدە كۆڭلۈم ئادالەت تەرەپكە مايىل ئىدى. بىر چاغلاردا ھىندىستان تەرەپكە لەشكەر تارتتىم. يول ئۈستىدە بىر يۇرتقا چۈشۈپ ئارام ئالدۇق، مەن لەشكەرلىرىمگە بۇ يۇرت خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى بۇزماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۈم. يۇرت ئەھلىگىمۇ لەشكەرلىرىمدىن ئامان بولۇش، خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇش ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ، جار سالدۇردۇم. ئاندىن لەشكەرلىرىمنى ئارام ئېلىشقا قويۇۋەتتىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ يۇرتنى سەيلە قىلغۇم كېلىپ سىرتقا چىقتىم. تەرەپ ـ تەرەپكە نەزەر سېلىپ ماڭدىم. كۆز ئالدىمدا تۇساتتىن بىر كەنت نامايان بولدى. بۇ كەنتتە بىرنەچچە ئۆيلۈكلا ئادەم ياشايدىكەن.

ئۇلارنىڭ ھال ـ ئۇقتى ناھايىتى ناچار، كۆڭۈللىرى سۇنۇق ئىكەن. ھەممىسى ئاجىز، زەئىپ بىچارىلەر ئىكەن. ئۆيلىرىنى ياغاچ، بەلكى تولاراقى قومۇشتىن قورشام قىلىپ ياساپتۇ. ئۇ بىچارىلەر ئۆيلىرىگە گىلەم ئورنىدا بورا سېلىپ، بۇ كونا قورشام ئۆيلىرىنى خۇددى باغۇ ـ بوستانلىق قەسىردەك بىلىپ ياشايدىكەن. بۇلارغا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، قۇلىقىمغا بىر مەزلۇم كىشىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى كىرىپ قالدى ـ دە، ئېتىمنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىدىم. بېرىپ قارىسام بىر ناتىۋان ئاجىز ئايال نالە ـ زار قىلىپ تۇرىدۇ. نېمە گەپلىكىنى ئۇقسام، مېنىڭ لەشكىرىم ئىچىدىكى بىر كىچىك لەشكەر بېشى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ قورشامىنى بۇزۇپ، ئۆيىگە كىرىپتۇ ـ دە، ئىككى تال ئوتۇننى ۋە بىر توۋرا سامانىنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ تاماق يەيدىغان بىر پېشىل ھېجىر قاچىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋاپتۇ. ئۇ زالىم ئۆيدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋاتقاندا، ئىشىك ئالدىدا ماڭا دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ ئايال بىلەن جېدەل قىلىۋاتىدۇ. ئايالنىڭ يەنە ئىككى نەپەر گۇۋاھچىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئۇنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى بىلگەندىن كېيىن، تارتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزدۇم. ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان قورشاملىرىنى ياساپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردىم، ئۇ ئايالنىڭ مەھرۇم قىلىنغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلاپ بەردىم. ئاندىن ئۇ زالىمنىڭ قوللىرىنى باغلىتىپ، شۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىلا بوغۇزىدىن ئاستۇردۇم. ئۇ قېرى ئايالنىڭ دەردىگە ئاشۇ تەرىقىدە دەرمان قىلغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىم تەرەپكە قايتىپ كەلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پايدىسىز ۋاقىتلىق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، بۇ مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەلدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ گۈزەل جەننەت بېغىدىن ئورۇن ئالدىم. شۇنى بىلگىنكى، مېنىڭ گۇناھلىرىم ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. ئەمما

مۇشۇ بىر ئىشىم تەڭرى ئالدىدا مەقبۇل كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كەچۈرۈم قىلىنىدىم. ماڭا غايىبتىن: «ئەي گۇناھكار ئىنسان، ئۆمرۈڭ بارگاھى ئىچىدە ھەددى ـ ھېسابسىز گۇناھلارغا بوغۇلۇپسەن. بۇ سەۋەبتىن سەن دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم ئىدىڭ، بىراق ئاشۇ بىر قېتىملىق ئادالىتىڭ سەۋەبىدىن كەچۈرۈمگە ئېرىشتىڭ. پانىي ئالەمدە ئاشۇ بىر قېتىملىق غەرەزسىز ھالدا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا بېرىمىز. ئاشۇ قېرى ئايالنىڭ بۇزۇلغان قورشامنى غەرەزسىز ھالدا تۈزەپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەنبەر ھىدلىق جەننەت بېغى، ئىككى تال ئوتۇننىڭ بەدىلىگە بۇ تۇبى دەرىخى، يېشىل ھېجىرنىڭ ئورنىغا بۇ زۇمرەتتەك كۆل، بىر ئېتەك سامانىنىڭ مۇكاپاتىغا بۇ زەپەرزارلىق ساڭا نېسىپ بولدى؛ ئۇ زالىمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن سەن ئەبەدىي ھاياتلىققا ئېرىشتىڭ. بۇ ئىش بىلەن سېنىڭ نامىڭ مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ. بۇنداق ئەبەدىي ھايات سان ـ ساناقسىز گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كىشى ئادالەت ۋە ياخشىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلماس، كىشى ئەگەر پانىي ئالەمدە ئادالەت بىلەن ئىش قىلمىسا، بۇ باقىي ئالەمگە كەلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق. ساڭا مېنىڭ بېشارىتىم شۇكى، قانچىلىك كۈچ ـ قۇدرىتىڭ بولسا، شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلغىن، قانچىلىك قۇربىڭ يەتسە شۇنچە ئادىل بولغىن، پادىشاھ بولغان كىشى ئەگەر ئادالەتتىن يىراقلاشسا، ئۇ داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ...»

سۇلتان مەھمۇد يۇقىرىقى چۈشنى كۆرۈۋېتىپ، توساتتىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ، خۇشاللىققا چۆمدى. ئاتىسىنىڭ بېشارىتى بويىچە ئادالەت يولىنى تۇتۇشقا بەل باغلىدى. كىمكى سۇلتان مەسئۇدقا ئوخشاش ئادالەت ۋە

ياخشىلىقا نىيەت باغلىسا، سۇلتان مەھمۇدقا ئوخشاش ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكۈسى.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستودىن:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، پادىشاھ بولغان كىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇش جەزمەن زۆرۈر ئىكەن، ئۇنداقتا ئادالەتنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدى.

ئەرەستو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر پادىشاھ ئادالەتنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا جىمى جاھان تەۋە بولىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئادالەت سەۋەبىدىن پادىشاھلارنىڭ مەملىكىتى ئاۋاتلىشىدۇ، بېيىپ، گۈللىنىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت خەزىنىلىرى بايلىق بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. لەشكىرىي ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق تەرتىپكە چۈشىدۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق بولىدۇ. بۇنداق پادىشاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىدۇ. ئۇ قاچانكى بىر دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلسە، دۈشمەن مەملىكەت بىلەن ئۆز مەملىكىتىنىڭ كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور بىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ ـ دە، يەنە بىر دۈشمىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. ئۇنداق پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى بولسا ئۇنىڭغا غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەپ، مەدەت بېرىدۇ، ھەمدەمدە بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئادىل پادىشاھنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىمۇ قوللايدۇ؛ پۇقرالىرى ئادىل شاھنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن كېچىلىرى دۇئاغا قول ئاچىدۇ. لەشكەرلىرى بولسا، ئەپ تاپسىلا ئادىل شاھ تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئادىللىقى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاشۇنداق يول تاپسا، ئۇنىڭ جاھانغا ھۆكۈمران بولمىقى ئاساندۇر. ئادالەتنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر بىرى تەخرى يولىدا ئادالەت تارازىسىنى راست تۇتسا، خەيرلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئەل بېشىدىكى مۇشكۈلچىلىكلەرنــى يوق قىلسا، ئاۋام خەلقنى مېھنەت ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۇرسە، پۈتكۈل ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىــدۇ. ئىككىلا ئالەمنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئەي دوست، ھوشيار بولغىنكى، دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر. بۇ ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇلپەتتۇر، ئۇنىڭ ئۆزى غەم ـ ئەندىشە ھەم بالايىئاپەتتۇر. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇلسا، سەمىمىي سادىقلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دۈشمەنلىشىشنى تاشلاش كىشىنى بەخت ـ سائادەت كوچىسىغا يەتكۈزىدۇ. دۈشمەنلىشىش ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئەسل ـ ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ، خانۇمانىنى خاراب قىلىدۇ. ئەگەر پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە پۈتكۈل جاھاننى خاراب قىلىدۇ

جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن دوستانىلىك ناھايىتى يىراق. ئەگەر ياخشى ئويلايدىغان بولساڭ، جاھان ئەھلى ئارىسىدا تۈگىمەيدىغان بىر ھۈنەر بار. ئۇ بولسىمۇ ئۆچلىشىش، ئاداۋەت بىلەن ئۆزىنى زايا قىلىشتىن ئىبارەت. بىرنەچچە خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ھەمىــشە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرى قاچانكى ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ. كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭغا دەل ھۈنەردىشى دۈشمەن

بولىدۇ. بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا، يەنە بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاڭ سالىدۇ ـ دە، ھەر تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە ـ كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنداق ئىشلار كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، پادىشاھلار يۈزمىڭلىغان چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشىپ، بىر ـ بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ھاكىملار بولسا، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ، ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. لەشكەر بېشى قوماندار، چېرىك بەگلىرى لەشكىرىي ئىشلاردىكى ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنى تالىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولايدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىلىشى ئاززاق بولغان ئاددىي خەلقنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئۆچلىشىش ئوردىدىكىسىگە ۋە دىۋان ـ مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچىلىقى يەنىلا دۈشمەنلىشىش ـ ئۆچلىشىشتىن كېلىپ چىققان، ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۈشمەنلىشىشنى پادىشاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۆز مەرتىۋىسىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزۈشنى قەستلىسە، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ گوياكى بىر توپان بالاسى، بۇ بەئەينى دەريالارنىڭ تاشقىنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر، بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا ـ قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان

قالمايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر ـ زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پادىشاھ دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا، جاھان ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، ھەممىسى بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر ـ بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا، ئوغۇل يەنە بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر ـ بىرىگە يول قويمايدۇ. ئاداۋەت ۋە قەھرى ـ غەزەپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى ئالدىرايدۇ. ئوغۇلمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق تۇغقانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا بوران جاھاننى قاپلايدىغان بولسا، پىتنە ـ پاساتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز خۇدىنى بىلمەيدىغان، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولىدۇ. جاھان ئەھلى بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ ـ تالايدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرى، بالايىئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن سان ـ ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانجىلىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئىككى پادىشاھ بىچارە پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدۇ.

نەتىجىدە غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى، ياق بەلكى قىيامەت كۈنىدۇر. بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى نامرات بىچارىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇپ، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىرى قوللىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ، بىرى قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ، دوستانە ئۆتىدۇ. شۇڭا، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق.

ئىككى جاھانگىر پادىشاھنىڭ ئاداۋىتىدىن جاھان ئەھلىنىڭ
ھاياتلىق خامىنىغا بالايىئاپەت چاقمىقى چۈشكەنلىكى
ۋە ئىككى دوستنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۇ خاماندىكى
كۆيۈۋاتقان ئوتقا يامغۇر يېغىپ ئۆچۈرگەنلىكى

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقتىكى، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. ئاندىن خارەزمشاھنىڭ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قاينىملىرىنى ھاسىل قىلدى. ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ - ئامانلىق قالمىدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتلاردا شام شەھىرىدە بىر - بىرىگە

مۇھەببەتلىك ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلىئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قاتىللىق خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ بېيىنغا كەلگەنىدى، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈنراق ياشىۋالسۇن، — دەپ يالۋۇردى. جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ بېيىنغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەنىدى ئالدىنقىسى نالە زار قىلىپ تىلەپ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن. ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقانىدى، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى ئۆگەن. خالايىققا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات. خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكەشكەن بولسا، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟! ئىككى پادىشاھ ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن جاھاننى بۇزۇپ، خاراب قىلدىڭلار. بۇ ئىككى دوست بولسا بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ساداقەت ـ ۋاپادارلىق كۆرسىتىشتى.

بۇلاردىن ئىبرەت ئال» دەپ بېشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئۆيىقۇدىن ئويغىنىپ، قەتلىئام قىلىشنى دەرھال توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ ئىككى دوستنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقىدىن بىر مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا ـ قازادىن نىجادلىققا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى باشقا دىندا بولغان بۇ قەتلىئام قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى. ھەرقانداق بىر كىشى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇلارغا بۇ تەمسىل قىيامەتچىلىككىچە يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستودىن:

— ھەرقانداق ئىشتا ئىككى ئادەم ياكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ئۇنى ئەقىل ـ ئىدراك راۋا كۆرمەيدۇ. بىراق ئۆچمەنلىك قىلىش دۇرۇس ئىش سانىلىدىغان، ئۆچمەنلىك قىلىنمىسا زىيىنى بولىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ناھايىتى مۇشكۇل بىر سوئال بولدى، — دېدى ئۇ دانىشمەن ھېكىم جاۋاب بېرىپ، — ئاقىل كىشىلەر بەزى زىددىيەتنى رەت قىلسا، بەزى زىددىيەتنى توغرا تاپىدۇ. بىراق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئالەم ئەھلىگە زىيان يېتىشى مۇمكىن دەپ قارالسا، ياكى ھەقىقەتەن زىيان يەتكىلى باشلىغان بولسا، يەنە بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇ كىشىنى بۇ زىيانلىق ئىشتىن توختىتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى توسقانغا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا قاتتىق ـ يىرىك سۆز بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇ ئىشتىن توختىتىش كېرەك. ئەگەر بۇ چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇ چاغدا رەسمىي قارشى تۇرۇپ ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن

تىنچلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق بۇنداق قىلغاندا ياكى پايدىسى كۆرۈلۈشى، ياكى زىيان كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي ئېلىشىشتىن بۇرۇن، تەييارلىق ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئۆزىنى قارشى تەرەپ بىلەن ئوبدان سېلىشتۇرۇپ دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۆزى ئۇنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۇ هالدا بىلىنى چىڭ باغلاپ، قارىمۇ قارشىلىق مەيدانىغا چىقسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى هېس قىلسا، ئۇ هالدا بۇ ئىشنى بەك چوڭايتمىسۇن، ئىشنى هەللىسىدىرەك بولدى قىلسۇن، غەلۋە ـ غوۋغانى ئازراق قىلسۇن، مۇبادا قارشى تەرەپنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشسە، غالىبىيەتنىڭ قارشى تەرەپكە مەنسۇپ بولۇش ئېهتىمالى چوڭراق بولسا، ئۇ هالدا قارشى تەرەپكە سىلىق ۋە يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن نەسىهەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنسۇن، ئۇنداق قىلمىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن نەسىهەت قىلغۇچى تەرەپكە بالا ـ قازا يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقىلارغا قارشى ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ تەرەپلەرگە ئوبدان دىققەت قىلىش، هەرقانداق ئىشقا ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، باش ـ ئاخىرىنى ئويلاپ قەدەم بېسىش كېرەك. ئادەمگە ئەقىل يولباشچى بولسىلا، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن زىيان ـ زەخمەت ئازراق كۆرۈلىدۇ. ئىسكەندەر بۇ پايدىلىق جاۋابنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتتى.

## هېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانىشمەن هېكىم، هەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ

خۇي ـ پەيلىدىن پايدا ياكى زىيان يېتىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بىر ئىشقا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆزەتسەك، تەمە قىلىش خارلىقنىڭ سەۋەبىدۇر؛ قانائەت قىلىش ئىززەت ۋە شاراپەت تېپىشنىڭ نىشانىدۇر. شاھلارمۇ ئۆز ئىشلىرىنىڭ توغرا، ساغلام بولۇشىغا دىققەت قىلسا، مۇشۇ ئارقىلىق ئەلنى رازى قىلىپ دۇئاسىنى ئالسا، ئەلۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىقىنى ئەلنىڭ رىزالىقى ۋە دۇئاسىدىن تاپىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار نېمە ئۇچۇن ياخشى ئىشلارنى تاشلاپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئەلگە جەبىر ـ زۇلۇملارنى سالىدۇ؟ ئۆزىنىڭ شان ـ شەۋكىتى ۋە شاھلىق سەلتەنىتىگە شىكەستە يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆزلىرىگە مەغلۇبىيەت، خار ـ زارلىق ئېلىپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئۇلار زادى نېمە ئۇچۇن قىلىدۇ؟

ئۇ دانا پەيلاسوپ ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ مەسىلىگە ناھايىتى نازۇك مەنىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسلىرى بۇنىڭغا نەچچە خىل جاۋاب بېرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، ياخشى ئىشلار بىلەن يامان قىلمىشلارنى پەرق ئېتىپ، پايدىلىق نىشانلار قىلىشقا نىيەت باغلايدۇ ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەنپەئەت تاپىدۇ، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش نەپسانىيەتكە ناھايىتى قىيىن كېلىدۇ. چۈنكى پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ نەپسانىيىتى ئاسان ۋە راھەت ئىشقا خۇشتار كېلىدۇ. كىشى ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ مۇرادىنىلا ھاسىل قىلسا، چوقۇم باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۇلارنى مۇراد ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەردە شۇنداق خۇسۇسىيەت باركى، ئۇلار پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى كۆرسە يامان دەپ قارىمايدۇ. لېكىن ئۇنى قىلىشنى

خالىمايدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىش تەبىئىتىگە خۇشياقمايدۇ. نەتىجىدە يامان ئىشلارغا مايىل بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئادەتمۇ تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بەخت ـ تەلىيى يار بېرىپ، ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ ئىش باشلىغاچقا مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، بىر كاتىپ بىرەر كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولغان بولسا، ئۇ كاتىپ گەرچە ناھايىتى نەپىس خەتتات بولۇپ يۇزلەرچە ئىقبالغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ بۇ مەزگىلدە ئەتارىد[1] يامان ئەھۋالدا بولسا، ئۇ كاتىپ كىتابقا ھەرقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ تاماملىيالمايدۇ، ئالىملار ياخشى ـ يامان ئىشلارنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئامىلغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ، بىراق ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەيلى مەسچىت ئەھلى بولسۇن ياكى ئاتەشخانا ئەھلى بولسۇن، ئەزەلدە ئېرىشكەن قىسمىتىنى قانچە پىكىر ۋە تەدبىر قىلغان بىلەن ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاھىشى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. چۈنكى، تەڭرىنىڭ خاھىشى ئۇ ئىشتا بولمىغاندۇر. بىر كىشى ئەگەر تەدبىر بىلەن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا ئۇنىڭ تەدبىرى تەقدىرگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇنىمۇ تەدبىردىن ئەمەس، تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن دەپ قارايدۇ. تەقدىر بىلەن تەدبىرنىڭ ماس كېلىشىنى ھەقىقەت ئەھلى «تەۋپىق (مۇۋەپپەقىيەت) تاپقانلىقى» دەپ قارايدۇ. ئەي بۇيۇك پادشاھ، بۇ دەۋردە سەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقۇچىسەن. ئۇلۇغ تەڭرى بۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن.

دانا ھېكىم ئەرەستۇ يۇقىرىقى ھېكمەتلەرنى بايان قىلدى.

---

① ئەتارىد — ئۇتارۇد (مېركۇرىي) سەييارىسى. رىۋايەتلەردە بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شاھنىڭ دىلى تىخىمۇ روشەنلەشتى، كۆڭلىدە يەنە بىر ھېكمەت خەزىنىسى ھاسىل بولدى.

## ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى

خۇراسان شەھرىدە بىر ـ بىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار جاھاننىڭ ھاۋادىساتلىرىدىن زەربىگە ئۇچراپ، تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي ئاجىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا خارلىققا قېلىپ، دائىم كىشىلەرنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرايتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، كىشى نامرات ۋە بىچارە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئازراق چېلىققان تۇزۇك. بۇنداق چاغدا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تولا كۆرۈنۈش خارلىق ۋە ھاقارەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇنچە ـ ياقۇتلار كىشىلەرگە ئاز چېلىققانلىقى ئۈچۈن ئەزىزلىنىدۇ، ئەتىۋارلىنىدۇ؛ ئېشەك مۇنچىقى تولا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باھاسى بىر يارماققا يەتمەيدۇ.

بۇ ئىككى دوستتىن بىرى سەپەرگە چىقىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن نادامەتتىن قۇتۇلدى. سەپەر جەريانىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى كۆردى. نېسىۋىسى ئۇنى ئاخىر يۇنان شەھرىگە ئاپىرىپ چۈشۈردى. بۇ خۇددى ئۆلۈك ئادەم ئابىھاياتقا ئېرىشكەندەك ئىش بولدى. ئەزەلدە ئۇنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلەش قىسمىتى بار ئىدى. شۇڭا بىر نەچچە مۇددەت ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئالىم ـ ھۆكۇمالار بىلەن سۆھبەتداش بولدى. بۇ تۇپەيلىدىن ھېسابسىز ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەپ، ئۇستازلىق دەرىجىسىگە يەتتى. ھەركىمدە نىيىتىگە يېقىن قابىلىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ زېھنى ئېچىلىپ، ئىلىم ھېكمەتلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇ يەنە مۇشۇ ئىشقا قىلغان سەپىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىش، پەخىرلىنىپ

ئولتۇرماستىن، يەنە سەپەر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سەپىرى ھىندىستان مەملىكىتىگە چۈشتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھىندىستان پادىشاھىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. پادىشاھ ئۇنىڭ دانا ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاردا كىشى قويۇپ: «كۆزۈمنىڭ نۇرى يېگانە ۋە پاكىزە بىر قىزىم بار. ئۇنى شۇ دانىشمەنگە نىكاھلاپ قويسام، بۇ ئارقىلىق ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە بالا قىلىۋالسام» دەپ سۆز ئاچتى. ئۇ دانىشمەن ھېكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلىقنى پۈتكۈزدى. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ ئىككى پەرزەنتنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى. پادىشاھلىق ئۇ دانىشمەنگە مىراس قالدى. ئۆز دىيارىدا قېپقالغان دوستى بۇ دانىشمەننىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەپەرگە چىقتى. پەلەكنىڭ زۇلمىدىن جىسمى پايمال بولغان ھالدا بۇ ئەلگە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، دوستى راستىنىلا پادىشاھ بولغاندى. پادىشاھ بۇ دوستىنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى.

ئۆز يۇرتىدا خار - زار بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدا مېھنەت ۋە مۇشەققەت چەككەن، ھاقارەتلەنگەن بىر ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ۋەزىرلىككە ئېرىشكەنلىكى سەپەرنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئالدىدا سەپەر قىلغان دوستىنىڭ سەپىرى كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەلتەنەتكە سازاۋەر بولدى. ھەركىم ئۆز ۋۇجۇدىدا سەيلە قىلىش يولىنى تۇتسا، تەڭرى ئاخىر ئۇنى ياخشى ئىشقا سازاۋەر قىلىدۇ. ئەي تەڭرىم، بۇ بىچارە سىدىققىمۇ[1] ئۆز ۋۇجۇدىدا مەنىۋى جەھەتتىن سەيلە قىلىش يولىنى ئاتا قىلغايسەن.

---

① بۇ يەردە ئاپتور موللا سىددىق يەركەندى ئۆزىنى دېمەكچى.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

— سەپەردە دەرەنج ـ مۇشەققەت چېكىدۇ، كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ، قىينىلىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر قىلىشنى زوْرۇر دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، لېكىن دانالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان، — دېدى ئەرەستۇ تەپەككۇر بىلەن جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى ئۇنىڭ كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. ھەربىر مۇشەققەتنىڭ كەينىدىن راھىتى، ھەربىر مۇشكۇلاتنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار. مەسىلەن، ئاش ـ تاماق جاننىڭ راھىتى، تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر. ئەمما شۇنداق ئەزىز نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خاملىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ. ئالتۇننى ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ، ئەتىۋارلايدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئوتقا كىرمىگۈچە تازىلانمايدۇ. سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابىدىن كەم ئەمەس. بۇنداق ئازابلىق ئوتتا كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر سەپەرگە چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوتلىرى بىلەن تاۋلىنىپ، ساپ ۋە پاك بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى سىناپ كۆرسە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە تاپالمايدۇ. سەپەر قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بەدەن شۇ ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ. ئاددىيسى بىر ئادەم بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ قويغان تەقدىردىمۇ، شۇ تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە زىيانلىق خىلتلار ھەزىم بولۇپ

كېتىدۇ. غىزاغا ئىشتىها پەيدا بولىدۇ. شۇنچىلىك سەپەردىنلا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ساغلاملىق هاسىل بولىدۇ. سەپەر قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەب، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئەتكە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. داۋاملىق بىر خىل هاۋا، بىر خىل سۇ، بىر خىل مۇھىتتا تۇرىۋېرىشتىنمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىق ۋە زەئىپلىك يۈزلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكرار ئىستېمال قىلىشتىن زېرىكىدۇ. تەبىئىتى يېيېڭى ۋە باشقا ـ باشقا نەرسىلەرگە مايىل بولىدۇ. بۇنىڭغا سەپەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەپەر تۈپەيلىدىن سۇ ۋە هاۋا ئالمىشىدۇ. شۇڭا، سەپەردىن كىشىلەرنىڭ تېنىگە ساغلاملىق مۇقىملىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت هاسىل بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سەپەرگە ئالىملار رۇخسەت بېرىدۇ، دانالار ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئېغىر ئالمايدۇ.

## غاپىل يىگىتنىڭ هېكايىتى

ئاۋۋىلىشىمچە، ئىلگىرى بىر ياش يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چېھرىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ، قىش ـ ياز نەغمە ۋە شاراب بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ تەربىقەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق يولىدا پىر ئۇستاز دەرىجىسىگە يەتكەن بىر هەمسايىسى بار ئىدى، ئۇ يىگىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە قوشنا ئىدى. بۇ يىگىتنىڭ ناشايان ئىشلىرى ۋە غەلۋە ـ ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ئۇستا كۆپ تەڭلىكتە قالاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا دائىم سىلىق ۋە يېقىملىق لەۋزى بىلەن پەندى ـ نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. لېكىن ئۇ يىگىت نەسىھەتنى قوبۇل

قىلماي:
— ياشلىق دېگەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان، قېرىلىق بولسا، تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلدۇر. تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىقنى قېرىغان مەزگىلدە قىلغان ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ دائىم شاراب بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ياشلىق مەزگىلى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىدا مادار، تېنىدە قۇۋۋەت قالمىدى. ئۇ ئەمدى تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ قالغان ياسىقلىق ھەم زەئىپ ـ ناتىۋانلىق تۈپەيلىدىن ئىبادەت قىلالمىدى. قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك زوق ۋە ھۇزۇر ئالالمىدى. ئۇ يىگىت شۇ ھالەتتە قېرىپ ئۆمرى ئاخىرغا يەتتى. بۇ چاغدا بىر ئۇستاز ئۇنىڭ يانقان يېرىگە كىردى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇستاز ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا، بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— قانچە قېتىملاپ پەندى ـ نەسىھەت قىلغانىدىم، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا — لېكىن سەن قۇلاق سالماي، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلارنى قىلدىڭ، بېشىڭغا مۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇ كىشى لېۋىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ:

— ئۇ چاغدا مۇنداق تەجرىبە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتمىگەنىدى. قېرىغان چېغىمدا بۇنداق ناتىۋان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ياش ۋاقتىمدا ھەرگىز يامان ئىشلارغا يولىماس ئىدىم، — دېدى.

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلغان چاغلاردا ئاتاڭ نەچچە ياشلاردا بار ئىدى، — دەپ سورىدى ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

ئۇ كىشى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— بىر يۈز ئون ئىككى ياشتا، — دەپ جاۋاب بەردى.
— شۇ چاغدا ئاتاڭمۇ سىبىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىڭدەك زەئىپ، ناتىۋان هالەتتە بولغىيدى، — دېدى ئۇستاز كۈلۈمسىرىگەن هالدا، — ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەجرىبە بولامدۇ؟
ئۇ كىشى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولدى.
كىمگە تەڭرى تەرىپىدىن ياخشىلىق يەتسە، ئۇ كىشى چوقۇم باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئالىدۇ.

## هېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:
— يىگىتلىك مەزگىلىدە هەرقانداق ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزۈش ئاسان. يىگىتلىك دەۋرىدە كىشىنىڭ هەممە ئىشقا زوق ـ ئىشتىياقى، لەززىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. كىشى قېرىغاندا ئۇنىڭغا هېچ ئىشقا زوق ـ هەۋەس، كۈچ ـ قۇۋۋەت قالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ياش ۋاقىتلىرىدا يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بېرىپ، ياخشى ئىشلاردىن قاچىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىن.
ئەرەستۇ بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق سۆز باشلىدى:
— ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل ـ ئىدراك ئاز، تەبىئىتى بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ هەمىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى يورۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ

ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەقىل، يەنە بىرى نەپسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە بۇنداق كىشى پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ. خالايىق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئۇ تەبئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. نەپسى ئۇنى ھەرقانداق ھاۋايى ھەۋەسكە، يامان، چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلىشقا ئىلاجىسىز قالىدۇ. ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر. ھەر كىم ئۆزىنىڭ روھانىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ. قېرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. كىشى ياشلىقتا قايسى ئىشقا مايىل بولسا، قېرىغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ. ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە، قېرىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ.

## بىر سودىگەرنىڭ ھېكايىتى

ئەدەن مەملىكىتىدە بىر سودىگەر بار ئىدى. سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا ناھايىتى ماھىر ۋە دانا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل جاھاندا تەڭداشسىز بىر پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇ ھەر ئون كۈندە بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ توختىماستىن تىجارەت قىلاتتى. يۈك ـ تاق ۋە كاجۋىلىرى تۆگە ئۈستىدىلا تۇراتتى. دائىم سەپەر قىلىپ، بىر دەم تىنىم تاپمايتتى. شۇ ئادىتى بويىچە بىر كۈنى يەنە يولغا چىقتى. ئۇ كېچىسى بىر باياۋاندا

ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن سودا ـ تىجارەتنىڭ تەدبىرلىرى ۋە تاغ ـ دەريا، دەشت ـ سەھرالارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي پاراڭ سېلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا، توساتتىن قاراقچىلار باستۇرۇپ كەلدى. سودىگەرلەر جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماستىن، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپكە قاراپ قېچىپ، ھەر بىرى بىردىن ئەلگە بېرىپ توختىدى. سودىگەر توختاپ، ھوشىنى تېپىپ قارىسا، ئوغلى يوق تۇرغۇدەك. ئوغلىدىن ئايرىلغان بۇ سودىگەر جىگەر قانلىرىنى ئاققۇزۇپ زار ـ زار يىغلىدى. يېنىنى ئاختۇرغانىدى. بېلىگە تۈگۈۋالغان مىڭ تىللا ئالتۇنى قېپقاپتۇ. ئۇ مۇشۇ دەسمايە بىلەن ھەرەم تەرەپلەرگە بېرىپ ئوغلىنى ئىزدەش ۋە تەڭرىگە تىۋىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ جىگەر قانلىرىنى يۇتۇپ، نالە ـ زار قىلغان ھالدا بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەلدى. سودىگەر شەھەر ئىچىگە كىرىش بىلەنلا بىر توپ جامائەتنىڭ بىر ئادەمنى باغلاپ، ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاللات ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

— بۇ بىر ئاجىز بىچارىنى ئۆلتۈردى. شەرىئەت بويىچە بۇ قاتىلغا ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن مىڭ تىللا ئالتۇن تاپشۇرۇش بۇيرۇلدى. ئەگەر ئالتۇننى تاپشۇرالمىسا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قېنى ئاراڭلاردا مىڭ تىللا تاپشۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىشى بارمۇ؟! — دەپ جار سېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. يىگىتنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا چىلىشىپ كەتكەن، يۈزلىرى جىگەر رەڭگىدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. سودىگەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، بېلىگە تۈگۈۋالغان مىڭ تىللانى جاللاتقا بەردى. جاللات بۇ يىگىتنى سودىگەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. سودىگەر ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇردى. يۈز ـ كۆزلىرى ۋە پۈتكۈل بەدىنىدە قېتىپ قالغان

جىگەر رەڭ قانلارنى تازىلىدى. قارىسا قۇتقۇزۇۋالغىنى دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى ئىدى. بۇ ئىش بىلەن سودىگەرنىڭ جىگەر پارىسى ساقايدى. بۇ ئاتا ـ بالا كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى ئاققۇزۇپ كۆرۈشتى.

— ئەي جىگىرىمنىڭ پارىسى، كۆزلىرىمنىڭ قارىسى، — دېدى سودىگەر ئوغلىغا، — جۇدالىقتا ئۆتكەن ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن.

يىگىت:

— ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىسى مەن قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن يەنە بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، قېنىمدىن كەچتى، «بۇنى ئۆلتۈرگەندىن كۆرە، ئۆزىمىزگە ياردەمچى قىلىۋالايلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى، شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇلارغا تەۋە مالايغا ئايلىنىپ قالدىم. بۈگۈن ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ، بۇ جامائەت بىلەن ئۇرۇشتى ۋە بىر بىچارىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قېچىپ كەتتى. مەن تۇتۇلۇپ قالدىم. جامائەت مېنى ئۆلگەن كىشىنىڭ بەدىلىگە ئەسىر قىلىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى ھاكىمغا مەلۇم قىلىپ، مېنى ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تاپشۇردى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۆمرۈم قۇياشى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە، سەن كېلىپ، مېنى تونۇمىغان بولساڭمۇ ساخاۋەتلىك قولۇڭنى سۇنۇپ، ئالتۇن بېرىپ جېنىمنى سېتىۋالدىڭ، — دەپ پۈتكۈل ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەن خالايىق ئۇنى مۇشۇ يۇرتنىڭ شاھىغا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سودىگەرنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ دەسمايە بەردى. يىگىتكىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەت يامغۇرى ياغقانلا يەردىن ئاقىۋەت مۇشۇنداق گۈللەر ئېچىلىدۇ.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر يەنە ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانا ئۇستاز، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر خۇسۇسىيىتى بار. كىمىكى يامان ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا يامان ئاقىۋەتتىن ئامانلىق يوقتۇر، ئەگەر ياخشىلىق قىلسا، شۇنىڭغا يارىشا ياخشى ئىقبال ۋە كېلەچەككە ئېرىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ماڭا بايان قىلىپ بەرسەڭ:

— بۇ جاھانغا يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بولىدۇ، — دېدى ئەرەستۇ جاۋاب بېرىپ، — بۇنداق خاسىيەتلەر ياكى ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ئۆزىگە لايىق ھەقىقەت بار. ئەگەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىسە، ئۇنداق ئىشنىڭ يۈزەگە چىقىپ قېلىشى بىر ئەيىبتۇر. بىلىمسىز نادان كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن كۆز ئالدىدىلا نەپ ئېلىشنى ئىستەيدۇ. پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىشلارنــــى زادى قىلمايدۇ. ئۆزىگە پايدا يەتمىگەن ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى كىچىك بالا، ساراڭ، ئەقىلسىز دەپ قارايدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى بىرەر ئىشنى قىلىشتا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ. يىــراقنــى كۆزلەيدۇ. ياخشى ئويلىماي تۇرۇپ، ئىش باشلىمايدۇ. شۇڭا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تەگرى ياخشى ئاقىۋەت ۋە مەنپەئەتلەرنى بەرسە، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، دۇنيادىكى ياخشى ـ يامان ئىشلار ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئىش ياكى شەيئىنى ئۇشۇقچە ياكى كېرەكسىز دەپ قالماسلىق كېرەك. بىــرەر زەررىچىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىمۇ سەۋەبسىز ياكى بىكارچىلىقتىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرەر ئىشقا مەشغۇل.

ئۇلارنىڭ مەسئۇل بولغان ئىشىدا چوقۇم بىرەر خاسىيەت ياكى ئالاھىدىلىك بار. بۇ خاسىيەتلەر ئىچىدە جەزمەن بىرەر ھەقىقەت بار. تەڭرى شەيئىلەرنىڭ ئىش ۋە ئەپئاللىرىنى يۈزەگە چىقارغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆپىنچە خالايىق كۆزىدىن پىنھان تۇتىدۇ. ئەمما، ئۇنى يەنە ھامان ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇقتىن قارىماققا ھېچقانداق ھەقىقەتنى چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن دېھقان ئېكىنزارغا ئارپا تېرىپ قويغان بولسا، بۇغداي ئورالمايدۇ. ئەگەر بۇغداي ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا، ئارپا ئورىمايدۇ. قىزىلمۇچ ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى ئاچچىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ. شېكەر قومۇشى يېتىشتۈرگەن كىشى چوقۇم شېكەر ئالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىشنىڭمۇ ياخشى ـ يامىنى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئىش قىلغان بولسا، ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. يامانلىق قىلسا، يامانلىق كۆرىدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا، ئىشلار ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەرەستۇ بۇ جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئۇنى توغرا تېپىپ، قايىل بولدى.

## ئەردەشىرنىڭ ھېكايىتى

پۈتكۈل شاھلار تائىپىسى ئىچىدە ئەردەشىر ناھايىتى ئەقىللىق ۋە دانىشمەن پادىشاھ ئىدى. ھەم سۆزمەن، ھەم شىجائەتلىك ئىدى. ئۇ پادىشاھ ئەردەۋان بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى جەڭ قىلىشقا تەييار بولدى. لېكىن ئەردەۋان قوشۇنى كۈچلۈك، ئەردەشىرنىڭ قوشۇنى بولسا ئاجىز ئىدى. ئەردەشىرنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى سەۋەبىدىن قوشۇنلىرى چېكىنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەردەۋان قوشۇنىنى يېڭىپ، ئالغان ئىلگىرىلەپمۇ كېتەلمىدى. ئەردەشىر كۆڭلىدە: «بىرەر سۈلھ يولىنى تېپىپ، خەلقىم ۋە يۇرتۇمنى بۇ

ئۇرۇشنىڭ خانىۋەيرانچىلىقىدىن قۇتقۇزاي» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئەردەۋانغا كۆڭۈل قويۇپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەردەشىر قوشۇنىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەردەۋان ئەردەشىرنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ۋە يارىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئەلقىسسە، ئەردەشىرنىڭ لەشكىرى ئىچىدە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ھەممىشە ئەردەشىرنىڭ ئوردىسى ۋە قوشۇنى ئىچىدىكى مەخپىي ئەھۋاللارنى ئەردەۋانغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى، ئەردەشىرنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەت ئارقىلىق ئەردەۋانغا توختاۋسىز ھالدا يوللاپ تۇراتتى. كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئەردەشىرگە بىرقانچە قېتىم مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەردەشىر ئۇنىڭغا چېقىلمىدى، ھېچ نەرسىمۇ دېمىدى. ئەردەۋان قوشۇنى بىر كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن ئەردەشىر قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر مەسلىھەت كەلگەنىدى. ئۇ بارلىق دۆلەت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ مەخپىي يىغىن ئاچتى. ئەردەشىر بارلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— سىلەر ئەردەۋاننىڭ شان - شەۋكىتى ۋە ھەيۋەت - ھەشەمىتىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەڭلار. قادىر تەڭرى ماڭا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشالمەن، بۇ ئەھۋالنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئەمما، ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. بۇ سىرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭلار.

مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ھېچ كىشىگە ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. ئەردەشىر سۆزىنى خۇشال ھالدا داۋاملاشتۇردى:

— ماڭا ئەردەۋاننىڭ مەخسۇس پالۋانلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىر نەچچىسى خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇلار خېتىدە: «بىزگە ئەردەۋاندىن ناھايىتى كۆپ زۇلۇم يەتتى. ئۇ بىزگە بەكمۇ ئۇۋال قىلدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدۇق. بۇ

ئەھۋالنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر. شۇڭا بىز بىرنەچچە پالۋان ۋە ساراي ئۇلۇغلىرى بىر بولۇپ بۇ خەتنى يازدۇق، مەقسىتىمىز شۇكى، تەڭرى خالىسا، ئەتە لەشكەرلەر يۈزمۇ يۈز بولۇپ سەپ تۈزگەندە، بىز بىر نەچچەيلەن ئەردەۋان قەيەردە بولسا شۇ يەردە بېشىنى كېسىپ جازاسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭ بېشىنى ساڭا تەقدىم قىلىمىز» دەپ يېزىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەردەشىرنىڭ سىپاھ ۋە بەگلىرى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەردەشىرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بىردىنلا روھلۇق ۋە جەڭگىۋار بولۇپ كەتتى. ئەردەۋانغا خەت - خەۋەر يوللاپ تۇرىدىغان ھېلىقى كىشى بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، يەنە خەت يېزىپ ئەردەۋانغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەرداۋاننىڭ ئىچىگە ۋەھىمە چۈشتى. يا جەڭ قىلىشقا، ياكى ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغانلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر ئۇنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىپ، ئەردەشىر بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەردەشىر ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئارزۇسىغا يەتتى.

## ھېكمەت: ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

دانىشمەن ئىسكەندەر ئەرەستۇ ھېكىمدىن مۇنداق سورىدى:

— ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئوخشاش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ رايى ياخشى تەرەپكە مايىل، يەنە بەزىلەرنىڭ رايى خاتا تەرەپكە ئېغىپ تۇرىدۇ؟ يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نىيىتى ياخشى تەرەپكە مايىل بولۇپ، شۈبھىسىز پاك بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە خاتالىققا دۇچار بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە ھەق ئىش بولغان يەردە خاتا ئىش بولماسلىقى، خاتا ئىش بولغان يەردە ھەق ئىش بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟

— ئادەملەر يارىلىشتا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن دانىشمەنلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكتە ئوخشاش ئەمەس، — دېدى

ئەرەستۇ ھېكىم جاۋاب بېرىپ، — تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرى ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ئادەملەرنىڭ ھەربىرىدە بىر خىل سۈپەت نامايان‌دۇر. ئادەملەردە بۇ سۈپەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىككى سۈپەت بىر سۈپەتكە قارىغاندا كۆپتۇر. شۇڭا، بەندىلەرنىڭ بىرى ئەقىللىق، يەنە بىرى ئەقىلسىز بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەقىللىق ئادەمنىڭ پەم - پاراستى كۆپ ھاللاردا توغرا تەرەپكە مايىل بولسىمۇ، لېكىن بەزى ھاللاردا خاتا تەرەپكىمۇ ئېغىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى ھەمىشە بىر خىل ئەھۋالدا تۇرمايدۇ. ھەر دائىم باشقا - باشقا ھالەتلەردە بولىدۇ. كىشىنىڭ ئەقىل - پاراستى ھەرقانچە مول بولسىمۇ لېكىن ئۇ غايىب ئىلىملەرنى بىلەلمەيدۇ. ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بۈگۈن بىلىپ كېتەلمەيدۇ. غايىب ئىلىملەر ئەقىل - پاراسەتتىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىلىش ۋە پەملەشتە ئەقىل ئىگىلىرى نادانلارغا قارىغاندا ياخشىراقتۇر. بىراۋنىڭ ئەقىل - پاراستى يېتەرلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخشى ئىشلار يۈزەگە چىقىدۇ. ئۇنداق ئادەم تەڭرىنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭمۇ خاتالىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ تەڭرى تائالانىڭ كامالىتىگە دەلىلدۇر. چۈنكى ھەقىقىي كامالەت ئىگىسى ۋە ئەبەدىي خاتالاشمايدىغان پاراسەت ئىگىسى پەقەت تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

## مېھماندارچىلىقنىڭ ساخاۋىتى

ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر - ھە؟ ئۇلار ھەمىشە ساخاۋەتتىن باشقا ئىش قىلمايدۇ. ئالەمنىڭ يورۇق چېھرىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى بۇ زاماننىڭ مېھمىنى دەپ بىلىدۇ. شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلىنى ئۆزىنىڭ مېھمىنى دەپ

قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆلىبىسىگە ھەرقانداق ئىنسان مېھمان بولۇپ كەلسە، جان ۋە دىلى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، قورسىقىنى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ. بەلكى تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ساخاۋەت داستىخانلىرىنى ئېچىپ، مېھماننىڭ ئالدىدا ئايدەك نانلارنى سۇندۇرىدۇ. ئۇلارغا مېھمانسىز يېگەن ھەرقانچە لەززەتلىك تائاملارمۇ زەھەردەك بىلىنىدۇ. مېھمان بىلەن يېگەن قۇرۇق نان جەننەت نېمىتىدىن زىيادىرەك كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇلار مېھماننى كۆرگەن ھامان ئىنتايىن خۇش مۇئامىلە ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن مەرھەمەت ۋە ياخشىلىق ئادەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ، گۈلدەك داستىخانلارنى يايىدۇ. مېھمان داستىخانغا قول سۇنسا، جان ـ دىلى بىلەن مىننەتدار بولۇپ تۇرىدۇ، تاكى مېھماننى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنى تويغۇزۇشنى ئويلىمايدۇ. مېھمان قول ئۇزارتمىغۇچە ئۆزى قول سالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مېھمىنى پادىشاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى ئادا قىلىدۇ. پادىشاھقا شېرىن تائاملارنى قويۇپ، گاداي كەلسە قۇرۇق نان قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ بىرى پادىشاھ، ئۇ بىرى گاداي بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى تەڭرىنىڭ بەندىسىدۇر. تەڭرى ئالدىدا ئىككىلىسى باراۋەردۇر. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىماققا پاراكەندە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئارتۇقچە بېزەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىرىدۇر. يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇلارنىڭ ھىممىتى ئالدىدا بۇ يۇكسەك ئاسمانمۇ پەستۇر. ئۇنداق كىشىلەر سېزىلسە شاھلارمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويىدۇ. تەڭرى ئۇلارنى شۇ قەدەر ئەزىز قىلغان تۇرسا، پاراكەندە ئەھۋالىغا قاراپلا خار كۆرۈشكە بولامدۇ؟ ئاقىل كىشىلەر ئەگەر مېھماندوست

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى ھەرگىز پەس كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى كۆزىدىن يىراق. ئەقلىمۇ بۇنى بىلىشكە ئاجىزدۇر. ساخاۋەت ئىگىلىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە كەڭ ئېچىپ، ھەممىنىــــى تەڭ - باراۋەر كۆرۈش كېرەك. قۇياشتەك ھەممە كىشىگە ئوخشاش چىراي ئېچىشى، نۇرلىرىنى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ ۋە بىر تەكشى چېچىشى لازىم. قۇياش مەيلى ئالتۇن قەسىر بولسۇن ياكى ۋەيرانە خارابە بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاشلا نۇر چاچىدۇ.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، مېھماندارچىلىقتا نەچچە خىل ئىللەت بار، ئۇلاردىن بىرى شۇكى، ئەگەر بىرەر باي ۋە ئىمتىيازلىق كىشى سىزنىڭ ئۆيۈڭگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلــــىق قىلىــــسەن. مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش ۋە نام - شۆھرەت قازىنىشنى كۆزلەپ بىر مېھــمانــغا ئــون قــوينى ئــۆلتــۈرۈپ، قەنت - گېزەك ۋە نازۇنېمەتلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىسەن، ئۇ كىشى بۇلارنى بەربىر يەپ بولالمايدۇ. سەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يالغۇز كىشىگە يېدۈرمەكچى بولۇپ، سۆزۈڭ، كۆزۈڭ ۋە قوللىرىڭ بىــلەن ھە دەپ تەكلىــــپ قىلىسەن، زورلايسەن، تاماقنىڭ تەرىپلىرىنى قىلىپ، ئالدىغا قويىۋېرىسەن، ئىنساپ بىلەن ئويلاپ باق، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولغىنى، بۇنچىۋالا كۆپ يېمەكلىك بىلەن داستىخان ھازىرلايدىغانغا سىنىڭ ئۆيۈڭ شەيخ لوقماننىڭ مازىرى ئەمەس، سەنمۇ ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمەسقۇ. نېمە ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بەرگەن مېلىنى ئورۇنسىز ئىسراپ قىلىپ، ساراڭلاردەك بۇزۇپ چاچىــــسەن؟! گەرچە تەڭرى: «كۆلۈ ۋە شرەبۇ» (يەڭلار،

---

①② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 155 - بەت 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەتكە قاراڭ.

ئىچىگۈلار)[1] دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە: «ۋەلا تۇسرىفۇ» (ئىسراپ قىلماڭلار)[2] دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ، ئۇ مېھمانغا يالۋۇرۇپ زەھەر يېگۈزىدىغانغا، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان، سېنىڭ ئۇ مېھمانغا يېگۈزگەن ھەربىر لوقما تامىقىڭ ئۇنىڭغا بىر لوقما زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق زەھەردىن ئۇ مېھمان ھېچقاچان ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بۇنداق زىياپەت بىر خىل شۇملۇق، بەلكى ئىنتايىن زور ئاپەتتۇر. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق مېھماندارچىلىقنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ. يەنە بىر ئىللەت شۇكى، ئۆيۈڭگە قاچانكى بىرەر ئاجىز ۋە زەئىپ مېھمان كەلسە، ئۇنىڭغا بىر لوقما تاماق بېرىشنىمۇ راۋا كۆرمەيسەن. ئۇ مۇساپىر ئاچلىقى ۋە ئىشتىھاسى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مېھماندارچىلىق يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رايىڭ بارمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىرەر ۋاخ تاماق بىلەن خۇش قىلىشنى خالىمايسەن. ھەتتا سېنىڭ بېخىللىقىڭ شۇقەدەر چەكسىزكى، كەلگەن مۇساپىرنى قۇپقۇرۇق ياندۇرۇشتىنمۇ ئار ـ نومۇس قىلمايسەن. سېنىڭ بۇنداق بېخىللىقىڭ ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چاچقاندىنمۇ يامانراق قەبىھلىكتۇر.

مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىسى شۇكى، كەلگەن مېھمان مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھەممىسىگە بىر خىل خۇش مۇئامىلە قىلىش، ئىللىق چىراي بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇلارنى مېھمان قىلغاندا بەك ئىسراپخورلۇقمۇ قىلمىغىن. مېھمانغا بەك قاتتىقلىقمۇ قىلمىغىن، مېھمانغا لايىق كەلگۈدەك ھەرقانداق نېمەڭ بولسا ئۇنى ئۆز ھالىڭغا يارىشا سەرپ قىلغىن. تاپقىنىڭنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئوچۇق چىراي بىلەن كەلتۈرگىن. لېكىن مېھماندىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمىغىن. ئىللىق، ئوچۇق چىرايىڭ بىلەن مېھماننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغىن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن

ھەدىسلەرنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەكرەمۇز ـ زەيفە ۋەئىن كانە كافرەن» (سىلەرگە مېھمان بولغۇچى كىشى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىڭلار) دېگەن. ھەممە مېھمانغا ئوتتۇرىچە ھالەتتە داستىخان سېلىنغىنى ئەلادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەيرۇل ئۇمۇرى ئەۋسە ـ تۇھا» (ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى) دېگەن. مېھماندارچىلىقنى مۇشۇ قائىدە بويىچە تۇزسە ئۇنىڭدەك كىشىگە ئاپىرىن ئېيتسا بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئالەمدە كەم تېپىلىدۇ. ئەگەر تېپىلغان تەقدىردە، ئۇنى جاھاننىڭ دانىشمىنى، تەڭرىنىڭ يېقىن بەندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## بەھرام گورنىڭ ھېكايىتى

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، پادىشاھ بەھرام گور بىر كۈنى ئوۋ ـ ئوۋلاشقا چىقتى. ئۇ بىر قۇلۇننى قوغلايمەن دەپ ئۆز لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ قوغلا ـ قوغلا ئاخىر بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە چېدىر ئۆيلۈك كىشى بار ئىدى. ئۇ چېدىرلارنىڭ قېشىدا بىر دەرەخ بار ئىدى، بەھرام گور ئاشۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن چېدىر ئىگىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى تېپىپ:

— مەن ھازىر سىلەرنىڭ مەھەللىگە مېھمانمەن. مەزە بولسا ئاچقىپ، مېنى مېھمان قىلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋالاي، — دېدى.

ئۇ چېدىر ئىگىلىرىدىن بىرى ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل ۋە ھىممىتى پەس كىشى ئىدى. شۇڭا، شاھنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىلتىماسىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. يەنە بىرى ھەددىدىن زىيادە ئىسراپخور ۋە بۇزۇپ ـ چاچىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا،

ئۇ كىشى شاھ بەھرامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قوينى ئۆلتۈرۈپ كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل تائاملىرى تەييار بولۇپ بولغۇچە، ئاچلىق ئازابى شاھ بەھرامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. ئۇ كىشىنىڭ كاتتا نازۇنېمەتلىرى بۇگۈن پىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق يەنە بىر كىشى ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراستى يولباشچى بولدى ـ دە، شاھ بەھرامنى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال بىرنەچچە نان بىلەن بىر ئاياق قېتىقنى ئەكەلدى. ئۇ كىشى شاھنى مەزەگە تەكلىپ قىلدى. شاھ بەھرام بۇ مەزەدىن قانغۇدەك يەپ، بىتاقەتلىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى. راھەتلىنىپ ئارام ئالدى. بەھرام گور بىر پەستىن كېيىن مەزە قويغان كىشىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە خەزىنە دەپىنىنى بېرىپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆتىرەم قىلدى. كۆڭلى پەس بېخىل كىشىنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى سەگىتىپ قويدى. ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چاچىدىغان ئىسراپخور كىشىگە ھەددى ـ ھېسابسىز تەنە ۋە كىنايىلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۇزۇپ ـ چاچقان مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ، قايتىپ كەتتى. سەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟ بەھرام گورنىڭ بۇ قىلغىنى ئىنتايىن توغرا ۋە ئادىل بولغان.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانىشمەنلەرنىڭ پېشىۋاسى، زىياپەت ئۆتكۈزۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەرسەڭ. بۇ ھەقتە كۆپ كىشىلەر، نۇرغۇن مەزھەپ ۋە مىللەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى

ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ھەممە مەزھەپ ۋە مىللەتتە مېھماننى ھۆرمەتلەش بىر خىل ئورتاق ئادەت بولۇپ قالغان. قارىشىڭچە قانداق زىياپەت ھېكمەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە كەم ـ زىيادىلىكتىن خالىي بولغان بولىدۇ؟

ئەرەستۇ شاھقا دۇئا قىلغان ھالدا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مېھماننىڭ مەيلى يېمەكلىكتە ياكى باشقا نەرسىگە ئېھتىياجى بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆز مەھەلىدە تەييارلاپ، خونغا ئېلىپ، مېھمان ئالدىغا ھازىر قىلىش شەرت. ئېلىپ كەلگەن ئۇ نەرسە بەك ئاز بولۇپمۇ قالمىسۇن، كۆپ بولۇپمۇ كەتمىسۇن.

— بۇ ئىش ناھايىتى ئاسان، —دېدى ئىسكەندەر، —بىراق بۇنداق ئاددىي قائىدە ـ يوسۇندىن شاھنىڭ شان ـ شەۋكىتىگە ئارتۇقچە نۇقسان يېتىپ قالماسمۇ؟

ئەرەستۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق ھېكمەتنى بايان قىلدى:

— بۇيۇك تەڭرى سېنىڭ مەرتىۋەڭنى بارغانسېرى يۇقىرى قىلىپ، پۈتكۈل خالايىقنى ساڭا باش ئەگدۈرسۇن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پۈتكۈل خالايىقنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە شاھلار مەسئۇلدۇر. ئارتۇق بېرەمدۇ، زىيادە بېرەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئەمما كەم ـ زىيادە قىلىش ھەر ھالدا ياخشى ئەمەس. پادىشاھلار ئەگەر ئۆز شەۋكىتىنى ئاشۇرىمەن دەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پۇقرالارنىڭ رىزقىغا زىيان سالسا، ئۇلارغا قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىق كەلتۈرسە، بۇ پاسسىقلىقتۇر. ئەگەر خالايىققا تەقسىم بولغان رىزقىدىن ئارتۇق سەرپ قىلىپ، ئۇلار ئالدىدا شان ـ شەۋكىتىمنى تىكلەيمەن دەپ خىيال قىلسا، ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولسا، بۇمۇ ياخشى خىيال ئەمەس. مىڭ دىرەم پۇل خەجلەيدىغان يەرگە ئىككى مىڭ دىرەم پۇل خەجلەپ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىق،

ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرغانلىقتۇر.
شاھلار ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنىنى ئاشۇرىمەن دېسە، پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، خەلققە زۇلۇم قىلماي، ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ رىزقىمۇ مۇشۇنداق قىلغاندا كۆپىيىدۇ. زىياپەتنىڭ توغرا يولى ئەنە شۇ. كىمكى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان بولسا، زىياپەتنى ئاشۇ توغرا ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بارىدۇ.

## بۇلبۇلنىڭ ھېكايىتى

مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم:
باھار كېلىپ، گۈل ئېچىلغاندا بىر باغنىڭ ئىچىدە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ باغدا دائىم تۇرۇشلۇق بىر قاغا بۇلبۇلنى ئەيىبلەپ، تاپا ـ تەنە قىلغىلى تۇردى:
— ھەي بىھۇدە سۆزلەيدىغان ساراڭ، — دېدى ئۇ بۇلبۇلغا، — سېنىڭ ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ، بىر ئاي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ چىمەننى غەمكىن ۋە خامۇش ھالدا كېزىسەن. پەقەت بىر ئايلا نالە ـ زار، غەلۋە ـ غوۋغا قىلىسەن. سەندە بىرەر ئىشقا سالماقلىق، مۇقىملىق دېگەن نەرسە بارمۇ؟ مۇشۇنداق يەڭگىلتەكلىكىڭ ۋە تۇراقسىزلىقىڭ بىلەن چىمەن قۇشلىرىدىن ئۇيىياتمامسەن؟!
— ئەي ئەقىلسىز، — دېدى بۇلبۇل قاغىغا جاۋاب بېرىپ، — سەن ئىشىق دېگەننى چۈشەنمەيسەن، مېنىڭ كۆيۈپ ئۆرتىنىشلىرىمنى قانداقمۇ سېزەلەيسەن؟! باغدا ئون بىر ئاي گۈل يوق. شۇڭا بۇ كۈنلەردە مېنىڭ تىرىكچىلىكىم خۇددى سېنىڭ رەڭگىڭدەك قارا بولىدۇ، مەندە غەم ـ غۇسسە ۋە

دەرد ــ ئەلەم كىچە ــ كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما باھار شامالىلىرى كەلگەندە، گۈل ئېچىلىپ، جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى چىن ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىشقا باشلايدۇ. چىمەننىڭ گۈزەل ھۆسنى ماڭا ئىشىق ئوتىنى زىيادە سالىدۇ. پەرياد ــ پىغان بىلەن ناۋا قىلىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. چىمەندىن چوغ كەبى گۈل كېتىپ قالغاندا مەن باغدا كىم بىلەن ھەمراھ بولىمەن؟ ساڭا ئوخشاش كۆمۈر بىلەنمۇ؟! ساڭا ئوخشاش قارا قوڭغۇزنىڭ ھاياتىغا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى دەخلى قىلسا كېرەك. سەن ئاشۇ ھالىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى قاچانمۇ چۈشىنەرسەن؟! شۇڭا ساڭا سۆزلىگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، سەن بىلەن سۆزلەشمىگىنىم ياخشىراق.

بۇلبۇل ئىشىق دەردىنى يۇقىرىدەك بايان قىلغاندى، قاغا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماي قارىداپ كەتتى. قاغا بەئەينى قىش كۈنلىرىدىكى بۇلبۇلدەك جىمىپلا كەتتى.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

دەۋرانىنىڭ داراسى بولغان ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئەي پەلەك مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلغۇچى ئالىم، ئىنسان بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. قاچانكى باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلسە، بارلىق ئادەملەر شاد ــ خۇراملىققا چۆمىدۇ. كۆڭۈلنى قىش غۇنچىدەك قىلسا، باھار پەسلى گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ. بۇ پەسىلدە مۇنچىۋالا خۇشاللىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەرەستۇ بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھەقتە ھۆكۇمالار ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلىشقان، بۇلارنى بىر ــ بىرلەپ سۆزلىسەممۇ جانابىڭغا ئايان. ئادەمنىڭ

تەبىئىتىنىڭ گۈلگە مايىل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭ كەلسە، بايان قىلاي. ئالىملار مەۋجۇدادلارنىڭ تەبىئىتىنى تۆت قىسىمغا بۆلگەن، بۇلارنىڭ بىرى ئىسسىق، يەنە بىرى سوغۇق، بىرى ھۆل، يەنە بىرى قۇرۇق. بۇلار يەنە قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۆت پەسلمۇ يۇقىرىقى تۆت خىل تەبىئەتكە ماسلاشقاندۇر. باھار پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ ھاياتلىق تەبىئىتىدۇر. شۇڭا، بارلىق مەۋجۇداتلار باھارنى تىلەيدۇ. قالغان ئۈچ پەسلىنىڭ تەبىئىتى ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم دېيىشىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەبىئەتنىڭ روھىيەتكە زىيىنى بار. شۇڭا باھار پەسلى ھەممە پەسلدىن يېقىملىق، ھەممە كىشى باھارغا ھېرىسمەن، بارچە خالايىق ئاشۇ گۈل پەسلى بولغان باھارغا مايىل. باھار پەسلى ھاياتلىقنى ياشنىتىدىغان بولغاچقا، ھەممە جانلىق ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا تەلپۈنىدۇ.

ئەرەستۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ جىسمىغا يېڭى روھ پەيدا بولۇپ، شادلىققا چۆمدى.

## سۇ ئىستەپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان بېلىقلارنىڭ ھېكايىسى

ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسى ماڭا گۆھەر مەسەللىك مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بەردى:

بىر دەريادا نۇرغۇن بېلىقلار توپى بار ئىدى. ئۇلار ھەمىشە سۇ تېپىش ئۈچۈن تەشنا بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئارزۇسىدا: «سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قانداقتۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى بەكمۇ كۆرگۈمىز بار» دېيىشەتتى. ھەممە بېلىقلارنىڭ جىسمى ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمان ئۇتلىرىدا كۆيەتتىيۇ، لېكىن ھېچبىرى سۇغا ئېرىشكەندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىر بىر بېلىق ئۆكۈنگەن ھالدا: «دېڭىز دولقۇنىدا بىر چوڭ ياشلىق لەھەڭ بار. ئۇمىدىم شۇكى، ئۇ بىزگە سۇ بار جاينى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنىڭ مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغۇسى» دېدى. ھەممە بېلىقلار سۇغا يېتىش ئارزۇسىدا دېڭىز تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق دېڭىز دولقۇنىغا يېقىنلاشتى. ئۇلار دولقۇن ئەتراپىغا يېقىنلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك قاينامنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ يەردىكى دولقۇن ۋە قايناملارنىڭ تىنىك كۆتۈرۈلۈشلىرى سەۋەبىدىن، بېلىقلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بېرىپ چۈشۈپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلار قورقىنىدىن تال ياپرىقىدەك تىترەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا دېڭىز قاتتىق چايقالدى. ھېلىقى لەھەڭ پەيدا بولۇپ. بۇ يەردىكى بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولغان بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپ، قورسىقىغا يىغدى. ئۇ بېلىقلار لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ پۈتۈنلەي سۇ ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما ھەسرەت ـ نادامەت قىلغان بىلەن پايدىسى بولمىدى. ھەممىسى لەھەڭنىڭ قورسىقىدىكى ئوتقا غەرق بولۇپ، كۆيۈپ كەتتى.

شۇنى بىلگىنكى، ھەربىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بىر يوشۇرۇن خەزىنە بار. سېنىڭ تەبىئىتىڭ ئۆزۈڭدىكى بۇ خەزىنىنى بىلىشكە ئاجىزدۇر. ئۇ خەزىنە سەندە پىنھان ئەمەس، بەلكى سەن ئۇ خەزىنە ئىچىدە يوقالغاندۇرسەن. لېكىن نادانلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشىنەلمەيسەن، سەن ھەسەتخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قايناملىرىدا ماكان تۇتساڭ، يوقلۇق لەھىڭىگە يەم بولىسەن. ئۇ چاغدا بۇ ئەھۋال ئايان بولغان

تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا. پەقەت ئەزەلدىنلا ئۆز تىلىكىڭ ئىچىدە غەرق بولۇپ ئۆتكەنلىكىڭنى بىلىپ قالىسەن، خالاس، سەن ئاجايىپ - غارايىپاتلارغا يول تاپىمەن دەپ ئارزۇ قىلىسەن؟! ئاگاھ بولغىنكى، ئاجايىپ - غارايىپاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭدە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بىلگىن - دە، توغرا يولغا قەدەم قويغىن. شۇنداق قىلماي كېيىن نادامەت چەككەنىڭ پايدىسى يوق.

## ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

— ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقاتلاردىن شەرەپلىك ۋە ئەلادۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ زاتى ۋۇجۇدىدا تەڭرىنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغاندۇر. بىراق بۇ نۇردىن ئىنساننىڭ كۆزى روشەنلەشمىگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خەزىنىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنى بىلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانلار يەنىلا باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ - دەپ سورىدى.

— ئىنسان ئەگەر ئىزدىنىدىغان بولسا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ تېگى - ماھىيىتىگە يېتەلەيدۇ، — دېدى ئەرەستۇ جاۋاب بېرىپ، — شۇڭا ئۇ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك. ئەمما باشقا ھايۋانلار بۇنداق سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان سىرلار پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ بىلەلەيدىغىنىدىنمۇ كۆپرەكتۇر، بىراق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە بىلەلىگىنىنى بىلىدۇ. بىلەلمىگىنى توغرىسىدا ئارتۇقچە ئىزدەنمەيدۇ. ئىنسانلار گەرچە ئۆزىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ، لېكىن تاشقى دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن دەرسلەرنى بىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىممۇ ئۇلارنى باشقا

جانلىقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. تەلەپكارلىق رەنج مۇشەققىتى ۋە ئىرىشەلمەسلىك شىددىتى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەزىز ۋە شەۋكەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان، چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرى تىپىلغۇسىز گۆھەردۇر.

## بىر كەپتەرنىڭ ھېكايىتى

مەن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغانىدىم:

بىر خەۋەرچى كەپتەر بار ئىدى. ئۇ بىر ئاشىقنىڭ خېتىنى مەشۇقىغا يەتكۈزمەن دەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، غۇلاچلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىنلا بىر پادىشاھ ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى مەجرۇھ قىلىپ، ئۆيگە سولىۋالدى. پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ كەپتەر بىرنەچچە يىل سولاقتا ياتتى. گەرچە ئۇنىڭ سولانغان جايى جەننەتتەك گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەپتەرنىڭ نەزىرىدە زىنداندىنمۇ بەتتەررەك ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ كەپتەر پادىشاھنىڭ قەسرىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇ خۇشال ـ خۇرام ھالدا ھاۋادا پەرۋاز قىلدى. ئۆزىنىڭ دىيارىنى ئىزدەپ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە نەزەر سېلىپ، كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، نەچچە كۈنلۈك يولنى بىر دەمدىلا بېسىپ، ئۆز دىيارىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن دەۋران زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يۇرتى ئۆزگىرىپ ۋەيران بولغانىدى. كەپتەر بۇ يەرگە مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيىنى تاپالمىدى. لېكىن كەپتەر ئۇچۇشتىن قانات ياپماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ خارابىسىنى ئىزدىدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تام ئۈستىگە دانلارنى چېچىپ، ئۇ

كەپتەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، تالايلىغان قاپقان ـ توزاقلارنى قۇردى، ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ باقتى. لېكىن كەپتەر ئۇلارنىڭ بىرنىگىمۇ ئىلتىپات قىلمىدى. توختىماستىن قانات قېقىپ نەچچە نۆۋەت دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ ئۆز ئۇۋىسىنىڭ تېمىنى ئىزدىدى. ئۇ ئىبھتىيات بىلەن ئىزدەپ، ئاخىر بوزۇلغان ئۇۋىسىنىڭ تېمىنى تاپتى ـ دە، ئۇ يەرگە قونۇپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ كەپتەرگە تونۇشلۇق بۇ ۋەيرانە ئۇۋا شاھنىڭ ئالتۇن قەسىرىدىن مىڭ مەرتە ئەلادۇر. ھەقىقەت كۆزى بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساڭ قۇشلار ئۈچۈن ياقۇت ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن قەپەستىن تىكەن ـ چاتقاللار بىلەن ئورالغان ئۆز ئۇۋىسى ياخشىدۇر.

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن سوئالى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— قەيەردە راھەت ـ پاراغەتلىك گۈزەل قەسىر ـ ئايۋانلار بولسا كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق تەپەككۇر قىلىپ كۆزىتىپ باقسام ئادەملەرنىڭ بۇنىڭغا خۇشى يوقكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىندانىدەك ۋەيرانە كۆلبىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى شاھ قەسىرىدىن، ھەتتا جەننەت بېغىدىنمۇ ئەلا بىلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتىنى بايان قىلىپ باقساڭ.

ئەرەستۇ بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— دانالار بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ. لېكىن ئەڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك پىكىرلىك ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن: ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان خۇشال بولىدۇ. گادايلار

ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ۋەيرانە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. شاھلار بولسا قەسىر ـ ئايۋانلارغا مايىل كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ھەرقانداق كىشىنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىنى ئادەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەت كۆپەيگەنسىرى ۋە كونارغانسىرى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلى، مىجەزى ۋە تەبىئىتى دەل ئۆز تەبىئىتىگە تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ قىسمىتىدۇر. شۇڭا، بىر ئورۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشى ئۇ يەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەرگە قانچە كۆنۈپ قالغان بولسا، شۇنچە ئىچكىرىلەپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىنىڭ مايىللىقىدىن ئۆزگە چارە يوق.

## ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالاردىن سوئالى

ئىسكەندەر ھەربىي يۈرۈشتە دەرياغا كىرگەن كۈنى ھېكمەت ئەھلىنى يىغىپ مەجلىس ھازىرلىدى. بۇ مەجلىستە ئىسكەندەر بارلىق ھۆكۈمالارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، خۇشال قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا:

— دەريالارنىڭ ئەھۋالىنى، دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ يەر يۈزىدە قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېقىڭلار، — دېدى.

— سۇقرات بايان قىلسۇن، — دېيىشتى ھۆكۈمالار، — چۈنكى ئۇ ھېكمەت ئەھلىنىڭ ئۇستازى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلىم ـ ھېكمەتتىن پۈتكەندۇر.

ئىسكەندەر سۇقراتقا ئىلتىماس قىلىپ، بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— قۇدرەتلىك تەڭرى يەرنىڭ جىسمىنى يۇمىلاق شەكىلدە

قىلىپ يارانقان، — دېدى سۇقرات سۆز باشلاپ، — لېكىن بۇ يۇملاق جىسىم سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئۇچۇق قالغان قىسمىنى «جاھان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاۋاتلاشقان ئاشۇ قۇرۇقلۇق ۋە تاغۇ ـ دەشتىنى «رۇبئى مەسكۇن» (يەرنىڭ تۆتتىن بىرى) دەپ ئاتايمىز. بۇ قۇرۇقلۇقنى «مۇھىت دېڭىزى» ناملىق بۈيۈك سۇ قورشاپ تۇرىدۇ. سۇ ئىچىدىن ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇقلۇقلار يەتتە ئىقلىمدۇر. بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەر بىرىنى يەنە ھەر تەرەپتىن بۈيۈك ۋە چەكسىز دېڭىزنىڭ ئەتراپلىرىدا يەنە يەتتە چوڭ دېڭىز بار. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارغا ھەر تەرەپتىن قىستاپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاۋات يەرلەردىن تارتىپ تاكى تاغۇ دەشتلەرگە قەدەر سوزۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك دېڭىزلاردىن ئون ئالتىسى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشقا ـ باشقا ئىسمى بار. بۇ دېڭىزلاردىن باشقا يەنە يەر يۈزىدە يۈزدىن ئارتۇقراق دەريالار بار. خالايىق بۇ دەريالاردىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كومەك دەرياسى، ھىرات دەرياسى، نىل دەرياسى، فىرات دەرياسى قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەريالاردىندۇر. بۇ دەريالاردىن ئالەم ئاۋاتلىشىپ خالايىق باياشاد بولغاندۇر. بۇ دەريالارنىڭ مەنبەسى بولسا تاغ جەزىرىلەردىكى بۇلاقلاردۇر. ئۇلار ئاخىرى دېڭىزلارغا قۇيۇلىدۇ. يەتتە چوڭ دېڭىزدىن كۆپلىگەن شەھەرلەر ۋە قۇرۇقلۇق ـ ئاراللار ئاۋاتلاشقان. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىرى رۇم ۋە پەرەڭ دېڭىزىدۇر. سەن ھازىر مۇشۇ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان لەھەڭنىڭ ئۆزىسەن. بۇ دېڭىزدىن ئالتە يۈزچە شەھەر، قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللار ئاۋاتلاشقان. ئىككىنچىسى، مەغرىب دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرى ئاۋاتلاشقان، ئاراللىرى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەتراپىنى سۇ ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، زەڭگى ۋە ھەبەش دېڭىزى. ئۇنىڭ چوڭراق ئاراللىرى بىر مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئاراللارنىڭ كىچىكلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ. تۆتىنچىسى ھىندى دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئاۋات ئارىلى بار. قۇلزۇم دەرياسى بىلەن ئۇمان دەرياسى بۇ دېڭىزنىڭ ئادەتتىكى بىر شاخچىچىسىدۇر. بەشىنچىسى چىن دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاراللىرى ئىنتايىن كۆپ، بىر مىڭ يەتتە يۈز ئارال ئۇ دېڭىزغا خۇددى كۆز قارىچۇقىدەك ئورۇنلاشقان. بۇ ئاراللارنىڭ ھەممىسى ئاۋاتتۇر. ئالتىنچىسى دەۋاك دېڭىزىدۇر. ئۇنىڭ شەھەر ۋە ئاراللىرى ئىككى مىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئاراللار ناھايىتى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، تۈمەن مىڭلىغان كىشىلەر ئەتراپىدا تۇرۇپ يۈرىدۇ. يەتتىنچىسى، بولسا مەشرىق دېڭىزىدۇر. قۇياش ئالدى بىلەن ئاشۇ دېڭىزنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى بار. بۇ ئاراللار جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئەتراپىدا ئون ئالتە كىچىك دېڭىزنى ۋە دەريالارنى تەپسىلىي دەپ بولۇش قىيىن، خەزەر دېڭىزى ئاشۇ كىچىك دېڭىزلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى ۋە ھېسابسىز ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلىرى بار. بۇ چوڭ ـ كىچىك دېڭىزلارنىڭ مەنبەسى «مۇھىت دېڭىزى» ناملىق ئاشۇ بۈيۈك دېڭىزدۇر. يۇقىرىقى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بۈيۈك دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ بۈيۈك دېڭىزنىڭ شاۋقۇن ساداسى ئاللەمنى قاپلىغاندۇر. ئۇ شۇ قەدەر چەكسىز ۋە چوڭقۇركى، ئۇنىڭ ئىچىگە يەتتە قات ئاسمان چۈشكەن تەقدىردىمۇ چۆكۈپ كېتىدۇ. مۇھىت دېڭىزى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر بولغاچقا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئارالنى ئۇچرانقىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ دېڭىزدا غايەت چوڭ جانىۋارلار ياشايدۇ. ئۇ جانىۋارلارنى تەسۋىرلەشكە ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىچ ـ تېشىدىن قىسقىچىلا بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئەگەر ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بولسا، شۇ جايلارغا بېرىپ سەيلە قىلىپ باقسا،

ئەھۋال ئايان بولىدۇ.

ئىسكەندەر بۇلارنى ئاڭلاپ، سۇقراتقا ھېسابسىز ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ، ئالدى بىلەن يەتتە چوڭ دېڭىزغا ئاندىن كېيىن «مۇھىت دېڭىزى» غا يۈرۈش قىلىپ، سەيلە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئادەمنىڭ ھىممىتى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھىممىتىدىن كۆرە غەيلىتى بەكرەك ئاشىدۇ. ئۆلۈم ھېچقانچە ئامان بەرمەستىن ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇپ چىقىرىدىغان تۇرسا، ئارزۇ ـ ئارمان ئۇتلىرىنى مۇنچىۋالا تۇتاشتۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بولار؟!

## ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ سۇقراتتىن سوئالى

ئىسكەندەر سۇقراتتىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي بۈيۈك دانىشمەن، شۇنى بايان قىلغىنكى، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ قورشاپ تۇرغان بولسا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىشقا ئۇ سۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى بېسىپ كەتمىدى. نېمە ئۈچۈن «رۇبئى مەسكۇن» دىن ئىبارەت بۇ تۆتتىن بىر قىسىم يەرگە كەلگەندە سۇ ئاز كېلىپ قالدى؟ مۇھىت دېڭىزىدىن ئاجرىلىپ قالدى؟ مۇھىت دېڭىزىدىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان يەتتە چوڭ دېڭىز نېمە ئۈچۈن زېمىن يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالمايدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق سىر ـ ھېكمەت بار؟

— ئەي دېڭىز بىلەن تەڭداش پادىشاھ، — دېدى سۇقرات جاۋاب بېرىپ، — ھۆكۈمالار ئالدىدا شۇ نەرسە ئايانكى، يەر تۆپتۈز ۋە ياپىلاق بولماستىن، بەلكى ئېگىز ـ پەس ۋە يۇمىلاقتۇر. سۇ بولسا چوڭقۇر يەرگىلا مايىلدۇر. ئەگەر يامغۇر سەۋەبىدىن سەل كەلسە ھامان ئۇ سەل ئېگىزدىن پەس يەرلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا

دېڭىز سۈيىمۇ ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ سۈيى يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتمەيدۇ. بەزى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭرىنىڭ ھېكمىتىدۇر. تەڭرى زېمىننى دېڭىز ئىچىدە خۇددى ئەينەك ئىچىدە ئادەمنىڭ ئەكسىنى ساقلىغاندەك ساقلىدى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەممە ئىش ئاساندۇر. تەڭرى ئالەمنى يارىتىقاندا يەر يۈزىنى ئىنسانلار ئۈچۈن پائالىيەت مەيدانى قىلىپ بەلگىلىگەن شۇڭا يەر يۈزىگە سۇ دەخلى قىلالمايدۇ. ئەزەلى ھېكمەتنىڭ ھۆكمىگە ھېچ نەرسە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە ئەقىل ھەيراندۇر. بۇ ھەقتە سۆزلەشكە تىل ئاجىزدۇر.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ، سۇقراتقا ئاپىرىن ئېيتتى.

## لوقماننىڭ ھېكايىتى

ئاڭلىشىمچە، لوقمان ھېكىم ئۆز دەۋرىدە ياقا پۈچقاقتىكى بىر ۋەيرانە جايدا ماكان تۇتقانىدى. ئۇ بەئەينى خەزىنىگە ئوخشاش ۋەيرانە ئىچىدە ئورۇنلىشىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنىڭ رەنجى - ئەلىمىنى تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ جىسمىغا ئۇ بۇزۇق ۋەيرانە دال بولالمايتتى. ئۇنىڭ مىڭ ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ئەي ھېكىم، — دېدى ئۇ ئادەم لوقمانغا، — سەن بۇ قەدەر دانىشمەنلىكىڭ بىلەن ئالەمنى يورۇتقان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن جاھاننىڭ راھەت - پاراغىتىگە نائىل بولمايسەن؟ نېمىشقا ئوبدانراق جايدا تۇرماي، بۇ خارابە ئىچىدە ماكان تۇتۇسەن؟

لوقمان ھېكىم ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ۋەيرانىدە نەچچە يىللاردىن بېرى ھۇۋقۇشتەك ياشاپ

كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن مەقسىتىم بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. مەن غەم ۋە ھەسرەتكە قالماي دەپ بۇ ئالەمگە كۆڭۈل بەرمىدىم ۋە مۇشۇ ۋەيرانە ئورۇنغا ماكانلاشتىم. ھالبۇكى، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىدىغان چېغىمدا بۇ ۋەيرانىمۇ مېنىڭدىن ئېشىپ قالىدۇ. يوقلۇق سەپىرىگە قەدەم قويغىنىمدا، ھەتتا مۇشۇ بۇزۇق كەپىمۇ ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. كىمكى بۇ جاھاندىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا، ئۇنىڭ رەنجۇ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

## ئىسكەندەرنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر قۇياشىنىڭ زاۋاللىققا يەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان، جاھاننى، ياق، بەلكى جاننى تەرك ئېتىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. دەۋراننىڭ بۇ داراسى ئەجەل جامىدىن ئۆلۈم زەھرىنى ئىچىۋاتقان مۇشۇ ئېغىر كۈندە ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىتىن باشلاپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشقان ئانىسىنى يادىغا ئالدى، ئانىسى يادىغا يېتىش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ خالايىققا قاراپ، خۇددى ئەجەل شىۋىرغىنىدەك سوغۇق بىر ئاھ چەكتى. ئاندىن ئانىسىغا خەت يېزىپ، قەغەز يۈزىنى قارا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋەسىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، كاتىپ، قەغەز ۋە قەلەم كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

سەھىپىلەرگە گۆھەرلەرنى چاچقۇچى قەلىمى چاققان بىر كاتىپ بۇ دەردلىك سەھىپىنى ئېچىپ، قەلەمنى تەييارلىدى. ئۇنىڭغا ئىسكەندەر ئۆز ھېكمەتلىرىنى بايان قىلدى. كاتىپ قالدۇرماستىن يېزىشقا باشلىدى. خەت مۇنداق باشلاندى:

«بۇ خەت بولسا پۈتۈنلەي دەردلىك سەھىپىلەردىن

ئىبارەتتۇر. تەڭرى بەدەن ئىچىگە جان جەۋھىرىنى سالغۇچى ۋە ئۆزى بەرگىنىنى يەنە قايتۇرۇپ ئالغۇچىدۇر. ئۇ دېڭىزدا يوقالغانلارنىڭمۇ يولباشچىسى، چۆل - باياۋانلاردا ئۆلگەنلەرنىڭمۇ ھىمايىچىسىدۇر. ئۇ گادايلىقنى پادىشاھلىقتىن ئەزىز قىلغان. جاھان شاھلىرى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس پۇچۇق يارماقتۇر. تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەر تاپقاندا ئەمەل ۋە مەنسەپنىڭ ھەشەمەتلىرى ھېچ نىمىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر قازا ۋە تەقدىرىگە نۇرغۇن ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. ئۇنى ئەقىل ھەرقانچە پىكىر قىلسىمۇ بىلىپ بولالمايدۇ. تەڭرىنىڭ ئۆزىلا چەكسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ھەم باشلىنىشى يوقتۇر، ھەم ئاخىرى يوقتۇر. مەن تەڭرىنىڭ ھەمدۇسانالىرىنى مۇشۇنچىلىك بايان قىلدىم، ئەمدى ۋەسىيىتىمنى باشلاي.

مەندەك ئەجەل قوشۇنى ئىلكىدە ئاجىز بولغان بىچارە ناتىۋاننىڭ بۇ بۇزۇلغان تېنىمنىڭ جېنى ھەم ۋۇجۇدۇم گۆھىرىنىڭ كېنى بولغان سەن ئانامغا دەيدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە: مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ، يىراق يەرلەردە يۈرۈپ، سېنى جۇدالىق دەردى ۋە پۇرقەت ئازابىدا قويدۇم. بېشىمغا بىھۇدە خىياللار كىرىۋېلىپ، مېنىڭ ھۈنىرىم جاھاننى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدىم. لېكىن قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى خام خىيال ئىكەن. چۈنكى، كۆڭلۈم ھەۋەس شارابلىرىنى ئىچىش بىلەن مەست بولۇپ قالغانىكەن. مېڭەمگە ھوش ۋە ئەقىل پەيدا بولغاندا، پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېسىت، سەن ئۇچۇن ئوغۇل باللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىساممۇ، ساڭا قۇللۇق بەجا كەلتۈرۈپ ئۆتسەمچۇ! كاشكى، سېنىڭ بوسۇغاڭدىكى تۇپراق بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۆزىنى پادىشاھلىق دەپ بىلگەن بولسامچۇ! مانا ئەمدى مېنىڭ ئۇ ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا پەلەك ھەسەتخورلۇق قىلىپ، تەقدىر يول بەرمەيۋاتىدۇ، بۇ خىجالەتچىلىك ئۇچۇن ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى

ئۆلتۈرۈۋالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئەگەر سېنىڭ رازىلىقىڭ مەن بىچارىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرمىسە، مېنىڭدەك ناتىۋاننىڭ ھالىغا ۋاي! يۈز قېتىملاپ ۋاي! مەن گەرچە سېنىڭ ئەمىر - پەرمانىڭنى تۇتالمىغان بولساممۇ، لېكىن سەن مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغايسەن: بۇ خېتىم قولۇڭغا تەگكەندە مېنىڭ ھەممە ئەھۋالىم ساڭا ئايان بولىدۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ھاياتىڭغا ھاياجان چۈشۈپ، جىسمىڭ پارە - پارە بولغۇدەك ھالەتكە يېتىشى مۇمكىن. بىراق مەن جاھان ئەھلى ئىچىدىكى بىر ئەقىللىق ئانا، شۇنداقلا خەلقىم ئالدىدا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئادا قىلىدىغان بىردىنبىر كىشى. شۇڭا تەقدىر ماڭا ھەرقانداق قىسمەتنى يازسا، ئۇنىڭغا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش رازى بولساڭ، كۆڭۈل رىشتىڭنى مەندىن ئۈزۈپ، تەڭرىگە باغلىساڭ، كاچات ئۆرۈش بىلەن يۈزلىرىڭنى ئىپاردەك قارا قىلمىساڭ ۋە بۇ ئىپار ئۈستىگە ئاپئاق چاچلىرىڭنى كاپۇردەك چۈۋۈمىساڭ. مەن ئۈچۈن ماتەم ئاھاڭلىرىڭنى توۋلاش بىلەن جاھاننى ماتەم تۈنىدەك قارا قىلمىساڭ، قۇياشتەك ئىچىڭنى ھارارەتكە تولدۇرۇپ سۈبھىدەك يىرتمىساڭ، قۇياش گويا نۇر رىشتىلىرىنى چاچقىنىغا ئوخشاش ئاپئاق چاچلىرىڭنى سارغايغان يۈزلىرىڭگە چۈۋۈمىساڭ، باشقىلاردەك، يەنى ئوغۇل ماتىمى تۇتقان باشقا ئانىلاردەك يۈزلىرىڭنى تاتلاپ، يارا قىلمىساڭ، ئەگەر سەۋر قىلىشقا تاقىتىڭ، تەقەت قىلىشقا قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، سەن تەييارلىق قىلىپ بىر چوڭ مەرىكە تۈزگىن. ئۇ مەرىكىگە ھېسابسىز كۆپ لەززەتلىك تائاملارنى تەييارلا. ئاندىن پۈتكۈل ئەتراپقا جاي سالدۇرۇپ، ھەممە كىشىنى ئايۋىنىڭغا تەكلىپ قىلغىن، ئۇلار يىغىلغاندا داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن مۇلازىملارغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش تارتىشنى بۇيرۇغىن. ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئاش تارتىلىپ بولغاندا، سەن جاكارچىغا تاپشۇرغىن. ئۇ جاكارچى: «بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئەسكى

گۇمبەز ئىچىدە ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرى ئۆلمىگەن كىشى بولسا، ئاشۇ كىشى بۇ ئاشلاردىن يېسۇن» دەپ جاكارلىسۇن. شۇندىن كېيىن سەن داستىخىنىڭغا قاراپ باق، بىرەر ئادەم تائامغا قول سۇنامدۇ ـ يوق. ئەگەر بىرەر ئادەم ئاشقا قول ئۇزىتالىسا، سەنمۇ مېنىڭ ماتىمىمنى تۇتۇپ ئازاب چەككىن. ئەگەر ئۇ تائاملارغا ھېچكىم قول ئۇزارتمىسا ۋە ئۇنى يېمىسە، بۇنىڭدىن جاھاندا يېقىنلىرى ئۆلۈپ تۇپراققا كىرمىگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. ھاياتنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپقىن. مېنىڭ ماتىمىم، دەردىدىن قۇتۇلۇپ، پۇتكۇل ئالەم ئەھلى بىلەن ھەمدەرد بولغىن. سەن ھەر قانچە بەختىيار ۋە يول باشچى بولساڭمۇ، لېكىن يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاشلا تەڭرىنىڭ بەندىسىسەن. شۇڭا ئۆزۈڭنى بارچە خالايىق بىلەن ئوخشاش بىلگەيسەن. ھەق رىزاسى ئۇچۇن تىرىشقايسەن. مەن خاھى ياخشى بولاي، خاھى يامان، بەربىر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم. ئەجەل ماڭا ئامان بەرمىدى. گەرچە مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن پايدىسى يوق. ساڭا بىر نەچچە كۈنلۈك پۇرسەت بولسىلا، ھەقنى ئۇنۇتما. تائەت بىلەن بولغان مۇبەرەك ۋاقىتلىرىڭدا بۇ ئۆلگەن غېرىب ئوغلۇڭنى ياد قىلغىن، دۇئا بىلەن روھىمنى شاد قىلغىن.»

ئىسكەندەر پۇتكۇل مەقسەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاراق ئىچىگە يېزىلدى. ئاندىن ئۇنى قاتلاپ ئورىغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا بېرىپ، كۆڭۈل تىلەكلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، بۇ مەكتۇپنى ئانامغا يەتكۈزۈڭلار. ئەمدى مېنىڭ قۇياشىمنى ئىپاردەك قاپقارا بۇلۇت قاپلايدۇ. ئاپتىپىم ئۆچىدۇ. سىلەر مېنىڭ بېشىمدا ئىزتىراپقا

چۇشمەيدۇ. ھازا ـ ماتەمنى تونۇمىدۇ. ئۇلار كۆچۈپ خاراب قىلماقچى. جەسەتنى تاۋۇتقا سېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن تېز ئېلىپ ماڭماقتا. بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جەسەتنى ئىسكەندەرىيەگە ئېلىپ بېرىدۇ.

تىرىك ۋاقتىمدا ئۇ يەر ماڭا ۋەتەن بولغانىدى. ئۆلۈكۈمگىمۇ شۇ جاي دەپنىگاھ بولسۇن. مېنى تاۋۇتقا سالغان ۋاقتىڭلاردا چوقۇم بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرەت كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن ئۈزۈلدى. مەن گەرچە بۇ قوللىرىمغا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايلىقلىرىنى كىرگۈزگەن بولساممۇ، لېكىن ئەجەلنىڭ قوللىرى ئۆلۈم سەپىرىنىڭ ناغرىسىنى چالغاندا، بۇ جاھاندىن قوللىرىم خۇددى چىنار شېخىغا ئوخشاش قۇپقۇرۇق ھالدا كەتتىم، ھېچ نەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم، شۇڭا ئالەم ئەھلى مېنىڭ قولۇمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئالەمنىڭ بايلىقلىرىغا ئارتۇقچە ھېرىسمەن بولمىسۇن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش بىلەنلا كۆز يۇمدى. ئۇ پانىي ئالەمنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدى باقىي ئالەمنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى.

(موللا سىددىق يەركەندىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى. ئابدۇقەييۇم خوجا نەشرگە تەييارلىغان)

www.uyghurkitap.com

# ھايات ھاسىلاتلىرى

كاشىفى IV ـ ئەسىردە ئەلشىر ناۋائى بىلەن زامانداش ئەدىب ۋە ناتىق. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەدەنىيەت گۈللەنگەن ھىراتتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. مەسجىد ـ جەمەلەردە، خانىقالاردا، ئاممىۋي سورۇنلاردا ۋائىزلىق قىلغان. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن، ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ تەلەپ ۋە ئۆلچەملىرى توغرىسىدا ئىنتايىن مول بىلىمگە ۋە تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىغا ئىگە بولغان بۇ ئەدىب، ئۆز دەۋرىدە خېلى زور شۆھرەت قازانغان. ئەلشىر ناۋائى «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە كاشىفى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ: مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز «كاشىفى» دېگەن تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. ئۆزى سەبزىۋارلىق بولۇپ، ھىرات شەھىرىدە تۇرىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولاي دېدى. مەۋلانا كۆپ پەنلەردە ئالىم بولغان، قولى گۈل، تەجرىبىلىك ئادەم، ئۇ چېقىلىپ باقمىغان پەن ئاز بولسا كېرەك. خۇسۇسەن ناتىقلىق، خەتتاتلىق ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرى ئۇنىڭ ھەققى بولۇپ، ھەرقايسىسىدا مەشھۇر ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك شېئىرلىرى بار. يازغان ئەسەرلىرىدىن «جاۋاھىرۇت ـ تەفسىر» بولۇپ، بەقەرە سۈرىسىنىلا بىر توم قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. ئىنساپ بىلەن كېسىپ ئېيتقاندا توم بولىدۇ. شەھەر شۇخلىرى ئىچىدىكى بىمەزە دانىشمەندىن بىرسى خاجە ھاپىز شىرازى (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ، بېيت:

ۋائىزان كىن جىلۋە دەر مىھرابۇ مۇنبەر مىكۇنەد،
چۇن بە جىلۋەت مىرەۋەند ئان كارى دىگەر مەكىنەر.

يەشمىسى: (مىھراب ۋە مۇنبەردە شۇنداق ياخشى كۆرۈنىدىغان ۋائىزلار خىلۋەت جايغا بارغاندا باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ.)

دىگەن بىيىتىنى يېزىپ مۇنبەرنىڭ ئۇستىدە قويۇپ قويغانىكەن، مەۋلانا ئۇنى ئېلىپ ئوقۇش بىلەنلا، چىرايى ئۆزگۈپ، قاتتىق بىئارام بولدى ـ دە، ئۆزىگە ۋەشۇ سورۇنغا لايىق بولمىغان خېلى گەپلەرنى قىلىپ تاشلىدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەز ئېيتىماي قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نامەلۇم ئاداۋەتخور ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. لېكىن مەۋلانا ئۆز قىلغىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سەزگەن هامانلا، يەنە ئۆز ئىشىغا باردى. ئەگەر بارمىغان بولسا ئىككى قېتىم خاتا قىلغان بولاتتى. كېرەك يوق، پەقەت تەڭرىلا ئەيىبسىزدۇر.» دېگەن.

قىسقىسى، كاشىفى توشقان ئالىم ئىكەن. بىز بۇ نەسىھەت كىتابىمىزدا ئۇنىڭ «ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) دېگەن ئەسىرىدىكى قىزىقارلىق ۋە ئىبرەتلىك ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدىن نەمۇنىلەرنى بېرىمىز.

## ئەدەبنىڭ ئىززىتى

ئەدەبنىڭ مەنىسى — يامان سۆزدىن ۋە ناشايان ئىشلاردىن [ئۆزىنى تارتماق]، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، مۇلايىم بولماقتۇر.

ئەدەبنىڭ ھەقىقىتى — ھەزرىتى رىسالەت پاناھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا سالام ئەۋەتكەي) نى ھەممە ئىشتا ئۈلگە قىلماقتۇر. ھەركىم ئۇ زاتنى ئۈلگە قىلسا، ئاخىرى

مۇرادىغا يەتكۈسىدۇر. ئەدەب ھەرقانداق كىشىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ. خۇسۇسەن، پادىشاھلار ۋە جاھاننى بېزىگۈچىلەر ئەدەب ـ قائىدىلىك بولسا، پۇقرالار ھەم ئۇلارنىڭ تەرتىپى بىلەن ئەدەب يولىدىن چىقمايدۇ. دېمەك، مەملىكەت ئىشلىرى نىزام تاپىدىكەن، خالايىقنىڭ مەئىشەتلىرىمۇ ھازىرلانغان بولىدۇ. نەزمە:

ئىستە راھىقىدىن ئەدەب، تەۋفىقىنى،
بىئەدەب تاپمادى ھەرگىز فەزلىنى.
بەس، ئەدەبدىن نۇر تاپتى بۇ فەلەك،
ھەم ئەدەبدىن پاك بولدىلار مەلەك.

دانىشمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە:
مىسىر پادىشاھى رۇم خەلىپىسى بىلەن بولغان ئاداۋەتنى يۇيۇپ، ئاشنالىق تەرتىپىنى تۈزدى ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. رۇم خەلىپىسىمۇ ئاجىزەسىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. دوستلۇق ھەققىدە ئىككىلىسى بىتىم پۈتتى. شۇ سەۋەبلىك ئىككى مەملىكەت دوستلىشىپ، گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئىككى پادىشاھ چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشلاردا بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشاتتى. [ۋاقتىكى] مىسىر پادىشاھى رۇم پادىشاھىغا:
«پەرزەنتلىرىمىز بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى ۋە ئۆمرىمىزنىڭ تايانچىدۇر. بىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن نام نىشانىمىز ئۆچىدۇ؛ ھاياتلىقىمىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىزدىن كېيىن پاراغەتتە خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېمەك، ئۇلارنىڭ ئۆملۈكى، كېرەكلىك نەرسىلەر ۋە مەئىشەتلىرىنىڭ پىكرىنى قىلماق كېرەك. مەن ئاجىزەم ئۈچۈن نۇرغۇن نەپىس ماتالار، ياخشى ئات ـ تۆگىلەر، قول ـ

چۆرىلەر، باغ ـ ئىمارەتلەر ۋە مال ـ دۇنيالىرىمنى قالدۇردۇم.
سىز — جاھاننى بېزىگۈچى ئوغلىڭىزنىڭ مەئىشتى ئۈچۈن قانداق نەرسىلەر تەييار قىلدىڭىز؟» دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى.
بەس، رۇم پادىشاھى بۇ نامىنى ئوقۇتۇپ ئىشتىپ تەبەسسۇم قىلىپ، دەرھال نامە پۈتۈپ مۇنداق دېدى:
«مال بىۋاپا، خىزمەتكار بىباقا نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ھېسابىنى قىلماق كېرەك. بۇ پانىي دۇنيانىڭ ماتالىرىغا ئالدانغۇلۇق ئەمەس. مەن ئوغلۇمنى ئەدەب بېزەكلىرى بىلەن بېزىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەبلەرنى قالدۇردۇم. چۈنكى مال ـ دۇنياغا زاۋاللىق يېتەر، ئەدەب زاۋالسىزدۇر». بۇ نامە مىسىر پادىشاھىغا يەتتى.

## ھايانىڭ ئۇلۇغلىقى

ھايانىڭ مەنىسى — يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش دېمەكتۇر.
ئادەم ئۈچۈن شەرم ـ ھايا ياخشى خىسلەت ۋە مەقبۇل ئادەتتۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىمان ـ دەرەختۇر، ھايا ـ شاختۇر» دېگەنىدى. ئەگەر شەرم سۈپىتى بولمىسا، كىشى بىر ـ بىرىدىن ئۇياتمىسا، خەلق ئارىسىدا ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلار يوقىلىپ، ھەممە ئىشلارغا زەرەر يېتىدۇ؛ ئادەملەر بىر ـ بىرى ھەققىدە ئىشەنچ ۋە دىيانەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇقىرىقلاردىن مەلۇم بولدىكى، خاسۇئامغا ھايادىن يېتەرلىك پايدا ـ مەنپەئەت باردۇر. ياخشى خۇي ئەخلاق مېۋىسى ھايا سۈيىدىن تەربىيەت تاپمىسا، ئۇ لەززەت بەرمەيدۇ.
ھايا نەچچە قىسىم بولىدۇ: بىرسى ھايائىي ئەتادۇر. يەنى گۇناھكار ئۆز گۇناھى بىلەن تۇرۇقلۇق، خۇدايىتائالانىڭ ھەدىيىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) دەرگاھىدا

ئىسيان قىلغىنىدىن شەرم تۇتۇشتۇر.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بېھىشتە بۇغدايىنى يېدى. گۇناھكار بولۇپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى. خىتاب كەلدىكى:

— ئەي ئادەم، مەندىن قاچامسەن؟!

[ئادەم ئەلەيھىسسالام] ئېيتتىكى:

— ئىلاھا، سەندىن قېچىپ قايان باراي، ئەمما سەندىن ماڭا بۇ قەدەر ئىنئام ۋە ئېھسان يېتىپ تۇرۇقلۇق، گۇناھقا يۈز قويغىنىمدىن ئۇيىلىۋاتىمەن. ناۋادا گۇناھىمنى ئەپۇ قىلساڭمۇ، يەنىلا خىجالەتچىلىكىم مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

يەنە بىرسى، ھاياسىي كەرەمدۇر. ئۆز دەرگاھىدىن سايىلنى نائۈمىد قىلىپ ياندۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ. ھەدىستە: «ھەق ۋە پاك تەڭرى تائالا ھايا ۋە كەرەم سۈپىتى بىلەن مەۋسۇفتۇر» دېيىلگەن.

ۋاقىتكى، بەندىلىرىدىن بىرى دەرگاھىدا ھاجەت تىلەپ قول كۆتۈرسە، ئۇنىڭ قولىنى فەزلى رەھمىتى بىلەن تولدۇرىدۇكى، [ئۇنى] قۇرۇق قول ياندۇرماقتىن ھايا قىلىدۇ. بەلكى ئارزۇ [ئالقىنىغا] مۇراد سەرمايىسىنى قويىدۇ. كەرەمنىڭ چېكى شۇكى، سايىلنى مەھرۇم (قۇرۇق قول) ياندۇرماسلىقتۇر.

يەنە بىر مىسال:

نەقىل قىلىنىشىچە: باغداد پادىشاھى مەئمۇن خەلىپىنىڭ ۋاقتىدا بىر ئەرەب بار ئىدى. ئۇ شورلۇق زېمىندا تەشنالىقتا ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. ئىچىدىغان سۈيى ئاچچىق شور سۇ ئىدى. ئۆمرىدە تاتلىق سۇ ۋە مېۋە تېتىپ باقمىغانىدى. [ئۇ] ئاشلىق ئىزدەپ ئۆز يۇرتىدىن يىراققا سەپەر قىلدى ۋە تۇپرىقى پاك [مۇنبەت]، زىرائەتكە مۇناسىپ بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر چوڭقۇرلۇقنى كۆردى. ئەرەبنىڭ كۆزىگە بۇ سۇ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈندى. چۈنكى،

ئۆمرى ئىچىدە ھەرگىزمۇ مۇنداق سۇنى كۆرگەن ئەمەس ئىدى. دەرھال سۇدىن بىرمۇنچە ئىچتى. بۇ سۇ ئاجايىپ لەززەتلىك ۋە شېرىن تېتىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «مۇقەددەس تەڭرى تائالانىڭ بېھىشتە ناھايىتى تاتلىق سۇيى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم. خۇدايى تائالا مېنىڭ پېقىرلىق، موھتاجلىق ۋە تەشنالىقىمغا رەھىم قىلىپ، ماڭا بۇ سۇنى بېھىشتىن يەتكۈزۈپ بەردى بولغاي، مەن بۇ سۇدىن ئېلىپ بېرىپ، باغداد خەلىپىسىگە تۆھپە قىلاي. ماڭا نۇرغۇن ئىنئام، ئېھسانلار قىلسا، ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇنىڭ بىر تولۇمى بار ئىدى. شۇنىڭغا لىق سۇ ئېلىپ، باغداد يولىغا راۋان بولدى، نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، چەت بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. [شۇ كۈنى] باغداد خەلىپىسى شىكارغا چىققانىدى. بۇ ئەرەب پادىشاھنىڭ دەبدەبە ۋە شەۋكىتىنى كۆردى - دە، دەرھال ئالدىغا كېلىپ دۇئاغا مەشغۇل بولدى. خەلىپە:

— ئەي ئەرەب، قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئەرەب ئېيتتىكى:

— پالانى جەزىرەدىن كېلىۋاتىمەن، مېنىڭ دىيارىمدا قەھەتچىلىك بالاسى پەيدا بولدى. خەلق ئاچلىق سەۋەبىدىن ھەر تەرەپكە چىقىپ كەتتى. مەن سىزنىڭ دەرگاھىڭىزغا كەلدىم. ئەمما قۇرۇق كەلگىنىم يوق، ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىم. ھېچكىم مۇنداق ئۇلۇغ تۆھپىنى كەلتۈرمىگەن بولغاي.

مەئمۇن خەلىپە «بۇ قانداق نەرسىكىن» دەپ ھەيران قالدى ۋە:

— ئۇ قانداق تۆھپە؟ كەلتۈرگىن! — دېدى. ئەرەب تولۇمنى مەئمۇن خەلىپىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ:

— بۇ بېھىش سۇيىدۇر. ھازىرغىچە تىرىك ئادەم مۇنداق سۇغا مۇيەسسەر بولغان ئەمەستۇر، — دېگەنىدى، خەلىپە بىر

كىشىنى بۇيرۇدى. ئۇ پىيالىگە قۇيۇپ [خەلىپىگە] تۇتتى. [خەلىپە] ئىچىپ باقسا، سۇنىڭ رەڭگى بۇزۇلۇپ، تولۇمنىڭ تەسىرىدىن بەدبۇي ۋە قاڭسىق تەمگە ئۆزگەرگەنىكەن. ئەمما خەلىپە ئەقىل - پاراسەت بىلەن بۇ ئەرەبنىڭ دىيارىدا مۇنچىلىك سۇنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، كەرەملىكلىكىدىن بۇ ئىشنى ھەرگىز مەلۇم قىلمىدى.

— راست ئېيتىپتۇ، بۇ ئاجايىپ لەززەتلىك سۇ ئىكەن. بۇنى ھېچ كىشىگە بېرىشكە بولمايدۇ. ئۆزۈمگە ساقلاپ بېرىڭلار! دەپ بۇيرۇدى، ئاندىن يەنە، — ئەي ئەرەب، ماڭا نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مۇسۇلمانلار خەلىپىسى، قەبىلەمنىڭ خەلقى قەھەتچىلىك بالاسىدىن خاراب بولدى. مۇشۇ چارىسىزلىك تۇپەيلىدىن كېلىپ قالدىم، — دېدى ئەرەب.

خەلىپىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئەرەبكە مىڭ دىنار بېرىلىپ، شۇ يەردىنلا ئارقىغا ياندۇردى. پادىشاھ ئۇ ئەرەبنى مۇندىن بېرىسىغا ئۆتكۈزمىدى.

— ھەي پادىشاھىم، ئۇ سۇدىن ھېچكىمگە تېتىتقۇزمىدىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى ۋەزىر. خەلىپە:

— ئۇ تولۇمۇ قاڭسىق سۇ ئىكەن. ئەمما ئۇ ئەرەبكە بۇ سۇ ئۆزى ئىچىپ ئادەتلەنگەن سۇغا سېلىشتۇرغاندا بېھىشنىڭ سۈيىدەك مەلۇم بولۇپتۇ. بۇ سۇدىن سىلەرگە بەرگەن بولسام، ئىش ئاخىرىغا يەتمەيلا ئۇ ئەرەبنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار. ئۇ بىچارە خىجالەتكە قالار ئىدى. ئۇنى بۇ يەردىن ياندۇرمىسام، نېرىراق بېرىپ دەريالارنى كۆرۈپ سۈيىنى ئىچسە، مۇنداق بەتتام، بەدبۇي سۇنى ماڭا كەلتۈرگىنىگە خىجىل بولارىدى. بىر موھتاجنىڭ مېنىڭ قېشىمغا كەرىمىمنى ئىزدەپ، ئۈمىدۋار بولۇپ كېلىپ، خىجالەت بىلەن قايتىشىدىن ھايا قىلدىم. ئۇنىڭ ئەجرىنى ھەقتائالا بىلگەي! — دېدى.

## نىيەت ۋە ئىرادە كۈچى

قەست (نىيەت) نىڭ مەنىسى — قەدەم قويغان ئىشتا مەھكەم تۇرماق دېگەنلىكتۇر.

مۇراد — مەقسەتلەرنىڭ باشچىسى ۋە مۇشكۇل ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى خۇدادۇر. ھەرقانداق پادىشاھ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدىكەن، مەملىكىتىنى بويسۇندۇرالمايدۇ؛ پادىشاھلىق مەرتىۋىسىنى جاھاندارلىق تەختىگە يەتكۈزەلمەيدۇ. دۇرۇس نىيەت شۇكى، كىشى بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بېلىنى باغلاپ قەدەم قويىدىكەن. ھەرقانداق توسالغۇ بولسىمۇ، ئۇ ئىشىدىن يانماسلىق ۋە تىرىشچانلىقىنى سۇسلاشتۇرماسلىقتۇر.

پادىشاھلارنىڭ دۇرۇس نىيىتى بولسا، شۇ ۋاقىتتا، يەنى مەملىكەتنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە زالىم سىپاھلارنى يوقىتىۋاتقان چاغدا قالتىس ۋە ماقۇل كۆرۈنىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا پادىشاھ تەۋەككۇل بىلەن ھىممەت ئايغىنى ئەزىمەت ئۈزەڭگۈسىگە قويسا، ئەلۋەتتە غەلىبە نۇسرىتىنىڭ لەشكىرى قوش ئات بىلەن ئىستىقبالىغا كەلگۈسىدۇر.

ھېكايە قىلىنىشىچە: بىر پادىشاھ كىچىكلىكىدە لاي يېمەكنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. چوڭ بولغاندىمۇ ئۇ ئادىتىنى تاشلىيالمىدى. ھۆكۈمالار ئۇنىڭ زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە ئېيتىپ مەنئىي قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلۇغلاردىن بىرى پادىشاھنى كۆرگىلى كەلدى. پادىشاھنىڭ چىرىسىنىڭ تولىمۇ زەئىپ ۋە خاراب، قىزىل رۇخسارىنىڭ زەپىراندەك سېرىق ۋە سولغۇنلۇقىنى كۆرۈپ ھالىنى سورىدى. پادىشاھ:

— ماڭا مۇنداق نامەرغۇپ (يېقىمسىز) ئىش ئادەت بولۇپ

قاپتۇ. ئۇنى تاشلاشقا ئىلاجىم يوق. بۇ ئادىتىم تۈپەيلى ھەسرەت ۋە نادامەتتە قولۇمنى كۆكسۈم ئۆزرە قويۇپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى. دەرۋىش:

زەرەر قىلىشنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئادىتىڭىزنى تەرك قىلمايسىز؟ — دېگەندى، پادىشاھ:

— تەرك قىلاي دەپ شۇنچە نىيەت قىلدىم. بىراق نەپسىمنىڭ خاھىشىنى يېغالمايۋاتىمەن، — دېدى. دەرۋىش:

— دۇرۇس نىيەت پادىشاھلارغا خاستۇر. ئۇنىڭ نىيەت قىلغان ئىشىنى ھەرقانداق كىشى مەنئىي قىلىپ سۆزلىسىمۇ ھەرگىز قۇلاق سالماس، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنىڭ تەسىرىدىن غەيرەت قىلىپ، لاي يېمەك ئادىتىنى تاشلاشقا توغرا نىيەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ ئادەتنىڭ رەنجىدىن قۇتۇلدى.

ھەر كىشىكى، بىرەر ئىشقا قەدەم قويۇپ كامالىغا يەتكۈزەلمىسە، بىرەر دەرۋىش ۋە ياكى بىرەر ئالىمغا يۈز تۇتسا، ئۇنىڭ نەسىھىتىنىڭ بەرىكىتىدىن نىيەت قىلغان ئىشنى تامامىغا يەتكۈزگۈسىدۇر.

ئەمما، نىيەت دۇرۇس بولمىسا ھەرگىزمۇ مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ ھېكايەت قىلىنىشىچە، پادىشاھ قۇبات بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. كېلىۋېتىپ توساتتىن بىر مەنزىلنىڭ قارىسىنى ئالدى. يېقىن بارغاندا بىر ياشانغان مەزلۇم قىزى بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. بۇ مەزلۇم يۈگۈرەپ كېلىپ پادىشاھنى تەكلىپ قىلىپ ئۆيىدىن چۈشۈردى. داستىخان ھازىرلاندى، پادىشاھ ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى. ئاندىن بىر پەس ئارام ئالاي دەپ ئۇخلىدى. قوپۇپ قارىغۇدەك بولسا، كۈن كەچ بولۇپتۇ. كېچىسى ھەم بۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ.

بۇ مەزلۇمنىڭ سۈتلۈك بىر ئىنىكى بار ئىدى. ساغدى كۆپ سۈت چىقتى. كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆڭلىدە: «ھەر

تائىپەنىڭ بىر ئىنىكىدىن شۇنچە سۈت چىقسا، ئەگەر ھەپتىدە بىر كۈنلۈكىنى مېنىڭ خەزىنەمگە بەرسە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىغا ھېچ زەرەر بولماس. مۇشۇنىڭ بىلەن خەزىنەمگە بىر مۇنچە مەنپەئەت يېتەر» دېگەن نىيەتنى قىلدى. ئەتىسى قىزى قوپۇپ ئىنەكنى ساغقاندى. سۈتى كۈندىكىدىن ئاز چىقتى. قىزى كىرىپ ئانىسىغا:

— ئىنەكنى بائىمكانىيەت بىلەن ساغدىم. كۈندىكىدەك سۈت چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى. ئانىسى:

— ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، بۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ نىيىتــى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ، — دېدى، پادىشاھ قۇباد بۇ سۆزىنى ئىشىتىپ تەئەججۇبلەنگەن ھالدا:

— ئەي مەزلۇمە نېمــە بـولدۇڭ؟ — دەپ سـورىـدى. مەزلۇمە:

— ھەر ۋاقىتتىكى، پادىشاھىنىڭ نىيىتــــى بۇزۇلسا، ھەقتائالا پۇقرالارنىڭ زىرائەتىدىن، ماللىرىدىن ئالـــدىغان ھوسۇلىنىڭ بەرىكىتىنى كۆتۈرۈۋېتىــدۇ، — دېدى. پادىشاھ قوباد شۇ زامان ئىلگىرى قىلغان نىيىتىگە كۆڭلىدە تۆۋە قىلدى. ئۇ قىز [ئىنەكنى] يەنە ساغدى. كۈندىكىدىن تولاراق [سۈت] چىقتى. بۇ جەھەتتىن «ئادىل پادىشاھىنىڭ ياخشى نىيىتـــى پۇقرالارغا ئېقىن سۇدىن، ئاپتاپ تەسىرىدىن ھەم ياخشىراقتۇر» دېيىلىدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، پادىشاھ بەھرام شىكارغا چىققاندى. ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، ئىستىراھەت قىلماق ئۈچۈن لەشكىرىنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇپ، ئۆزى خاسلىرى بىلەن بىر كىشىنىڭ بېغىغا چۈشتى. باغۋەننى چاقىرتىپ:

ئانار بولسا، بىر قەدەھ شەربەت قىلىپ بەرگىن، دېدى. باغۋەن دەرھال بىر قەدەھلىك ئانار شەربىتى كەلتۈرۈپ بەردى. [پادىشاھ شەربەتنى] ئىچىپ:

— ئەي باغۋەن، بېغىڭدىن يىلىدا قانچىلىك مەھسۇلات چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى. باغۋەن پادىشاھ بەھرامنى تونۇمايتتى. شۇڭا:

— ئۈچ يۈز دىنار بولىدۇ، — دېدى.

— پادىشاھ بەھرامنىڭ خەزىنىسىگە بىرەمسەن؟ — دېدى بەھرام.

بىزنىڭ پادىشاھىمىز، — دېدى باغۋەن، — دەرەخ ھوسۇلىدىن ھېچ نەرسە ئالمايدۇ. زىرائەتتىن ئوندىن بىرنى ئالىدۇ.

پادىشاھ كۆڭلىدە «مېنىڭ بۇ مەملىكىتىمدە مۇنداق باغ كۆپتۇر. ئەگەر باغدىنمۇ ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرنى ئالسام، خەزىنەمگە نۇرغۇن مەنپەئەت بولغۇسىدۇر. پۇقرالارغا يېتىدىغان زەرەرمۇ چاغلىقتۇر» دېگەنلەرنى خىيالەن نىيەت قىلدى ۋە باغۋەننى قىچقىرتىپ:

— يەنە شەربەت قىلىپ بەرگىن، — دېدى. باغۋەن بېرىپ خېلى ھايال قىلىپ شەربەتنى كەلتۈردى. پادىشاھ:

— ئالدىنقى قېتىم تېزلا كەلگەنىدىڭ. بۇ نۆۋەت نېمە ئۈچۈن ھايال بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى. باغۋەن پادىشاھنى تونۇماي:

— مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە مەملىكەت پادىشاھىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ. ئالدىنقى نۆۋەت بىر ئاناردىلا پىيالە لىق تولغانىدى. بۇ نۆۋەت ئىككى چوڭ ئانارنى سىقتىم، پىيالە يەقەت تولمىدى. مېۋىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلدى، — دېدى.

بەھرامغا بۇ سۆز ئاجايىپ تەسىر قىلدى. قىلغان نىيىتىگە پۇشايمان قىلىپ، كۆڭلىدىن چىقاردى. ئاڭغىچە ھاۋا مۆتىدىل ھالەتكە كەلدى. باغۋەن يەنە شەربەت قىلغانىدى. بىر ئاناردا پىيالە لىق بولدى. خۇشاللىق بىلەن كېلىپ:

— ئەي ئاتلىق يىگىت، ئاجايىپ سىردۇركى، بىر سائەت ئىچىدە بۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، يەنە ھايال قىلماي ئادالەت نىيىتىنى تۇزىدى. ئاۋۋال ئىككى ئاناردا پىيالە تولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە بىر ئاناردا بىر پىيالە لىق بولدى. مەلۇم بولدىكى، پادىشاھىمىز ئادالەت يولىغا كىرگەن ئوخشايدۇ، — دېدى. پادىشاھ شۇ زامان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، قىلغان نىيىتىنى بايان قىلىپ، ئەندىشىسىنى كۆڭلىدىن مۇتلەق چىقاردى ۋە دېدىكى:

— بۇ كەلىملەر سائادەتمەن پادىشاھلاردىن يادىكار قالسۇن. ئۆزگە پادىشاھلار بۇ نەسىھەتنى ئىشىتىپ، پۇقرالارغا قارىتا نىيەتلىرىنى تۈزىگەي! ئاۋاممۇ ھەم دۇرۇس نىيەتلىك بولغاي. ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىش يولىدا كۆڭۈلنىڭ رىغبىتىنى زىيادە قىلماق — ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن شىددەت بىلەن تىرىشماق دېگەنلىكتۇر.

فەرىدۇن:

— قانائەت قىلماق — قولدىن ئىش كەلمىگەنلەر[1]نىڭ ئادىتىدۇر؛ بۇلۇڭدا ئولتۇرماق — ئىشتىن قالغان ئالدامچىلارنىڭ ئادىتىدۇر، پۇرسەت — ۋاقىت چېقىندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنى غەنىيمەت بىلمەك ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈردە چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئالماقنىڭ ئەندىشىسىنى قىلماق كېرەك، — دەپ ئوغلىنى بىر مەملىكەتنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇدى.

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن «شاھزادە تەن ئاسايىشلىقىغا ئادەتلىنىپ، گاھى كىيىملىرىنى سىلىقۇېتىپ، ئىستىقامەت چېدىرلىرىنى تىكىپ، كېچىلىرى ئارام ئېلىۋاتىدۇ.» دېگەن

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «كەلگەنلەر» دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «كەلمىگەنلەر» دەپ تۈزىتىلدى.

خەۋەر كەلدى. دادىسى [ئوغلىغا]:

«ئەي ئوغلۇم، پاك تەڭرى تائالا ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ياراتتى ھەممە مېھنەت ۋە مۇشەققەتنى ئۇنىڭغا پەرمانبەردار قىلدى. بەس، ئىززەت - ھۆرمەت پادىشاھلار نېسىۋىسىدۇر. ئەمنۇ ئامانلىق پۇقرالار نېسىۋىسىدۇر. بۇ ئىككى مۇرۇۋۋەت كىشىگە بىرلا ۋاقىتتا نېسىپ بولماس. پادىشاھلار ئاسايىش بىلەن راھەتنى پۇقرالارغا بېرىپ، مۇشەققەت كەسپىنى ئۆزى كۆتۈرگەي، ئەگەر مۇنداق قىلمىسا، مەملىكەتنى نىزامىغا يەتكۈزگىلى بولماس!» دەپ نامە ئەۋەتتى.

قەتئىي ئىرادىلىك دېگىنىمىز — ھەر ئىشقا قەدەم قويۇپ تامامىغا يەتمىگۈچە ئۇنىڭدىن قەدەم يۆتكىمەسلىكتۇر.

دەر ھەقىقەت، قەتئىي ئىرادىلىك — بەرىكەتنىڭ كۆچىتى، روناق تېپىشىنىڭ ئاساسىدۇر؛ پادىشاھلارنىڭ پۇقرا ۋە پەرمانبەردارلىرىغا نەپ يەتكۈزۈشىنىڭ مەنبەئىدۇر.

بىباش — بەتقىلىق كىشىلەرنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىشتا، پادىشاھنىڭ قەتئىي ئىرادىلىكى خاسۇئامغا ئاشكارا بولمىسا، خىزمەتكار ۋە ئەل [شاھ] ئىتائىتىگە باش قويمايدۇ.

دانىشمەنلەر:

«ھەركىم سەلتەنىتىمنىڭ مۈلكى ۋەيران بولمىسۇن دېسە، ئۆزىنى قەتئىي ئىرادىلىك ۋە مەھكەم تونۇشى كېرەك» دېگەن.

قەتئىي ئىرادە شۇكى، بىھۇدە خىيالنىڭ قورقۇنچى بىلەن ئۆز سۆزىدىن ئازماسلىق ۋە شۇم رويلارنىڭ ئادەتلىرى بىلەن قائىدە — رەسىملەرنى بۇزماسلىقتۇر.

## بىلگىنكى كۆڭۈل قۇۋۋىتى ھەممىدىن ئەلادۇر

نەقىل قىلىپتۇرلاركى:

نۇشىراۋان ۋەزىرىدىن سورىدى:

— شجائەتنىڭ ئەسلىسى نېمە؟
— كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر، — مىسالى شۇكى: پالۋانلاردىن بىرى ياشىنىپ قالغانىدى. ئەمما ياشىنىپ قالغىنى بىلەن كۆڭلى قۇۋۋەتلىك ئىدى. بىر كۈنى جەڭگە چىقىشنى ئىختىيار قىلدى. ئىككى كىشى يۆلەپ ئاتقان مىندۈرگەنىدى. بىر بىئەدەب توساتتىن تەنە قىلىپ:
— بۇ كىشى ھەر قېتىم ئاتقا مىنگەندە ئىككى كىشىنى لازىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەر؟ — دېدى. بوۋاي بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:
— راست ئېيتىسەن، مېنى ئاتقا مىندۈرگىلى ئىككى كىشى كېرەك. ئەمما، ئاتتىن يېقىتقىلى مىڭ كىشى كېرەك، — دېدى.
نوشىراۋان بۇ مىسال ئارقىلىق قول قۇۋۋىتىدىن كۆڭۈل قۇۋۋىتىنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

## توغرا سۆزلۈك (راستچىل) بولۇش

توغرا سۆزلۈك (راستچىللىق) — ئاخىرەتتە نىجات تاپماقلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇزرۇكلار ئېيتىپتۇرلاركى، سەۋەبسىز يالغان ئېيتماق ئازاب چېكىشكە سەۋەب بولىدۇ. راست سۆز ساۋاب (ياخشىلىق) تېپىشقا سەۋەب بولىدۇ.
ئاقىللار يالغاندىن (يالغان سۆزلەشتىن) پەرھىز قىلىپ، ئۆزىنى راستچىللىق تەرىپىگە مايىل قىلغاي!
ھېكايەت:
ھەججاج زالىم نەچچىلىگەن كىشىنى گۇناھكار قىلىپ ئۆلتۈردى. بىر كىشىگە نۆۋەت يەتتى. ئۇ كىشى:
— ئەي ئەمىر، سەن ئۈچۈن مېنىڭ قىلغان خىزمىتىم بار: پالانى دۈشمىنىڭ قەبىھ تىل بىلەن سېنىڭ غەيۋىتىڭنى

www.uyghurkitap.com

قىلغاندى، مەن «ھەججاجنىڭ يامانلىقىدىن ياخشىلىقى تولا. سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن» دەپ مەنئىي قىلدىم، دېدى.

— گۇۋاھچىلىق بارمۇ، — دەپ سورىدى ھەججاج.

ئۇ كىشى شۇ مەجلىستە ئولتۇرغان بىرسىنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمما، ھېلىقى كىشىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن «راست ئېيتىدۇ» دەپ [گۇۋاھلىق بەردى] ھەججاج:

— سەنمۇ بارىكەنسەن نېمە ئۈچۈن شۇك ئولتۇردۇڭ — دەپ سورىدى.

— مەن، — دېدى [گۇۋاھلىق بەرگۈچى كىشى]، — ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كېلىپ ئىنئام — ئېھسانىڭنى كۆرگەن ئەمەسمەن. شۇڭا ئۇنىڭ غەيۋەت قىلغىنى ماڭىمۇ خۇش كەلدى. شۇ سەۋەبتىن مەنئىي قىلمىدىم.

[ھەججاج] بۇ سۆز بىلەن (يەنى راست سۆزلىگىنى ئۈچۈن) ئىككىلىسىنى ئازاد قىلدى.

«ئىنكانە ئەكەزەبە نەسبەن فەسسىدقى» (يەنى، ئەگەر يالغان سۆز بىلەن بىر مۇسۇلمان ئۆلۈمدىن يازالمىنىڭ زۇلمىدىن خالاس بولىدىغان بولسا، ئۇنداق يالغان سۆز راست سۆزدىنمۇ ياخشىراقتۇر.)

يالغان سۆز، ھەزىل ۋە چاقچاق كىشىنى بىئىززەت قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ھۆكۈمەت ئەملى مۇنداق ئىشلارغا مايىل بولسا، شانۇشەۋكەتلەرگە نۇقسان يېتىدۇ.

## كېڭەش قىلماقنىڭ پايدىسى

كېڭەشنىڭ مەنپەئىتى بىسياردۇر: بىرىنچىسى، ئىشنى ياخشىلىقتا يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچى، [بىرەر ئىشقا] كىشىلەر بىلەن كۆپرەك كېڭەش قىلغاندىن كېيىن قەدەم قويۇلسا ئۇ ئىشتا گەرچە نەتىجە چىقمىسىمۇ زەرىرى يەتمەيدۇ،

خالايىق تەنە قىلمايدۇ؛ ئۇچىنچى، بىر كىشىنىڭ زېھنى ئەتراپ ـ ئالەمنى ئېھاتە قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بەس، مەملىكەت باشلامچىلارغا ئېھتىياجلىقتۇر. شۇڭا ئاقىل، دانىشمەنلەر بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپ، مۇشكۇل ئىشقا كىرىشمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بىرقانچە ئاقىلنىڭ تەدبىرى بىر ئاقىلنىڭ تەدبىرىدىن ياخشىراقتۇر.

ياخشى تەدبىر ئۇۋچىلىققا ئوخشاشتۇر. بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشمىگەن قۇشمۇ جامائەت جەم بولسا، ئارىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. يەنى [جامائەت] ھەرقانداق ئامال ـ تەدبىر بىلەن ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

پادىشاھلاردىن بىرسى:

— تەدبىر ياخشىراقمۇ ياكى شىجائەت؟ — دەپ سورىدى. جاۋاب بەردىكى:

— شىجائەت شەمشەرگە ئوخشايدۇ. ھېچقانداق شەمشەر قول مەدەت بەرمىگۈچە كارغا يارىماس. ئەمما شەمشەر بولمىسىمۇ قول كارغا يارىمايدۇ.

ئېيتىپتۇلاركى: ئۇلۇغلار كېڭەشنى ھەرقانداق كىشى، يەنى خاسۇ ئام بىلەنمۇ قىلسۇن، سەۋەبى كىچىكلەرنىڭ كۆڭلىگە يەتكەن تەدبىر بەزىدە ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز يەتمەس، ھېچ كىشى مەسلىھەتتىن زەرەر كۆرگەن ئەمەستۇر.

مەرۋىدە بىر ئۇلىمانىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن نۇرغۇن كىشى خېرىدارلىق قىلىشتى. ئەمما ئۇ ئالىم «قايسىسىغا بەرسەم بولاركىن؟» دەپ ھەيران بولدى. يېنىدا بىر ھەمسايە تەرسا بار ئىدى. ئۇ بىسيار پەم ـ پاراسەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇ:

— مەن سىزنىڭ دىنىڭىزدىن بىگانە كىشىدۇرمەن. سىزنىڭ كېڭىشىڭىزگە مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟ — دېدى. ئالىم ئېيتتى:

ئەگەرچە دىندا بىگانە بولساڭمۇ، بۇ ئالەم ئىشىدا يەم ــ پاراستىلىك بار. بۇزرۇكلار: «كېڭەشنى تەماگەر، گۇمانخور، غەيۋەتچىلەردىن باشقا ھەر تۈيپەدىن سورىماق كېرەك»، دېگەن.

— مەن ئۈچ شەرت بىلەن كېڭەش ئېيتاي، — دېدى تەرسا، — قايسى مەقبۇل بولسا ئۆزىڭىز بىلەرسىز: بىرىنچىسى شۇكى، دىنىي ئىسلامدا ئىككى ياش بىر ـ بىرىنىڭ باراۋىرىدە بولماق (يەنى قىز بىلەن يىگىتنىڭ باراۋەرلىك شەرتى) مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. بىزنىڭ رەسمىمىزدە نىسبەتەن (باراۋەرلىك) ئىزدىمەيمىز. بەلكى پۇل ـ مال (ئابرۇي) ئىزدەرلەر.

ئالىمغا بۇ سۆز بىسيار خۇش كەلدى. ئالىمنىڭ كىچىكىدە سىپتىۋىلىپ، ئوقۇتۇپ ئالىم بولغان، مۇبارەك دېگەن ئون سەككىز ياشلىق بىر قۇلى بار ئىدى. «ھەممىدىن ئېتىبارلىقى دىنىي ئىسلامدۇر» دەپ شۇ زامان چاقىرتىپ قىزىنى ئۇنىڭغا ئەقدى نىكاھ قىلىپ بەردى. ھەق سۇبھانە ۋە تائالا مۇبارەككە ئۇ قىزدىن بىر پەرزەنت بەردىكى. ئۇ — ئىسلام ئەھلىنىڭ پېشىۋاسى، دىن خەلىپىنىڭ مۇقتەداسى (ئىمامى)، زاھىدلار يەكتاسى ۋە دانالىقتا تەڭداشسىز ئابدۇللا مۇبارەك (تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي) ھەزرەتلىرىدۇ.

بەس، ئۇلۇغلارغا لازىمدۇركى، ھەرقانداق قىيىن ئىش ـ ۋەقە سادىر بولسا، ئۇنى تەدبىر قولى بىلەن يەشكەي ۋە ھەرقانداق نۇقسان ـ كەمچىلىك پەيدا بولسا، ئۇنى كېڭەش مەدىتى بىلەن يوق قىلغاي!

## ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئويلاپ قىلىش كېرەك

مەرد، ئاقىللار پەرقلەندۇرۇش قىيىن ۋە ئېھتىماللىق ئىشلار توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە پىكىر

يۇرگۇزۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇنىڭدىن نۇقسام مەلۇم بولسا، ئىش يۈز بەرمەستىن ئىلگىرى پەرھىز قىلىشى لازىم.

دانىشمەنلەر ھەرقانداق ئىشتا يىراقنى كۆرىدۇ. گۇناھلىق، تەرتىپسىزلىك ئەھۋاللارنى بايقىغان ھامان دەرھال ئۇنىڭ چارە ـ تەدبىرىنى قىلىدۇ. نادانلار بالا ـ قازا بېشىغا كەلمىگۈچە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن خەۋەرلەر (مىساللار) كەلتۇرۇلگەن.

ئومۇمەن، ھەرقانداق كىشى پىتنە ـ پاساتچىلار ۋە ئاداۋەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا پەرھىز ئىلاجى ۋە پىكىر قۇۋۋىتى بىلەن مەھكەم بولۇپ، زامانە ئەھلىنىڭ توغرا سۆزلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش لازىمدۇركى، خەلقنىڭ ھەمنەپەسلىكىگە ئىشىنىش، ناشايان كىشىلەرنى ئۆز سىرىغا مەھرەم قىلماسلىق، بىمارلىق زەئىپلىكىدىن ۋە دۇشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئەمىن بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتىكى ھېكايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

## ئىغىر بېسىقلىق، تەمكىنلىك ھەققىدە

ھەدىستىكى «ھەر ئىشتا ئىغىر بېسىق بولۇش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق خۇدايىتائالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق، ئالدىرىماق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر.» دېگەن ھۆكۈم بويىچە، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا تەمكىنلىك بىلەن قەدەم قويسا، [شۇ ئىش] كۆڭۈلدىكىدەك ئاخىرلىشىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن كىرىشسە، تەقدىر ئىلاھىغا مۇخالىپ ئىش قىلغان بولىدۇ. بەلكى بۇ دۇنيادا خىجالەتكە، ئاخىرەتتە گۇناھكار بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ھېكايەت:

بىر ۋەزىر ئوغلىغا نەسىھەت قىلدىكى:

— ئەي پەرزەنت، سەن پۇقرالارغا ھاكىم بولساڭ، ئەقلىڭ ساڭا ھاكىمدۇر. پۇقرالار ساڭا قانداق ئىتائەت قىلغان بولسا، سەن ھەم ئەقلىڭگە شۇ يوسۇنلۇق ئىتائەت قىلغىن. ھەربىر مۇھىم ئىشلاردا چوڭقۇر ئويلان. خۇسۇسەن، پۇقرالارنىڭ مېلىغا ۋە ئۆزىگە زەرەر يېتىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ كۆپرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈڭ كېرەك!

ھۇشەڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىدىمۇ «سىپاھگەرلىك، لەشكەرگەرلىكتە تەمكىن. ئېغىر بېسىق بولۇش» كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان.

پۇقرالارغا نىسبەتەن ئاچچىق ۋە غەزەپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، ئۆز ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى نەپسىنىڭ قولىغا بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى پۇشايمانلىق ئىش يۈز بەرسە، ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىن قىلغان نادامەت ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. يېنىكلىك (ئالدىراقسانلىق) — ئوق مەسەللىكتۇر. ئوقيادىن ئېتىلدىمۇ ياندۇرماق مۇشكۇلدۇر. ئېغىرلىق (يەنى ئېغىر بېسىقلىق) — قىلىچ مەسەللىكتۇر. ئۇنى خالىسا ئىشلىتىشكە (قېنىدىن سۇغىرىۋېلىشقا)، خالىمىسا قويۇپ قويۇشقا بولىدۇ.

ھېكايەت:

ئەردەشىر ئىبنى بابەك شاھلارنىڭ شاھى ئىدى. [ئۇ] كاتىپلىرىغا بۇيرۇپ ئۈچ پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپ، خاسلىرىدىن بىرىگە بەردى ۋە:

— مەندە دادخاھلارغا نىسبەتەن چىرايىم ئۆزگىرىپ ئاچچىق ۋە غەزەپىمنىڭ ئەسىرى مەلۇم بولسا، ئىتتىكلىك قىلىپ بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلماستىن ئىلگىرى ئۇ بىر پارچە مەكتۇپنى كۆرسەتكىن. ئۇنىڭ بىلەن [مەندىكى ئاچچىق ۋە غەزەپ] بېسىلمىسا، يەنە بىرىنى كۆرسەتكىن . . . — دېدى.

بىرىنچى مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن، ئىختىيارلىق يۈگىنىنى

نەپسىڭنىڭ ئىلكىگە بەرمىگىن. سەن مەخلۇقسەن، سەن سېنى يارانقان تەڭرىدىن ئۇلۇغ ـ ئەمەسسەن!»

ئىككىنچى مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئېغىر بېسىقلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلغىن، خۇدايتائالا ساڭا رەھمەت قىلغۇسىدۇر!»

ئۈچىنچى مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ھەرقانداق ھۆكۈمنىڭ شەرىئەتتىن تاشقىرى بولمىغاي!»

## ھاجەتنى راۋا قىلماقنىڭ ساخاۋىتى

ئەگەر كىشى ھاجەت تىلەپ كەلسە، ئىلاجىنىڭ بارىچە ھاجەتتىن چىقارماق لازىمدۇر. ھەدىستە: «كىمكى باشقىلارغا ياردەم بېرىدىكەن، ھەق سۇبھانە ۋە تائالا ئۇ كىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. ھەر كىشى ھەق تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن قانچىلىك نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق، ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بەرمەك ۋاجىپتۇر.» دېيىلگەن. ھەر كىمنىڭ قۇدرىتى — ھوقۇقى قانچىلىك يۇقىرى بولىدىكەن، شۇنىڭ باراۋىرىدە پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق شۇنچە لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلقنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى [ھەل قىلىپ بېرىشنى] ئۈستىگە ئېلىپ، قۇدرىتىنىڭ بارىچە موھتاجلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلماقنى غەنىيمەت بىلىشى؛ بىخەۋەر، بىپەرۋالىقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمەسلىكى، مەھرۇم، بىچارىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى دەپ بىلىشى كېرەك. چۈنكى بىر مۆمىنىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق — پۈتكۈل ئادەمزات ۋە پەرىلەرنىڭ ئىبادىتى بىلەن باراۋەردۇر.

ھېكايەت قىلىپتۇرلاركى:

خىتاي پادىشاھى ئىسكەندەردىن:

— پادىشاھلىق لەززىتىنى نىمىتىدە كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ نەرسىدە كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر، — بىرى، دۈشمەنلەرنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندا؛ ئىككىنچى دوستلارغا ياردەم بەرگەندە؛ ئۈچىنچى موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندا، چۈنكى بۇنىڭدىن بۆلەك لەززەتلەرنىڭ ئېتىۋارى يوقتۇر.

## ئامانەت ۋە دىيانەت

ئامانەت (ساداقەتلىك، سادىقلىق) — بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر. دىيانەت بارلىق ياخشى خۇي-ئەخلاقنىڭ يىلتىزىدۇر. ئىمان ئامانەت ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ. ئەگەر تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قارىسا شۇنى بىلگەيكى، ئۇنىڭ (ئىماننىڭ) بىر چېكى ئامانەتكە چېتىقلىقتۇر. بىر چېكى خىيانەتكە باغلانغاندۇر. پەس، ھەر تايىپە ئۆي (ئائىلە) ئىشلىرىدا (ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن) ئامانەتنى ساقلىسا خىيانەت سادىر بولىدۇ. چۈنكى، خۇدايى تائالا ھەر بەندىسىگە ھەرقايسى ئەزاسىنى تازا (ساغلام) قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ شۇ كىشى ئۈچۈن ئامانەتتۇر. مەسىلەن: كۆز - ئاللانىڭ قۇدرەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر؛ قۇلاق - ھەقتائالانىڭ كەلىمىلىرىنى، پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى ۋە ئەھلىللاھنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر؛ تىل - ھەق تائالانىڭ زىكرى - تەسبىھىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر؛ قول — ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر. مۇبادا كۆز بىلەن نامەھرەملەرگە قاراپ، قۇلاق بىلەن ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنى ئىشىتسە؛ تىل بىلەن غەيۋەت

قىلسا، قول بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرسە ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە بولاردىن باشقا مۇنۇ ئامانەتنى ساقلىماق ھەم ۋاجىپتۇر: يەنى پۇقرالارمۇ خۇدايى تائالانىڭ [پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە تاپشۇرغان] ئامانىتىدۇر. ئەگەر ئۇلارغا ئازار بەرسە، ئاسايىش بىلەن تۇتمىسا، ئەركانى دۆلەتكە خارابلىق ۋە قۇسۇر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن زالىمنى پۇقرالارغا سەركەردە قىلماق، بۆرىنى قويچى (پادىچى) قىلغان بىلەن باراۋەردۇر.

دىيانەتنى مۇلاھىزە قىلماق ھەم لازىمدۇر. دىيانەتنىڭ مەنىسى — ئامانەتنى ساقلىماق دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئامانەت خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا مەخپىي تۇتۇلىدۇ. ئۇنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئاشكارىلانغان تەقدىردىمۇ دىيانەت رەسمىنى ساقلاش زۆرۈردۇر. شۇندىلا ئۇ ئىككى جاھان سائادىتىگە، بەلكى خۇدا رىزالىقىغا ئېرىشمەككە سەۋەب بولىدۇ.

دىنايەت ساقلىغۇچىلار خالايىقنىڭ نەزەرىدە ھەمىشە ئەزىز مۆھتەرەمدۇر.

## كەمتەرلىك مەرتىۋىسى يۇقىرى بولماقنىڭ سەۋەبىدۇر

تەۋازۇنىڭ مەنىسى — ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش (يەنى كەمتەر بولۇش) دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ مەرتىۋىسى يۇقىرى بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ توغرىدا ھەدىستىمۇ «مەن تەۋازۇئە رەفىئۇللاھى» دېيىلگەن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى خۇدا رىزاسى ئۇچۇن ئۆزىنى تۆۋەن (كەمتەر) تۇتسا، خۇدايى تائالا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ» دەپ ئېيتقان.

— نەزەر ئىبنى ئەھمەد سامان (سامانىيلار) پادىشاھى

ئىدى، ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى.

— ئەي يۈرەك پارەم ئوغلۇم، ئەگەر سەن مېنىڭ بىسيار مۇشەققەتلەر بىلەن ئەزىز ئۆمرۈمنى سەرىپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن مەملىكىتىم مەندە تۇرسۇن دېسەڭ، ئىلاج ۋە تەدبىرى شۇكى، خەزىنىگە ئىشەنچ قىلما، چۈنكى مال ـ دۇنياغا زاۋال يەتكۈسىدۇر؛ لەشكەرگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇلار خىزمىتىڭدە باقىي (ئەبەدىي) تۇرالماس؛ مەملىكەتنىڭ (پادىشاھلىقنىڭ) ئاۋاتلىقىغا مەغرۇر بولمىغىن، چۈنكى ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ؛ كەرەم قىلماققا مەشغۇل بولغىن، تەۋازۇ (كەمتەرلىك) نى [ئۆزۈڭدىن] كەم قىلما. كەرەم ۋە تەۋازۇ كۆڭۈللەر قۇشىنى ئوۋلاشتىكى ئىككى دامدۇر. ھەركىم شۇ ئىككى دامنىڭ بىرىگە ئېلىنسا، بوشىنىشقا ئىلاجى بولمايدۇ.

تەۋازۇ دېگىنىمىز: كىشى ئۆز قەدرىنى باشقا كىشىدىن كەم بىلىش، ئۆزىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىدىن كېچىپ باشقا، كىشىنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. مۇنداق كىشىنىڭ زاتى قەدىرلىك ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنداقلا تەۋازۇ قىلىشتىن نومۇس قىلمايدۇ. چۈنكى تەۋازۇ ئۇلۇغلۇقنى كەم قىلمايدۇ، بەلكى ئىززەت ۋە شۆھرىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

تەكەببۇرلۇق قىلىش — ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاش دېگەنلىكتۇر.

تەۋازۇلۇق (يەنى كەمتەر) كىشى ھەممە كىشىدىن ياخشىدۇر. ئۇ دۆلەتمەنلىككە مۇناسىپتۇر. ئۇلارغا شۇنداق ئۇلۇغلۇق بىرىلگەنلىكى: مېلى بىلەن ئېھسان قىلسا، جامالى بىلەن خۇشخۇيلۇق قىلسا، ئۇلۇغلۇقى بىلەن تەۋازۇنى ئادەت قىلسا، ھەق تائالا ئۇ كىشىنى يېقىنلىرى قاتارىغا ئالىدۇ.

ئىسمائىل سامانى خوراسان پادىشاھى ئىدى. ئۇ بىسيار

هۆرمەتلىك ۋە مۇكەررەم ئىدى. بىر كۈنى بىر ئالىم كەلدى. [ئۇ كىشىگە] ھەددى ـ ھېسابسىز ئىززەت ۋە ئىكراملار قىلدى. ۋاقتىكى ئۇ كىشى قايتماقچى بولدى. [پادىشاھ] ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. [پادىشاھ] شۇ كېچە چۈشىدە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. رەسۇلىللا پادىشاھقا:

«ئەي ئىسمائىل، مېنىڭ بىر ئالىم ئۈممىتىمگە تەۋازۇ قىلدىڭ. شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا: ئىلاھا، ئىسمائىلنى ئىككى جاھاندا ئەزىز تۇتقىن. ئالىمنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەرگىچە ئۇزىتىپ بارغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەسلىدىن يەتتە كىشىنى پادىشاھ قىلغىن. ئۇلار ئۈچۈن يەتتە دوزاخنى ھارام قىلغىن! — دەپ دۇئا قىلدىم. خۇدايىتائالا دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى» دەپ بېشارەت بەردى.

## پاراسەتلىك بولۇشنىڭ ھېكايىسى

پاراسەتنىڭ مەنىسى — ھەربىر ھاياتلىقنىڭ زاھىر سۈرىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ زەمىرى (ماھىيىتى) دىن خەۋەر تاپماق دېگەنلىكتۇر.

ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ شەرتى شۇكى، ھەربىر ھادىسە — ۋەقەلەرگە زىيرەكلىك كۆزى بىلەن نەزەر قىلغاي. تا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى روشەن زاھىر قىلىپ، شەرىئەت ھۆكمى ۋە ئادالەت تەرىقى بىلەن ھۆكۈم سۈرگەي. ئەگەر ھەقىقەتى مەخپىي بولسا[1] ئۇنى (مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى) پاراسەت بىلەن ئاچقاي! دانىشمەنلەر:

---

① بۇ سۆز قول يازمىدا «بولمىسا» دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «بولسا» دەپ ئېلىندى.

«ھۆكۈمەت زىنىنتى پاراسەت بېزەيدىكى بىلەن روشەن بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. نەقىل ئېلىپتۇرلاركى:

ئىككى مەزلۇم بىر بالىنى تالىشىپ ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ھەر ئىككىلىسى [بۇ بالىنى] مېنىڭ بالام دەيتتى. ئەمما ھېچقايسىسى ئىسپات قىلالمىدى. [ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام]:

— بۇ بالىنى شەمشەر بىلەن ئىككى پارە قىلىڭلار. ھەر بىرىگە بىر پارچىدىن ئۆلەشتۇرۇپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرىدى. ۋاقتىكى، [مۇلازىم] شەمشەرنى قولىغا ئالغاندا بىرى بىتاقەت بولۇپ.

— مەن ئۆز ھەسسەمدىن ئۆتتۇم، ئۆلتۈرمەڭ، [بالىنى] ئۇ مەزلۇمغا بېرىڭلار! — دېدى، يەنە بىرىدىن مېھرىبانلىق تەسىرى زاھىر بولمىدى.

ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پاراسەت بىلەن بىلدىكى، ئۇ مەزلۇمنىڭ شەپقىتى جۇش ئۇرۇپ بالىنى ئۆلتۈرمەككە رازى بولمىدى. دېمەك، بالىنىڭ ئانىسى شۇ ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇپ بەردى.

پاراسەتمۇ ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ يولىدۇر. بۇنى بىلمەكنىڭ تەڭرى تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ۋاجىپ قىلغان، ھەدىستە كەلتۈرۈپتۇرلاركى:

«مۆمىنلەرنىڭ پاراسىتىدىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئۇلار شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى خۇدايى تائالانىڭ نۇرى بىلەن قاراپ، بىر نەرسىنى تەكتىگىچە روشەن قىلىدۇ».

ھېچقانداق نەرسە پاراسەت ئەھلىگە مەخپىي ئەمەس، پاراسەت ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، پاراسەتى شەرئىي؛ يەنە بىرى، پاراسەتى ھۆكمى.

پاراسەتى شەرئى — كىمكى قەلبىنى پاك ۋە كۆڭلىنى ساپ

تۇتسا، ئۇنىڭدىن غەپلەت پەردىسى كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر كىمگە قارىسا، شۇ نۇرنىڭ (پاكلىق ۋە ساپلىقنىڭ) ۋاستىسى بىلەن ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىتىدىن ۋاقىپ بولالايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## ئۆتكۈنچى ئۆمۈرنىڭ بايانى

ئاقىل ۋە ھوشيارلارنىڭ ئاپتاپقا ئوخشاش پارلاق كۆڭۈللىرى ئايىنىسىدە زاھىر ۋە روشەندۇركى، [ئادەمزاتنىڭ] ئەزىز ئۆمرى چېقىن مەسەللىك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. تىرىكلىك سائەتلىرى دەريا مەۋجىدەك سەۋرسىزدۇر.

ئۆتۈپ كېتىدىغان ھەربىر پۇرسەت تەڭداشسىز گۆھەردۇركى، [ئىنسان] ئۇنىڭ باھاسىنى (قەدىر ـ قىممىتىنى) بىلىشى كېرەك. چىقىۋاتقان ھەربىر نەپەس (تىنىقى) نى غەنىيمەت بىلىپ، زايە قىلماسلىق كېرەك. تىرىكلىكتە ھامان بەزى ئىشلار ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇنى ياندۇرۇپ قولغا كەلتۈرمەك مۇمكىن ئەمەس. قىلىنماي قالغان بەزى ئىشلىرى غايىۋىيلىك پەردىسى ئىچىدە ئۆزىدىن نىشان بەرمەس. ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىنى زايە قىلماي، ئاخىرەت جابدۇقىنى قىلماق كېرەك. شۇندىلا يول ـ سەپىرىدە مەنزىلگە بىخەتەر يەتكۈسىدۇر! نەزمە:

غەنىيمەت بىل ھەياتىڭ فۇرسەتىنى،
ئۆتۈپ كەتمەسدە ئىلكىڭدىن بەناگاھ.
ئىشەنمەس دۇنيادا دەۋرانغە، ئاقىل،
جاھانغە تەكيە قىلماس ھېچ ئاگاھ.

بەس، مۇنداق بىبەقا (ۋاپاسىز) روزگاردا، بۇ قاتارلىق قارارسىز زاماندا دۆلەت ئىگىلىرى كەرەم ۋە ساخاۋەت

نىشانىلىرىنى جاھاندا مەشھۇر، ئەدل ـ مەرھەمەت ئاۋازىنى خالايىق تىلىدا مەزكۇر قىلىپ، ياخشى نامىنى ۋە ماختاشقا لايىق سۈپەتلىرىنى ئالەمدە يادىكار قويغاي! ياخشى نام ئادەم ئۈچۈن ئىككىنچى ئۆمۈردۇر.

ھېكايەت قىلىپتۇرلار:

بىر پادىشاھنىڭ مەرىكىسىدە [كىشىلەر] بىر بۇزرۇكنى كۆپتىن ـ كۆپ تەرىپلەشتى. پادىشاھ ئۇل بۇزرۇكنى كۆرمەككە ھەۋەس قىلىپ، بىر دانىشمەننى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇزرۇك كېلىپ سالام قىلىپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ:

— پادىشاھنىڭ كېيىنكى ئۆمرى مىڭ يىل باقى بولغاي! — دېدى.

— سىزنى، — دېدى پادىشاھ، — خالايىق بىسيار تەرىپ ۋە تەۋسىپلەر بىلەن تىلغا ئېلىشقانىدى. بىراق بۇ خىل بىھۇدە سۆزلىرىڭىزگە ھەيران قالدىم. ھەركىم بىلىدۇ. بۇ زاماندا كىشىنىڭ ئۆمرى مىڭ يىلغا يەتمەس! بۇزرۇك ئېيتتى.

— ياخشى ئات (نام) ئادەملەر ئۈچۈن يەنە بۆلەك (باشقا) ئۆمۈردۇر. مېنىڭ بۇ سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن غەرىزىم، پادىشاھنىڭ ياخشى نامى توغرىسىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر روزگار سەھىپىسىدە مىڭ يىل باقىي قالغاي، — دېگەنلىكتۇر.

## ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئۆتەش توغرىسىدا

«ئاتا ـ ئانىسى رازى بولغان ھەر قانداق كىشىدىن مەن ھەم رازى بولىمەن». «خۇدايى تائالادىن بۆلەك نەرسىگە تېۋىنمەڭلار؛ ئاللاغا بولغان قۇللۇقنى (ئىبادەتنى) بەجا كەلتۈرۈڭلار. ئاندىن ئاتا ۋە ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىڭلار!»



www.uyghurkitap.com

مۇقەررەردۇركى، ئاتا ـ ئانا رازىلىقى بۇ دۇنيادا دۆلەت ئاخىرەتتە نىجات تاپماقنىڭ سەۋەبىدۇر. كەلتۈرۈپتۇرلاركى:
مالىك دىنار بىر يىلى ھەجگە بېرىپ ھەج ئادا قىلدى. ھەممە ھاجىملارنىڭ ھەجى قوبۇل بولدى. ھەممە ھاجىلار ئەرافاتتىن ياندىلار. شۇ كېچە مالىك چۈش كۆردى. چۈشىدە ئىككى پەرىشتە ئاسماندىن چۈشۈپ:
«بۇ يىل (مۇھەممەد بەلخىدىن باشقا) ھەممە ھاجىلارنىڭ ھەجى قوبۇل بولدى، ئەمما مۇھەممەد بەلخىنىڭ ھەجى قوبۇل بولمىدى. بىھۇدە سەپەر مۇشەققىتىنى تارتتى» دېدى. مالىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قوپۇپ بەلخ كارۋانلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان غايەت زىبا روي، ئۇچىسىغا پالاس يۆگىۋالغان بىر ئوغۇلنى كۆردى. ئۇ مالىكنى كۆرۈپ سالام قىلدى ۋە:
— ئەي مالىك، چۈشۈڭدە ھەجى قوبۇل بولمىدى دېگەن كىشى مەندۇرمەن. بۇ بەند، غۇل (زەنجىر ھالقا)، قارا پالاس مەھرۇملۇقۇمنىڭ نىشانىسىدۇر، — دېدى، مالىك ھەيران بولۇپ:
— ئەي ئوغۇل، نېمە ئۈچۈن ھەجنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قاپسەن؟ سەۋەبىنى بىلەلىدىڭمۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇ:
— ئاتا ـ ئانام مەندىن رازى ئەمەس ئىدى. مەھرۇملۇقۇم شۇنىڭدىن بولدى، — دېدى. مالىك:
— ماڭا بىر كىشى قوشقىن. مېنى ئاتاڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بارسۇن. مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى تىلىسەم ساڭا رازىلىق بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېگەنىدى، كىشى قوشۇپ بەردى. كېلىپ كۆردىكى، [مۇھەممەد بەلخىنىڭ دادىسى] بىر پادىشاھانە بىسات ئۈستىدە خۇش سۆھبەت ئولتۇرۇپتۇ. بىسات ئالدىدا خەلق سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ. مالىك ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى ۋە:
— ئەي بۇزرۇك، سىزنىڭ ئوغلىڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— ئارى، بىر پەرزەنتىم بار. مەن ئۇنىڭدىن ئازارلانغانىدىم.

— ئەي پىر، — دېدى مالىك، — بۇ شۇنداق ۋاقىتتۇركى، ئازارلىنىپ كۆڭلىڭىزگە ئاداۋەت چۈشكەن بولسا، ئۇنى خاتىرىڭىزدىن چىقارغايسىز ۋە ئوغلىڭىزنى ئەپۇ قىلغايسىز؛ ئاداۋەت تۇتۇش سىزگە راۋا ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆز پەرزەنتىڭىزنى خۇدايى تائالانىڭ ئازابىغا مۇپتىلا قىلىپ قويىسىز. مەن مالىك دىناردۇرمەن. كېچە ئوغلىڭىزنىڭ مەھرۇملۇقىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ قېشىڭىزغا كەلدىم، خۇدانى شەپى كەلتۈرەيكى، ئوغلىڭىزنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي شەيخ، سەن مەرد بۇزرۇك ئىكەنسەن، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئۇلۇغ زاتنى شەپى كەلتۈردۈڭ. قوبۇل قىلدىم. گۇناھىنى ئەپۇ قىلدىم. كۆڭلۈمنى ئۇنىڭدىن رازى قىلدىم، — دېدى. مالىك شۇ زامان قايتىپ ئۇل ئوغۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆردىكى. ئوغۇلنىڭ بويىندىكى زەنجىر يوق. پاكىزە، رەڭگارەڭ سەرپاي كىيىپتۇ. ئۇ مالىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي مالىك، مەن بىلەن ئاتامنىڭ ئارىسىدا سۈلھى قىلىپ، مېنىڭ ھەجىمنى قوبۇل قىلدۇردۇڭ، ساڭا ھەم خۇدايى تائالا رەھمەت قىلغاي! — دەپ مۇناجات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، مالىك ھەم ھەج ساۋابىنى تاپتى.

ئەمما ئانىنىڭ دۇئاسى ۋە رازىلىقى ئاتىنىڭكىدىنمۇ زىيادىرەكتۇر. يېقىن - يورۇق، قاياشلىرىنىڭ ھەققىمۇ ھەم دىنىي ئىسلام ۋاجىپلىرىدىندۇر. شۇنداقلا سىلە رەھىم قىلماق، باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقمۇ رىزقىنىڭ كەڭ بولماقلىقىغا سەۋەبتۇر. ھەدىستە ھەقتائاللانىڭ: «كىمكى كىشىگە رەھىم قىلسا، مەن ئۇنى رەھمىتىمگە ئېرىشتۈرىمەن» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

## ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقنىڭ بايانى

ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق — ئەبەدىيلىك سائادەت ۋە مەڭگۈ پاكلىقنىڭ رەھنەماسىدۇر.

پارس پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى شۇكى، سۆھبەتلىرى ھەرگىزمۇ پازىللاردىن خالىي بولمايتتى. شۇنداق بولغاچ، سەلتەنەت ۋە ئادالەت بىناسى راستچىللىق ـ ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، مەملىكەتنى تۆت مىڭ يىل دەۋر سۈردى.

سۇلتان سەنجەرى مازى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) ئىلىم ئەھلىنى تەختىدىن زادىلا يىراق قىلمايتتى. ھەممە ئىشلىرىنىڭ بىناسىنى ئالىملار ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سۆزى بىلەن قىلاتتى. «خىلافەتنامە» دە:

«ئۆزى شەۋكەتلىك، ھۆكمى ھېكمەتكە مۇۋاپىق بولغان، تەدبىر ـ پاراسەت يوسۇنىنى ۋە جاھان ئىگىلەش قائىدىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالىغان كىشىنى پادىشاھ دېيىسە بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا مۇشۇ تەدبىر بويىچە ئۆلار (يەنى ئۇلۇغلار) نى ئۆلىما ۋە پازىللار ـ ھۆكۈمالارنى سۆھبىتىگە مايىل قىلماق كېرەك. جاھىل، غاپىل ۋە يامان تەبىئەتلىكلەردىن ھوشيار بولماق، [ئۇنداقلارنىڭ سۆھبىتىدىن] پەرھىز قىلماق ۋاجىپتۇر.

ئومۇمەن، سۆھبەتنىڭ تەسىرى تولىمۇ چوڭقۇر، ياخشى سۆھبەت، ئەتتار (خۇشبۇي نەرسىلەرنى ساتقۇچى) مەسەللىكتۇر. گەرچە ئالمىسىمۇ قېشىدا ئولتۇرسا، خۇشبۇي ھىدىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. يامان سۆھبەت تومۇرچى مەسەللىكتۇر. گەرچە ئوتىدا كۆيمىسىمۇ، تۈتۈن تومانلىرىدىن پەرىشان بولىدۇ.

بۇزرۇكلار: «خەلق ئەقىلگە موھتاجدۇر، ئەقىل بولسا تەجرىبىگە موھتاجدۇر. چۈنكى تەجرىبە ئەقىلنىڭ ئەينىكىدۇر. ھەر ئىشنىڭ كامال ـ تەدبىرىنى تەجرىبە ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ» دېگەن.

دېمەك باشقىلاردىن نەسىھەت ئالغان كىشى سائادەتمەندۇر. يامانلارنى يوق قىلمىغىچە ئەلدە ئامانلىق بولمايدۇ. يامانلىق ۋە يامان ئادەت يامان ئادەم (ئوغرى قاراقچى، ئىككى يۈزلىمچى، پىتنە ـ پاساتچى، ھەسەتخور، تۆھمەتخور زىناخور، پاسىقلىق، هاراقكەش، تەبرىقچى) يوقىتىلمىسا ياكى تەقىپ قىلىنمىسا، ئۇ ئەلدە، ئۇنداق ئائىلىدە ئامانلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاۋاتلىق بولمايدۇ.

## ئاپەتنىڭ بىرى سۇخەنچىلىكتۇر

ھېكايەتتە كەلتۈرۈپتۇرلاركى:

كاتتا بىر سودىگەر بىر قۇل سېتىۋالدى. ساتقۇچى:

— ئەمما، بۇ قۇلنىڭ بىر ئەيىپى بار. ئۇ بولسىمۇ سۇخەنچىلىكتۇر، — دېدى. سودىگەر:

— قۇل سۇخەنچى بولغان بىلەن نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى.

— نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قۇل سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا:

— ئەي ئاغىچام، خوجايىنىڭ سىزنى قويۇپ بىرىنى بىر خوتۇن ئېلىش مەقسىتى بار ئىكەن، — دېدى، ئاغىچا بەكمۇ پەرىشان ھالدا بولدى. يەنە:

— مەن تىلسىم بىلىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز خوجايىنىنى سىزگە مۇھەببەتلىك قىلاي، — دېگەنىدى. ئاغىچا خۇشال بولۇپ كۆپتىن ـ كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى. بۇ: خوجام كۈندۈزى ئۇخلىغاندا ئۇستۇرا بىلەن ساقىلىنىڭ

ئۇچىدىن بىر ئاز كېيىن ماڭا بىرنىڭ ئۇنىڭغا ئەپسۇن دۇئاسى ئوقۇپ بېرەي. ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىڭ، — دېدى.
— ئەي غوجام، سىزنىڭ مەندە تۇز ھەققىڭىز بار — دېدى، ئاندىن ئۇ ئەر خوجايىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، — مەن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم. ئېيتمىسام كۆيۈنمىگەنلىك بولىدۇ. خوتۇنىڭىز بىر كىشىگە كۆڭۈل بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن سىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىپتۇ. ئەگەر مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە پۈتمىسىڭىز ئۆيگە بېرىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىڭ، نېمىلەرنى كۆرىسىزكىن؟ — دېدى.
خوجايىن ئۆيگە كىرىپ ئاش - تائام يەپ، تەكيىگە باش قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى. خوتۇنى ئەمدى ئۇخلىغاندۇر، دەپ، ئۇستۇرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ (خوجايىنىنىڭ) ساقلىنى كەسكىلى قەست قىلدى. خوجايىن كۆزىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپ قوپۇپ خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇستۇرىنى تارتىۋېلىپ [خوتۇنىنىڭ] بېشىنى كەستى. خوتۇنىنىڭ جامائەسى كېلىپ، پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، خوجايىننى ئېلىپ بېرىپ قازاسىغا (ئايالىنىڭ خۇن ھەققى ئۇچۇن) خوجايىننى ئۆلتۈردى. ئۇل غۇلامنىڭ شۇملۇقىدىن ئەر - خوتۇن ئۆلۈپ، ئەسلى - ۋەسلى ۋەيران بولدى.
جامائەتنىڭ يەنە بىر قىسمى غەيۋەتچىدۇر. بۇنداق ئادەملەر بىرسى يېنىدىن غايىب بولغان ھامان غەيۋەتكە مەشغۇل بولىدۇ. كەلتۈرۈپتۇلاركى:
«غەيۋەت زىنادىن قاتتىقراق گۇناھتۇر»
ئايەتتە ئاللا تائالانىڭ: «بىر - بىرىڭىزلارنىڭ ئۇستىدىن غەيۋەت قىلماڭلار؛ ئۆزئارا قىلىشقان غەيۋەت بىر - بىرىڭىزلارنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن باراۋەردۇر.» دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىدۇ.
بەس، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، غەيۋەت قىلغۇچىلار ھارام

ئەرسىنى يىگۈچىلەردۇر. ئادەمىيلىك نىسبىتى بار ھەرقانداق كىشى ھارام ئەرسىدىن پەرھىز قىلغاي!

ئاپەتنىڭ يەنە بىرى يىلتىزى ھەسەتخورلۇقلارنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر. ھەسەتنىڭ زەھىرى ھېچ ئەرسە بىلەن ئىلاج تاپمايدۇ. ھەسەت بالاسى زور پاساتلارنى زاھىر قىلىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇرغۇن رەزىللىكلەرنى سىڭدۈرىدۇ. ھەسەتخورلۇق خىيالى خالايىقتا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇ سەۋەبلىك تەڭرى تائالا «ھەسەتخورلارنىڭ ھەسىتىنىڭ تەسىرىدىن ساقلانماقچى بولساڭ، خۇدايىتائالادىن پاناھ تىلىگىن!» دەپ بۇيرۇيدۇ.

دەرۋەقە، ھەسەت سۈپەتلەرنىڭ ناچارراقىنى، بارچە خىسلەتلەرنىڭ خارراقىدۇر.

ھەسەت ئىشى ھەممەتنىڭ سۈسلۈقىدىن، خاراكتېرنىڭ ناچارلىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ شەرمەندە — نومۇسسىزلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىلمەك كېرەككى، ھەسەتخور كىشى باشقىلارنىڭ راھىتىگە [ھەسەت قىلىپ] مۇشەققەتتە يۈرۈيدۇ؛ ھەر سائەتتە مىڭ غەم ـ غۇسسىنىڭ زەھەرلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ؛ باشقىلار ئىشرەت داستىخانىنى يەرگە يايسا، ھەسەتخور كىشى ھەسەت قولىنى بېشىغا ئۇرىدۇ.

ھەسەتخور كىشى ھەسەتنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئۇلار (ھەسەتخورلار) ئۈچۈن مۇناسىپتۇر.

ھېكايەت قىلىپتۇرلار:

ئىسكەندەر زامانىدا بىر جانىۋار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق ئەرسە ھالاك بولاتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپ ھەيران بولدى. ھېچبىر تەدبىر بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدى. ئاخىر ئەرەستۇ ئۇنىڭغا چارە ـ تەدبىر قىلدى:

ئۇ بۇيرۇتۇپ چوڭ بىر ئەينەك ياساتتى؛ ئارقىسىغا بىر كىشىنى مەخپىي ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ ئەينەكنى هارۋىغا سالدى. ئارقىسىدا بىر كىشى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇ جانىۋار تۇرغان تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئۇ جانىۋار ئادەمنىڭ هىدىنى ئېلىپ، ئەينەككە قاراپ ماڭغاندى، ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ يىقىلدى. جان تەسلىم قىلىپ شۇ زامان ئۆلدى.

ئىسكەندەر بۇ ئىشقا تەئەججۇپكە قىلىپ ئەرەستۇدىن سورىغاندى. ئەرەستۇ:

— بۇ جانىۋار نەچچە يىل يەر ئاستىدا ياتقان ئوخشايدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ بەدبۇي نىجاسەتتىن تۆرەلگەندۇر. هالا يەر يۈزىگە چىققاندا، ئۇنىڭ كۆزىدە هەسەت زەهىرى بار ئىكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن هەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبتۇر. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەينەكنى توغرا قىلغاندا، ئۇنىڭ كۆزى ئۆز ئەكسىگە (ئەينەكتىكى سۈرىتىگە) چۈشتى ـ دە، شۇ ۋاستە بىلەن [كۆزىدىكى هەسەت زەهىرى] ئۆزىگە تەسىر قىلىپ هالاك بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىسكەندەر ئەرەستۇنىڭ بۇ تەدبىرىگە ئاپىرىنلا قىلدى.

مەۋلانا هۇسەيىن ۋائىز كاشفىنىڭ «ئەخلا قۇل ـ مۇهسىنىن» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى. نەشرگە تاييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەهەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىنسانشۇناسلىق كۆزنىكىدە

ئەي بۇرادەر، مەن شەرىئەت ئىلمىدىن كىتاب قىلىپ بىلمىگەنلەر ئۈچۈن مۇنۇ خىتابلارنى قىلدىم. ئەگەر سۆزۈمدە يېغىلىنىشىكە يول قويغان تەرەپلىرىم بولغان بولسا رەھىمدىللىق بىلەن ئەپۇ قىل. بۇ پەند - نەسىھەتلىرىنى كۆڭلۈڭدە مەھكەم تۇت.

زامان ئەھلىنىڭ خۇي - پەيلى بىر - بىرىگە دەر - ئەلەم قىلىشتۇر، ھەم جەبىر - جاپا، زۇلۇم قىلىشۇر. ئاسىيلار بۆرى بولدى، مۆمىنلەر قوي، بىرى - بىرلىرىنىڭ قەستىدە زەھەرلىك تىغ بىلەن قان قەستىدۇر. ئوغۇل ئاتىغا رەقىب، قىز ئانىغا رەقىب بولدى. ۋاھەدىرىخا، ھەممىسىنىڭ قىلىۋاتقىنى گۇناھلىق ئىشلار. ھېچكىم كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدۇ، بېيىمۇ، گادىيىمۇ، شاھمۇ، شەيخىمۇ، سوفى ھەم موللىمۇ، قازىمۇ، مۇفتىسى ھەم مۇھتەسسىپىمۇ ھەرگىز ھالاللىقنى ئىزدىمەس. ھەممىسى مەنمەنلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىشىدۇ. تەپەككۇر قىلىپ ئۆز ئەسلى توغرىسىدا ئويلاشمايدۇ. غەيۋەت - شىكايەتتىن يىراق بىرەر ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ھەممىسى بىر - بىرىگە ئاداۋەت ساقلىشىدۇ. ھېچكىمدە پاكلىق قالمىدى، ناپاكلىق بىلەن ئۆزىنى بۇلغاشتى ھەمدە شەرم - ھايا كۆتۈرۈلدى، ھېچكىم بىر - بىرىدىن رازى ئەمەس. ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر - بىرىگە جەبىر - جاپا قىلىش ئالدى. ھەي ئوغۇل، سەۋدايىدەك ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈڭ، مەن ھەقىقەت دەپ غوۋغا قىلدىڭ.

غاپىللىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى، مەن قانداقمۇ كۆڭلۈمنى شادلاندۇراي، قايسى بىر دەردلەرگە پەريادلار قىلاي. مەن ساڭا ئازراق پەندى ـ نەسىھەتلەر قىلاي، بۇنىڭغا كۆڭلۈڭدىن ئازراق ئورۇن بەرگىن.

## ئىنسان كۆڭلىنىڭ تەرىپى

ئەي ئادەمشۇناس، ئىنسان تەرىپىدىن خەۋەردار بول، ئۇلارنى مۇنۇ تەرىزدە قىياس قىلغىن. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى تۈگىمەس خەزىنىدەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى رەنج ئۆڭكۈرى؛ بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئۇچار قۇشتەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئۆمۈلۈگۈچى قۇرۇتتەك. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى تۇلپاردەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى كالىدەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى ياسىداقساراي بىل، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېغىل تەسەۋۋۇر قىل. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى گۈلشەندەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى گۈلخاندەك. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ۋەيرانە، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بولسا پەرۋانە. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى خۇشخۇيلۇق، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بەدبۇيلۇق. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى نۇر ئۈستىگە نۇر، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى قارا ئۈستىگە قارا. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئاققان سۇدەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى توختام سۇدەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى كۈندۈزدەك شادلىق، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى تۈندەك دەردلىك. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ساھىپجامال، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى قامال ئۈستىگە قامال؛ بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مەيخانىدەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر بۇتخانىدەك؛ بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر خۇددى بازاردەك، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بولسا مازادەك. مۇنداق ھېسابلارنىڭ بايانى يوق، ئەمدى تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلغىن.

## كىشىگە ئازار بەرمە

بىلگىنكى، ھەرقانداق ئادەم قەستەنلىك بىلەن بىرەۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىكەن، تەڭرى ئۇنداق ئادەمدىن بىزار بولىدۇ. كىم پەقىر، مىسكىنلەرگە كۈلپەت سالىدىكەن تەڭرى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. كىم بىگۇناھ يېتىملەرنى يىغلىتىدىكەن، يەر ۋە ئاسمان كورسىسىنى ئىرغىتقانلىقتۇر. شۇڭا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن، بۇ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ئۇرغانلىقىڭدۇر. كىم ئۆمرىدىن بىزار بولسا، خەلق ئارىسىدا دىل ئازارلىقنى ئۆزىگە زاۋا كۆرىدۇ. كىشىلەرگە ئازار بەرگەنلەردە ئىمان بولمايدۇ. مۇنداق مەرەز كېسەلگە داۋامۇ بولمايدۇ. يامانلىق قىلىش قەستىدە بولغانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ. ياخشىلىق قىلغىنىڭنى ھەرگىز يامانلىق كۆزلىمە، يامانلىق قىلىش ئۆزۈڭگە ــ ئۆزۈڭ كۆپ زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئوغلۇم، تەڭرىنىڭ دىدارىنى كۆرەي دېسەڭ ھەرقانداق جاننى ئاغرىتما.

## ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى

ئەي دوستۇم، ئامانلىقنى ئىستەڭ، جاھان خەلقىگە كۆپ ياخشىلىق قىل. كىمنىڭ كەڭ قورساقلىق ئادىتى بولسا خەلقئالەم ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ. ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاش كېرەك، كىمكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمىسە ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆزىنى كۆز دېگىلى بولمايدۇ. كىم گەدەنكەشلىك قىلسا ئۇ تالان ــ تاراج قىلىنىدۇ، ھەتتا شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ بەزى ئىشلاردىن ئادەم دەرد ــ ئەلەم تارتىدۇ، مەن ساڭا ئۇنىڭدىن نىشان بېرەي، ئادەمنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولسا تۇساقمۇ كۆپ بولىدۇ، مال ــ دۇنياسى كۆپ بولسا ئىسيانىمۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ بولىدۇ. كىمدە ھەسەت بولسا، ئۇنىڭدا قانائەت بولمايدۇ، كىمدە تەمە بولسا ھالاۋەت بولمايدۇ. نەچچە ئىشلار ساڭا جاپا سالىدۇ، نەچچە ئىشلار ساڭا ۋاپا قىلىدۇ. بىۋاپالاردىن ھەرگىز ۋاپا كۈتمىگىن، دىللىرى دەردلىك كىشىلەرنى جاپا قىلىدۇ دېمىگىن. ئادەمدە ھايا بولمىسا ئۇنىڭ يۈزىنى تېرىسىز يۈز بىلەك كېرەك. بىھايالاردىن ۋاپا كۈتۈش، خۇددى ئاغزىڭدا ئوتنى تۇتقانغا ئوخشاش. بالىلارغا ساراڭلارغا سەن تاش ئاتما، بىۋاپالارغا سىرىڭنى پاش ئەتمە. ئاۋۋال خەلقىنىڭ قەرزىنى ئادا قىل، ئاندىن ھەقنىڭ قەرزىنى ئادا قىلالايسەن. ئاچچىقىڭنى بېسىۋالغىن؛ ئاچچىقنى يۇتالىغان ئادەم ئامان بولىدۇ. ئادەم يارانتقۇچىدىن يۈز ئۆرىسە، ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ كەينىدىن يۈرىدۇ. خەلقىگە ئاسىيلىق قىلغان ئادەم كۆڭلى قارا مەلئۇن ئادەمدۇر. كىمكى خەلققە گەدەنكەشلىك قىلىدىكەن، راھەت ۋە ئىززەت ئىشىكىنى تاقىغانلىقتۇر، لەنەت تامغىسىنى يۈزىگە باسقانلىقتۇر. كىم ئىشرەت ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىدىكەن، قايسى ئىشىكتىن كىرىشنى خالىسا كىرەلەيدۇ. گەدەنكەشلىك بۇتپەرەسلىكتىن يامان، تەكەببۇر ئادەمگە ھەر ئىككى دۇنيادا ئامانلىق يوق. تۆت نەرسە باركى بارىدۇ يانمايدۇ. بىرى سۇ، يەنە بىرى سۆز، ئۈچىنچىسى ئوق، تۆتىنچىسى ئۆمۈر. ئامالسىز ئىلىم ئىزدىگەنلەر خار بولىدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ ھەر نەپىسىنى غەنىيمەت بىلگىن، روھىڭ بىر قۇشتۇركى، تېنىڭ ئۇنىڭ قەپىزى. ئىلىملىك بولۇپ نەيزەڭ بىلەن جەڭ قىلساڭ، ئاندىن بۇ ئىشتا نۇسرەت قازىنالايسەن.

## مۇناپىق

ھەق يولىدىكى ئىشلارمۇ بار. مۇناپىقلىق يولىدىكى ئىشلارمۇ بار. ئابىد بولغىنىكى، ھەرگىز فاسىق بولمىغايسەن.

مۇناپىقلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، كۆڭلىنى ئاغرىتىپ خاراب قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا كاساپەتلەرنى قىلىدۇ، ئامانەتكە ھەم خىيانەت قىلىدۇ. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. كۆڭلىدە سىدۇ ـ ساپا بولمايدۇ. بىلگىنكى كىم مۇناپىق بولسا ئۇ نىجىستۇر، مۇناپىقتىن تەڭرىمۇ بىزاردۇر. مۇناپىقلار تەڭرىنىڭ دۈشمىنى، سادىقلار تەڭرىنىڭ دوستىدۇر. كىم مۇناپىقلار بىلەن بىر سەپتە بولىدىكەن، ئۇلارنى ئازغۇنلار دەپ بىلگىن.

## نادان بىلەن سۆھبەت قۇرما

ئەي ئوغۇل، نادانلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلما، ئۇ سېنى ئاقىۋەت خار ـ زار قىلغۇسىدۇر. كىم نادان بىلەن سۆھبەت قىلىدىكەن، ئۇ ئادەم ئۆز جېنىغا كۈلپەت قىلغۇسىدۇر. ناداندىن قاچقان ياخشى، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن زىندان ياخشى. ئۆزۈڭنىڭ تەدبىرىڭنى بىلسەڭ خار بولمايسەن. ياخشىلار بىلەن سۆھبەتتە بولساڭ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىسەن، ياخشىلار فاسىقلاردىن يىراق بولغۇلۇق، ئەقىللىقلار مۇناپىقلاردىن يىراق تۇرغۇلۇق. فاسىق ئادەم جاھان ئەھلىنىڭ سۆھبىتى فاسىق قىلىدۇ، ئەقىل ئەھلىنىڭ سۆھبىتى سادىق قىلىدۇ. يامانلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغاندىن، يىلاننىڭ سۆھبىتىدە بولغان ياخشى. غاپىللار بىلەن بولغان سۆھبەت نادان قىلىدۇ، جاھىللار بىلەن قىلغان سۆھبەت شەيتان قىلىدۇ.

## ئاز يېيىشنى ئادەت قىل

ئەي ئوغۇل، نەفسىڭنى كۆپ يېمەككە ئەسىر قىلىپ ئۇۋۋال قىلما، نەفسىڭگە قويۇپ بەرسەڭ سېنى يامان كويلارغا

سالىدۇ. ئادەم كۆپ يېگەن بىلەن ئادەم بولمايدۇ، كۆپ يېگەن بىلەن ئىشىگىمۇ روناق تاپمايدۇ ھەم كامال تاپالمايسەن، مۇرادىڭ ھاسىل بولمايدۇ. ئاز يېسە كۆڭلىدە ئىلىم - مەرىپەت بولىدۇ، كۆپ يېگەن ئادەمنىڭ جىسمى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئاز يېگەننىڭ كۆڭلى روشەن بولىدۇ، كۆپ يېگەننىڭ كۆڭلى قارا بولىدۇ. كۆپ يېگەن كۆپ ئاغرىق تارتىدۇ، نورمال يېسەڭ ساغلام بولىسەن.

## ئىمانىڭ كامىل بولسۇن

ئىمانىڭ بولسا مۇنۇ تۆت ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا: ئالدى بىلەن كۆزۈڭنى ھەسەتتىن ساقلا، ئاندىن ئۆزۈڭنى مۆمىن چاغلا. يەنە بىرى يالغانچىلىق ۋە غەيۋەتخورلۇقتىن يىراق بولغىن، شۇنداق قىلساڭ بېشىڭغا تەڭرى رەھمىتى ياغىدۇ. ئىككى ئالەمدە لەنەتكە قالماي دېسەڭ قورسىقىڭنى ھارامدىن ساقلا. ئەگەر ئىچىڭ پاك بولمىسا روھىڭ پەلەكتە بولمايدۇ. ئاياللار بىلەن سۆھبەت قۇرماققا ھەۋەس قىلساڭ، قەدىرسىزلىك يولىنى تۇتقان بولىسەن، ئۆزىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ. ئۆزىنى پاك تۇتقان كىشىنى ئىدرىس دېسەڭ، ئۆزىنى فاسىق قىلغان كىشى ئىبلىستۇر. كىمنىڭ ۋىجدانى بولسا سادىق بولىدۇ. كىم نادان بولسا ئاسىي بولىدۇ.

## غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يوق قىل

بۇرادەر، غەزەپلىك ئادەم بىر دىۋىدۇركى، ئۇ سىينى نەمرۇتنىڭ يولىنى تۇتقۇزىدۇ. غەزەپلىك ئادەمدە ئىمان مۇقىم تۇرمايدۇ، نۇرغۇن ئوقۇبەتلەر غەزەپتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى ئاڭلىغىنكى ئادەمنى كوزا دېسەڭ غەزەپ بىر تاش. يۇكى ئېغىر

بولسا كىشىنى تىندۇرىدۇ، كوزىدا تاش بولسا بىر كۈن ئەمەس بىر كۈن سۇندۇرىدۇ. غەزەپنى تۇتۇندەك ئىتتىك قىلما، كوزا سۇنغاندىن كېيىن ھەرگىز پۈتۈن بولمايدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر شىشە، ئۇ شىشىگە غەزەپ تېشى تەگسە سۇنماي قالمايدۇ. غەزەپتىن ئۇرغۇن دىللارغا ئازار بېرىسەن، ھەقىقى مۆمىندە غەزەپ بولمايدۇ، شەيتاننىڭ بەندىسىدە ھەرگىز كۆز بولمايدۇ. بۇرادەر، ھەرقاچان غەزەپتىن ھەزەر قىلغىن، بولسا ھەرقاچان كۆركەملىككە نەزەر سالغىن. غەزەپنى بەرباد قىلىپ، كۈلمەكنى يار قىلغىن. غەزەپلىك ھالەتتە ئىماننىڭ چىقىپ كېتىدۇ. ئاخىرى تەرسالاردەك جېنىڭ چىقىدۇ. غەزىپىڭنى بېسىۋېلىپ سەۋرلىك بولغىن، سەۋرلىك ئادەم ھالاۋەتتە تۇرىدۇ، شۈكرلىك ئادەم قانائەتلىك بولىدۇ.

## بىرقانچە پايدىلىق نەسىھەتلەر

بىرى، ھەرگىز يالغۇز سەپەر قىلمىغىن، خېيىمخەتەردىن ئامان بولغايسەن. ئىككىنچى، شان ــ شەۋكەتكە ھەرگىز ئەسىر بولما، شان ــ شەۋكەتكە ھېرىس قىلغان ئادەم ئاخىرى ئېشەك بولىدۇ. كىم ئۆز ئىختىيارىنى شان ــ شەۋكەتكە بېرىدىكەن ھەر ئىككى دۇنيادا خار ــ زار بولىدۇ. ئۈچىنچى، چاقىقىغان ئادەمگە سۇ، ئاچقا نان بەرگىن، ھەرگىز ئۆز جۈپتىڭدىن بىگانە بولما، خەلقئىئالەم ئارىسىدا رەسۋا بولما. ھەمراھىڭغا ھەرگىز ئازار بەرمە. ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، بۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى ياپماقچى بولما. ياخشى ئىشلارغا سۇسلۇق قىلما، يامان ئىشلارغا يەڭگىللىك قىلما، ھەر قاچان تاھارەت بىلەن تۇرغىن، تاھارەت ئىچىدە تۇرغىنىڭ ياسىداق ئىمارەتتە تۇرغانلىقىڭدۇر. ھەرگىز سىرىڭنى دۇنيا پەرەسلەرگە ئاشكارە قىلما، ئۇ ئاخىر سىرىنى دارغا سۆرەپ



uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com

بارىدۇ. كىم سىرىنى ئەخمەق دوستىغا دېسە، ئاقىۋەت ئۇنىڭ پوستىغا سامان تىقىدۇ. دۇنيا پەرەسلەر بىلەن ئۇلپەتلەشمە قىلما، ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرما. خەيرى ساخاۋەتنى فاسىققا قىلماق، راۋا ئەمەس، سۇلۇق ئېشىشقا سۇ داۋا ئەمەس. زەھەر بىر زەررە بولسا ئۆلتۈرىدۇ، بىر زەررە ئوت ھەم كۆيدۈرىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتمىغىن، بولمىسا ئىبلىس تېنىڭنى خاراب قىلىدۇ.

ھەر كۈنى يۈزلەپ بالا شۇ ئاداۋەتتىن كېلىدۇ، يۈز قازا ھەر كۈنى كاساپەتتىن تۇغىدۇ. كىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمىساڭ، سېنىڭمۇ ھاجىتىڭنى راۋا قىلمايدۇ. خەلقئالەم ئىچىدە بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئاتىلىپ قالما. بۇنداق بىرقانچە ئىشنى ئادەت قىلغىنىڭكى خەير - ئېھسان قىلساڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن قىل، ھەرگىز بىراۋنىڭ قولى بىلەن قىلما. ئادەم خەيرنى ئۆز قولى بىلەن قىلىدىكەن، جەننەتكە ئۆز يولى بىلەن بارىدۇ. خەير قىلساڭ مۇناسىپ ئادەمگە قىل، بىر دەرھەم مىڭ بىر بالانى قايتۇرىدۇ. خەير قىلىپ بولۇپ ھەرگىز مىننەت قىلما، مىننەت قىلغان خەيرىڭنى بەرباد قىلىدۇ. ھەركىم ئەمەلنى خالىس قىلمىسا رىيا بولىدۇ، ئۆز رىزقىغا ئۆزى زىيان سالىدۇ. تائەتىڭدە خالىسلىق بولمىسا گويا مېغىزى يوق مېۋىگە ئوخشاشتۇر. شائىر ئەگەر مەخلۇقنى تەرىپلەپ مەدھىيىلىسە، ئۇ دوزاختىن ھەرگىز نىجاتلىق تاپالمايدۇ. ئادەم بولغان بىلەنلا مەقبۇل بولمايدۇ، سۆز بولغان بىلەنلا قوبۇل بولمايدۇ. تېۋىپ بولغان بىلەنلا لوقمان بولالمايدۇ، كۆزىدە ياش بولغان بىلەنلا ئەفغان بولالمايدۇ. بىر يەردە ئۇزاق ئولتۇرما، بولمىسا كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىۋالىسەن. بەزىدە سەپەر قىلغىن، سەپەردە خۇشاللىق تاپىسەن. سەپەردە كۆڭلۈڭ روشەنلىشىدۇ، بىر يەردە مۇقىم تۇرىۋالساڭ بالاغا يولۇقىسەن. خۇددى ئاققان سۇ خۇشبۇي پاك بولغاندەك، سەپەر قىلغان ئادەم پاكلىنىدۇ.

توختام سۇ لەززەتسىز بولىدۇ، كىمكى بىر يەردە كۆپ تۇرىۋالسا بىئىززەت بولىدۇ. ئۆي دېگەن مېھنەت ئوچىقىدۇر، سەپەر دېگەن راھەت بېغىدۇر.

## ئىلىمنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق بىلگەيسەن

ئادەمدە ئىلىم كۆپ بولسا، ئۇ كۆڭۈلنىڭ بېغىدۇر. ئادەمدە ھېرىس كۆپ بولسا كۆڭۈلنىڭ دېغىدۇر. نەچچە ئىشلار بار ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى ياخشى قىلىدۇ. ھەي ھەقىقەت ئىزدىگۈچى، ئاۋۋال ئىلىم ئىستىگىن، ئىلىمسىز تۇرۇپ ھەق تەلەپ قىلغان كىشى بىر دۆتتۇر. ئىلىم سۇلايماننىڭ تامغىسىدۇر. بارچە ئالەمنى سۈرەت دەپ قارىسا، ئىلىمنىڭ ئۆزى جاندۇر. ئادەمنىڭ روھى ئىلىمدىن قۇۋۋەت تاپىدۇ، ئىلىمسىزنىڭ روھى پالەچتۇر. ئىلىم يوق ئادەم جانسىز گەۋدىدۇر، ئەگەر تەن ئىچىدە جان بولمىسا تەن خاردۇر. ئىلىم ــ مەرىپەت ھەتتا جاندىنمۇ ئارتۇقتۇر، چۈنكى ئىلىم مەرىپەتسىز ئادەم سىرتى ئادەم، مەزمۇنى ئىشەكتۇر. ئىلىم ھايات بىناسىنىڭ ئۇلىدۇر، ئىلىم بولمىسا ھايات بىناسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر كېچە ــ كۈندۈز مەرىپەت ئىزدىسەڭ، ھەرقاچان مەرىپەت ئارىپلىرىدىن ئىزدىگىن. ئادەمدە ئىلىم ــ مەرىپەت بولمىسا، قانداق جايغا قەدەم قويسا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. نادانلارنىڭ قىلىقى مىراس بولۇپ قالمىسۇن، نادانلار ئەگەر قۇتبى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلما. مىتالنىڭ ھەممىسى ئالماس ئەمەس، ھەر كىشى بولغان بىلەن ھەقىقىي ئادەم ئەمەس. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەرىپەتسىز جىسمىنى جانسىز بەدەن دەپ بىلگىن، ھەرقانداق ئەيىبنى ئەيىب سانىغىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ئەيىب دىل ئەيىبىدۇر. جىسمى ئادەم گويا بىر تام، مەرىپەت دىلىدىكى گۈلزارغا ئوخشاش. ئەي

ئوغۇل، جىسمىڭنى ئاۋاد قىلغايسەن، مەرىپەت غەزىنىسىنى بەرباد قىلمىغايسەن. ھەي بۇرادەر، بايلىق ۋەيرانلىقتىن خالىي ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت خارلىق ئىچىدىدۇر. مەرىپەت كىشى ئۈچۈن چىن يار ـ دوست، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەم مۇردىدۇر. ئىلىمسىز ئادەم گويا ئىلاننىڭ زەھىرىگە يولۇققاندەك ئاقىۋەت خاراب بولىدۇ، كىمدە ئىلاننىڭ ۋەھىمىسى بولىدىكەن، ئاقىۋەت ئۇنىڭ خەۋىپىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بىلىمسىز ئادەمنىڭ شەيتاندىن نىمە پەرقى. ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئۆلمەسلىكنى خالىساڭ، مەرىپەت ئىلىمنى تەختىيار قىلغىن. ئەگەر تائەتلىك بولاي دىسەڭمۇ مەرىپەت ئىلىمىنى ئىختىيار قىلغىن. ئەگەر راھەتنى ئىختىيار قىلساڭمۇ، ئىززەتنى خالىساڭمۇ، قۇربەتنى خالىساڭمۇ، شاھلىقنى خالىساڭمۇ، پىرلىقنى ئارزۇ قىلساڭمۇ، ئادەم بولماقنى خالىساڭمۇ مەرىپەت ئىلىمىنى ئىختىيار قىلغىن. ئىلىم مەرىپەت دىگەن ئادەمگە ئاتا قىلىنغان ئاجايىپ كارامەت. بۇ ئادەمگە قىلىنغان ئىنايەت. كىمدە مەرىپەت بولسا ئىنسان مەرتىۋىسىگە يېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق مۈشكۈللىرى ئاسان بولىدۇ. كىمدە مەرىپەت بولسا ئالىي بولىدۇ، مەرىپەتسىز كىشى زالىم بولىدۇ. مەرىپەتنىڭ تەرىپىنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەرىپەت ئابىھايات، ئۇنى ئىچكەن ئادەم ئۆلمەكتىن نىجات تاپىدۇ. ھەي بۇرادەر، ئۇ سۇ سىنى زۇلۇمدىن نىرى قىلىدۇ، ئۇنى ئىسكەندەردەك ئىزدىگىن. بىراق ئۇنى تاپماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، لىكىن ئۇ سۇدىن ئىچمىگەن ئادەم ھەقىقىي ئادەم ئەمەس. ئىسكەندەر ئۆمۈر بويى ئۇ سۇنى ئىزدىدى، ئۇنى بىر رەھبەر يېتەكلەپ ماڭدى. قىلغان ئىشى گەرچە لوقماندەك بولسىمۇ ھېچكىم ئۆز ئالدىغا ئادەم بولىۋالالمايدۇ. مەرىپەتلىك ئادەم ئادەملەرنىڭ ياخشىراقى، مەرىپەتسىز ئادەم ئىتتىن بەتەرراق. ئاۋۋال مەرىپەتلىك بولغىن ئاندىن باشقا ئىلىملەرنى تەلەپ قىل، مەرىپەتسىز تۇرۇپ گەرچە

يۈز مىڭ كىتابنى يادقا بىلگىنىڭ بىلەن يەنىلا بىر چەكلىمە ئىچىدە تۇرىسەن. مەرىپەتلىكلەر بىلەن بىرگە بولساڭ مالائىكىلەر بىلەن بىرگە بولغاندەك بولىسەن، ئادەم بۇ هاياتلىق يولىدا سەنئەتسىز ئەمەس. كىمدە سەنئەت بولمىسا ئادەم ئەمەس، ئىلىم سەنئەتتىن خەۋەرسىز كىشى هەر ئىككى دۇنيادا ئېتىبارسىز كىشىدۇر. ئىلىم، سەنئەت بولسا راهەتكە ئېرىشىسەن، ئىلمى سەنئەت بولمىسا لەنەتلەرگە ئېرىشىسەن.
دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن كەسىپ ۋە هۇنەرلىك بول. كەسىپ قىلىش شەرىئەتكىمۇ مۇۋاپىق، روهىڭمۇ هەم كەسىپكە مايىلدۇر. بۇ ئالەمدە پەيدا قىلىنغان هەرقانداق نەرسىنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن تۇتما. بۇ ئالەمدە مەنىسىز هېچقانداق نەرسە يوق. هەرقانداق نەرسىگە ئۈچراشساڭ مەنىسىز دەپ قارىما.
دەرەخ بولسا ئۇ يېشىللىق بولىدۇ، قۇرىسا ئوتۇن بولۇر. مېۋىسىز دەرەخ پالتىغا لايىق، قۇرىسا ئوتتا ئوبدان كۆيىدۇ.
سۇنى كۆرگەندە ئۇنى هايات دېگىن، ئەگەر سۇ بولمىسا پۈتۈن جانلىقلار ماماتلىققا يۈزلىنىدۇ، باغۋەن باغدا قانداق نېمە ئۈندۈرگەن بولسا، سەن ئۇنى هەرگىز سەۋزە دەپ قارىما.
دۇنيادىكى هەممە نەرسە هېكمەت بىلەن يارىتىلغاندۇر، ئۇنىڭغا هەرگىز بەدگۇمان بولما. بۇ دۇنياغا يارىتىلغان هەممە نەرسە ئاقىۋەت يوقىلىدۇ. چىمەندە گۈل ئېچىلىدۇ، ئاخىرى يەنە غازاڭ بولىدۇ.

## هايات قەدرى

ئۆمۈر گويا چاقماقتەك تېز ئۆتىدۇ، بىخەۋەر غەبلەتكە غەرىق بولمىغايسەن. كۈن هەر سۇبهىدە پەيدا بولىدۇ. چۈش بولغاندا كامالىغا يېتىدۇ. ئاندىن ئاستا ــ ئاستا زاۋال تاپىدۇ. يېشىڭ ئونغا كىرگەندە بالىغ بولىسەن، يىگىرمىگە كىرگەندە

ئۆزۈڭنى بىلىشكە باشلايسەن، ئۆمرۈڭ ئۇتتۇزغا يەتكەندە، غەزەپتە كۆكرىكىڭگە تاش بىلەن ئۇرسەن. ئۆمرۈڭ قىرىقتىن ئاشقاندا تۆۋە بىلەن غەزەپتىن يانغىن. ئۆمرۈڭ ئەللىكتىن ئاشقاندا مەنمەنلىكتىن بىرى بولغىن. كىمنىڭ ئۆمرى ئاتمىشتە بولسا ئۆمرىنىڭ لەززىتى تۈگىدى دېگەن گەپ. ئۆمرۈڭ يەتمىشكە بارسا ھەسرەت بىلەن كۆپ ياش تۆكىسەن. ھەي بۇرادەر، ئۆمرۈڭنىڭ بايانىنى ئاڭلىساڭ، ئۆز بىلگەن بولساڭ ئەر ئاتا ئاتىماق ئۈچۈن ھىممەتلىك بول، شىجائەتلىك ۋە غەيرەتلىك بول. ئەگەر شاھ ھىممەتلىك بولمىسا، ئۇنىڭدىن ھىممەتلىك گاداي ياخشىراقتۇر. ھىممەتلىك كىشى ھەقىقىي ئادەم، ھىممەتسىز ئادەمنىڭ ئىشىنى لوقماندەك بولسىمۇ ئەر سانالمايدۇ.

ھەي بۇرادەر، ئۆلۈمگە چارە يوق، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھەرقانداق جاننى سۇدەك قىلىدۇ. ئەجەلگە داۋا يوق، ئەگەر ئەجەل يەتمىسە زەھەرمۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئەجەلنىڭ دەردىگە، مىجەز ئىسسىق - سوغۇق بولسىمۇ داۋا يوق. ئەجەل لەشكىرى كەلسە، شاھمۇ، گادايمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئەجەلنىڭ ئالدىدا شاھ بىلەن گاداي باراۋەر. بۇ چاغدا كىممۇ شاتلانسۇن. بۇ چاغدا قىلغان ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا بۇگۈنۈڭنى غەنىيمەت بىلگىن، بولمىسا ئاقىۋەت نادامەتتە قالىسەن، غاپىللىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى سەھەر ۋە ئاخشامدا ھەرگىز غاپىل بولمىغىن.

## قۇتۇلماس قۇللۇق - نەفس قۇللۇقىدۇر

ئەي بۇرادەر، نەفس بىلەن ئىبلىس بىر تۇغقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ مېكرىسىدىن ھەرقاچان تۇزاقلىرى قۇرۇقلۇقتۇر. نى - نى مەرتىۋىلەرنى نابۇت قىلغانمۇ شۇ نافس

بالاسى، ھەم بالالارغا سايە قىلغانمۇ شۇ نەفسى شەيتانى. دۇنيادا نەفسدىن يامان نەرسە يوق، ئۇ ئادەمنى ھېچقاچان غەمدىن ئامان قىلمىدى. كىمدە نەفس غالىب بولسا، پاسات بىلەن ئىبسيانغا مايىل كېلىدۇ. كىمدە ھارامدىن بىر دەرەم بولىدىكەن، مەھشەردە ئۇنىڭدىن ئەلەم ئۆكسىمەيدۇ. نەفسنى پەرۋىش قىلغان كىشى پۈتۈن ئۆمرىنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. نەفسكە راھەت ئىزدىگەن، ئەيشى ـ ئىشرەت ۋە پاراغەتكە ئۆزىنى ئۇرغان كىشى ھەرقاچان نەفسى شەيتاننى خۇرسەن قىلىدۇ، ئىماننى بەرباد قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك مەشغۇللۇقى قىبرىن ئۆچۈن تىرىشماق بولسا، ئۇنداق ئادەم ھەرگىز دانالارغا يېقىن بولالمايدۇ. ئادەم نەفسنى خار تۇتالىسا شۇ چاغدا كۆڭلىدىن فىرئەۋن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى كۆڭلۈڭنى بىر شەھەر دەپ قىياس قىلغىن، پاك روھىڭنى مۇسا، نەفسىڭنى فىرئەۋن بىلگىن. فىرئەۋن قەدەم قويغان يەردە شەھەر ۋەيراندۇر. مۇسا قەدەم قويغان يەر باغۇ ـ بوستاندۇر. فىرئەۋن بىلەن مۇسا ھەرگىز بىر شەھەردە تۇرالمايدۇ، بىرسى كىرىدىكەن يەنە بىرىگە ئورۇن بولمايدۇ. مۇسا كىرسە شەھەرنى ئاۋات قىلىدۇ. فىرئەۋن كىرسە شەھەرنى نابۇت قىلىدۇ. فىرئەۋنىدىن ھەزەر قىلغىن، تىرىشىپ مۇسادىن خەۋەر ئالغىن. فىرئەۋنىنى شەھەرىڭدىن قوغلاپ چىقىرالىساڭ، شۇندا غەمدىن ئەمىن بولالايسەن. ئۇزۇڭ ھەققىدە كۆپرەك تەپەككۇر قىلىپ، نەفسىڭنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرگىن. نەفسىڭگە غالىب بولماي تۇرۇپ تەڭرىنىڭ بەندىلىكىگە نائىل بولالمايسەن. ئەقلىڭ بولسا نەفسىڭنى جەڭ بىلەن ھالاك قىلغىن، ھەق پەرەست بولغىنكى، ھەرگىز تەنپەرەست بولمىغىن. بۇ دۇنيانىڭ سەۋدايىلىقىدىن ھەزەر قىل. ھىممەت كەمىرىنى مەھكەم باغلا. بىلگىنكى ھەرقانداق بالا كەلسە نەفسىڭنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ پەرمانىغا يول قويغۇلۇق ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

## ھېكايەت

بىر كۈنى ئۈچ دۇنيا پەرەس ئادەم يولدا بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىشتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، بۇ ئالتۇنلارنى بۆلۈشمەكچى بولۇشتى. بىراق قوساقلىرى ئاچ ئىدى. شۇڭا مەسلىھەت قىلىشىپ، ياشتا كىچىكرەك بىرىنى شەھەرگە يېمەك ـ ئىچمەك تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى. ئۇنىڭغا ئۈچ دەرھەم پۇل بېرىپ، دەرھال ئاش، نان ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ، قالغان ئىككىلىسى باشقىچە ئىتتىپاق قۇرۇشتى. شەھەرگە كەتكەن بۇرادىرى كېلىشى بىلەن پىچاق ئۇرىمىز دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. شەھەرگە غىزاغا ماڭغىنىمۇ ماڭغاچ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئىگىلەش قەستىدە نەفسى بىلەن تېخىمۇ قەبىھ مەسلىھەتلەرنى قىلىپ ماڭدى. ئۇ نان، گۆش ئالدى. نانغا ھەم گۆشكە زەھەر سالدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىككى بۇرادىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. كېلىشىگىلا ئىككىسى بۇ بىرىنىڭ بېشىغا پىچاق ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇلار كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا نېمەتلەردىن بىر ئىككى لوقمىدىن يېيىشتى. شۇندىلا ھەر ئىككىسى دۇم چۈشۈپ ھالاك بولۇشتى. بىر خىش ئالتۇن شۇ جايدا قالدى. ئۇلار ئەسلى بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش، غەم بىلەن مېھنەتتە مۇڭداش بۇرادەرلەر ئىدى، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، دوستلۇق ئەھدى تۈزۈشكەن ئىدى. بىر خىش ئالتۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات تېرىدى، نەفسى شەيتان بۇ ئۈچ تەننىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولدى.

ھەي بۇرادەر، ئادەم نەفسى مەقسىتىدە شىكار قىلغۇلۇق ئەمەس، بۇ ئەيب ئادەمدىن ھەرگىز يۇيۇلمايدۇ، ئادەمدە قانائەت

بولۇشى كېرەك، قانائەتلىك ئادەم سائادەتلىك بولىدۇ. كىم قانائەتسىز بولسا سائادەت ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. كۆرمەمسەن، ئىت ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىشىكىدىكى لوقمىغا قانائەت قىلماي باشقا ئىشىكلەرگە دوقۇرسا باشلىرىغا تاشلار ياغىدۇ، باشقا ئىشىكنىڭ ئىتلىرى غوۋغا قىلىپ قوغلاپ ئالىدۇ، تۇمشۇقىدىن چىشلەپ رەسۋا قىلىدۇ. كىم نەفسىنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئىمان دەرىخىدىن كۆپ ھوسۇل ساقا ھارام بولىدۇ. ھەر ئادەم نەفسىگە زالىم بولالىسا ئاندىن ئۇنى ھەقىقى ئالىم دېسە بولىدۇ. نەفسىگە زۇلۇم قىلىش مەردانىنىڭ ئىشى، نەفسىگە يول قويغان ھايۋاننىڭ ئىشى. بۇرادەر، نەفسىدىن خالاس بولماق ئوڭاي ئەمەس. نەفسىدىن خالاس بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنى ئادەم دېمەس، كاپىر بىلەن جەڭ قىلغان ئەر ئەر ئەمەس. نەفسى بىلەن جەڭ قىلالىغان ئەر ھەقىقىي ئەردۇر. بۇ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن، يولغا چىقماستىن بۇرۇن ئۇلاغنى كۆندۈرگىن. ئەي بۇرادەر، ئەگەر ئەقىللىك بولىدىغان بولساڭ، ھەرگىز نەفسىڭگە قۇل بولمىغايسەن.

## تەمە ھارام

بۇرادەر، نىيەت ھەممىدىن ئەلا، ياخشى نىيەتنى نىيىتى سائادەت دەيمىز. ياخشى نىيەتلىك ئادەمنىڭ بېشىغا سائادەت ياغىدۇ، ھەرقانداق ئەمەلدىن ياخشى نىيەت ئەۋزەلدۇر. نىيىتى ياخشى ئادەم كۆپ ئىززەت تاپىدۇ، ئۇلار ھەم يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان بولىدۇ. ئەگەر دېھقان بولساڭ نىيىتىڭنى دۇرۇس قىلىپ ئاندىن ئۇرۇق چاچ، شۇندا ئۇرۇق قۇرۇپ قالمايدۇ. بەدنىيەتلىك بىلەن ئۇرۇق چاچقان ئادەم ھوسۇلدىن قۇرۇق قالىدۇ. بەدنىيەت ئادەمگە نېمەت كەم بولىدۇ. ئۆزىمۇ ھەم بالاغا يەم بولىدۇ.

بۇرادەر بۇ هايات يولىدا مەردانىلارچە ياشىغىن، نەچچە ئىشلار باركى ئەمەل قىلغىن. هەرگىز شەهۋەتنى ئىختىيار قىلما، بولمىسا مەقسىتىڭ تەمام بولمايدۇ. ناكەسلەردىن هەزەر قىل، ئۇنداقلار ئۇچرىسا هەرگىز ئىلتىپات كۆرسەتمە. يېڭى بايدىن هەرگىز قەرز ئالما، بۇ نەسىهەتىمنى ئۆزۈڭگە پەرىز قىل. بىر ئۇنىڭ نېنىغا باغلىنىپ، شۇ نان تەماسىدا سۆھبەت قۇرمىغىن. تەمادا يېگىنىڭ بىر جەسەتتۇركى، سەن بىر چىۋىندۇرسەن، ئادەم باشقىلارنىڭ ئېشىغا ئۆگىنىپ قالسا، ئۇنىڭ مىننىتى هەرقاچان بېشىغا توقماق بولۇپ تېگىپ تۇرىدۇ.

هەي بۇرادەر، ئەگەر دىندار بولساڭ هەرگىز دىننى پۇچەك پۇلغا ساتمىغايسەن. دىنپۇرۇشلار پاك بولالمايدۇ، ئۇ ئاقىۋەت تۈڭگۈز سۈرىتىدە قوپۇشتىن ئامان بولالمايدۇ.

## هېكايەت

زامانىسىنىڭ ئەللامىسى سۈرىتىگە كىرىۋالغان بىر ساختىپەز بار ئىدى، ئۇنىڭ دىندىن ۋەز ئېيتىشتىن ئۆزگە ئىشى يوق ئىدى. قىش ـ ياز كىشىلەرگە ۋەز ئېيتاتتى. ئۇ ۋەزخانىغا كىشىلەر رام بولۇشتى، ئۇنىڭغا جانلىرىنى پىدا قىلىشتى، ئۇ هەرقاچان ۋەز نەسىهەت قىلغاندا پۈتۈن قوۋم ئۇنىڭغا بەنت بولاتتى. ئۇ ۋەز ئۇچۈن مۇنبەرگە چىققاندا خالايىق ئىزتىراپتىن ئۇنىڭ ئۇچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرۇشاتتى. ئۇ شۇنداق سۆزمەن ئىدىكى، ئۇنىڭ قېشىدىن هېچكىم كەتمەس ئىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئايەت ۋە هەدىس يادا ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە بارى مال دۇنيا تەماسى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنى مەست ۋە ئەقىلسىز قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال، دۇنياسىنى يىغىۋالدى. ئۇ ۋائىزنىڭ سۆز ماهارىتى خەلقنى ئۆزىگە ئاشىق قىلغانىدى،

كىشىلەر ھەرگىز ئۇنىڭدىن مال ئايىمايتتى. ئۇنىڭ بەرگەن پەندى خەلققە ئەپسۇن بولۇپ، ئەپسۇن بىلەن خەلقنىڭ مېلىنى ئالداپ ئالاتتى. قوۋمنىڭ مەقستى ۋائىزنىڭ پەندىنى ئاڭلاش، ۋائىزنىڭ قەستى قوۋمنىڭ پۇل ـ مېلىنى بۇلاش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ۋەز ئېيتىپ خەلقنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى يىغىۋالدى. ئۇ ھارام، ھالال دەپ يۈرمەي مال توپلايتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ۋائىز شەھەردىن چىقىپ باياۋانغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ كوچىغا چىقىشىغا بارچە ئىتلار توپلىشىپ ئۇنى قوغلاشتى. تۈن كېچە، كوچا تار، ئىتلار توتسا ئۇنىڭ پاچىقىدىن ئالاتتى. مىڭ مۇشەققەتتە ئىتلاردىن قۇتۇلۇپ قاراڭغۇ كوچىغا راۋان بولدى. ئەتىسى پۈتۈن قوۋم ۋائىزنى تاپالماي ھەيرانۇ ھەس قالدى. كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچقانداق نىشان ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋائىزنىڭ خەۋرىنى مۇسادىن ئېلىش ئۈچۈن بۇ قوۋم ئۇ تەرەپكە سەپەر قىلىشتى. بۇلار مۇسانىڭ قېشىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى ۋە دېدى: «شەھرىمىزدە بىر ۋائىز بار ئىدى، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن رازى ئىدۇق. قانداقتۇر بىر كېچىدىلا غايىب بولدى. ئىزدەپ ھېچ نىشانىنى ئالالمىدۇق. مۇسا بۇ قوۋمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆپ دۇئا قىلىپ، بۇ مۇشكۇللۇكنى ئاسان قىلىشنى تىلىدى. تەڭرى شۇ زامان جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھى چۈشۈرۈپ، ۋائىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. ئۇلار مۇسانىڭ باشلىغان تەرىپىگە يۈرۈشتى، خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، سۈرىتى تۈڭگۈز بولۇپ قالغان ۋائىزنى كۆرۈشتى.

ھەي بۇرادەر، ئادەم ۋەزنى تەما سەۋەپلىك قىلسا، ئاقىۋەت يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ. كىم تەمادىن خەلققە ۋەزخانلىق قىلسا، ئۇ بىر تەرسا ئوتپەرەستتۇر. ۋائىز تەمادىن ۋالاقشىسا، بېشىغا دەممۇ دەم لەنەت ياغىدۇ. ۋائىز خەلقتىن دۇنيا ئۈمىدىدە بولسا، ھەق رەھمىدىن نائۇمىد قالغاي. ھەي ۋەزخان، شۇنى قۇلىقىڭدا تۇتقىنكى، سەن گۆھەرنى بېرىپ قۇرۇق ئۇستىخان ئالمىغىن، ئۆزۈڭنى ئۇزۇڭ دارغا ئاسما.

## ھېكايەت

غەزنە شەھىرىدە مەھمۇدشاھ ئادالەت بىلەن ئەل سورىغانىدى. خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەر ئالاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر زېرەك ئوغلاننى خىزمىتىگە قوبۇل قىلدى. ئۇ غولامنى كېچە ـ كۈندۈز بېشىدا تۇرغۇزدى. ئۇ غولام شاھنىڭ پەرمانىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى ھەم شاھنىڭ كۆپ ئېھسانىغا ئېرىشتى. بىر كۈنى شاھ مۇلازىملىرىنى سىنىماق بولۇپ، خىلى كۆپ زەر ئالتۇنلارنى چاچقۇ قىلدى. ھېلىقى ئەقىللىق غۇلام نەزەر كۆزىنى سالماي، قانائەت كەمىرىنى باغلاپ، مەزمۇت تۇردى. باشقا مۇلازىملار پۇل چاچقان تەرەپكە راۋان بولدى. شاھنىڭ يېنىدا ھېلىقى قانائەتلىك، ساداقەتلىك غۇلامدىن باشقىسى قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىپ، ھەمسۆھبەت قىلىۋالدى. ئاخىرى شاھ ئۇ غۇلامنى ئەمىر قىلدى. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە ئۆزىنى ئاتقانلارغا بولسا، خارلىق توپىسىنى چىشلەتتى. ئۇلار زەرنى دەپ نەفسىگە ئەسىر بولىۋېدى، شاھ ئالدىدا ئېتىبارسىز بولدى. شاھ دەرھال ئۇلارنى دەرگاھىدىن قوغلىدى.

## ئەقىل پاراسەت تەرىپى

ئەي بۇرادەر، بىر قانچە ئەرزىم بار. ئۇنىڭدىن ساڭا بېشارەت بېرەي. ئەقىل ئىككى قىسىمدۇر، تولۇق ئەقىل ۋە كەمتۈك ئەقىل. توشقان ئەقىلنى يۇملاق قۇياشقا ئوخشاتساق، كەمتۈك ئەقىلنى خۇددى پىلىلداپ تۇرغان چېچەك تەسەۋۋۇر قىل. توشقان ئەقىلنى دەريادىكى سۇغا مەڭزەتسەك، كەمتۈك ئەقىلنى بىر قەترە سۇغا ئوخشاتقۇلۇق. ئاقىل ئادەم باسماقتىن

دان چوقۇمايدۇ. باسماقتىن دان چوقىغان ئادەم، ئاقىل سانالمايدۇ. يەنى توشقان ئەقىل تۆتىغا ئوخشاتساق، كەمتۈك ئەقىلنى قاغا مەسەللىكتۇر. تۆتى بىلەن قاغىنىڭ پەرقى شۇكى، تۆتىنى پەرىشتە دېسەك، قاغا دىۋىدۇر. تولۇق ئاقىللارنىڭ ئىمانى ساپ بولىدۇ، ئەقلى كەمتۈك كىشىلەر ئىنساپسىز كېلىدۇ. تولۇق ئەقىلنىڭ باھاسىغا يەتكىلى بولمايدۇ. كەم ئەقىل خار تاشقا ئوخشاشتۇر. ئەقلى يوق ئادەم بەھرىسىزدۇر. ئەي ئەخلاقلىق كىشى، يادىڭدا تۇتقىنكى ئەقىل ھەرگىز نەفسىنى پەرۋىش قىلمايدۇ. ئەقىل مۇساغا باراۋەر تۇرىدۇ، تېخى ئەيسا بىلەن بىر سەپتىدۇر. ئەقىلسىز ئادەم ھەقشۇناس بولمايدۇ، ئاقىل ئادەم مەرد بولىدۇ. ئەقىلسىز بىر سايىدۇركى، ئۇ پىر ئەۋىن بىلەن بىر ئۆيدىدۇر. ئاقىل كىشى ھەرقاچان خەۋپتىن ئامان بولغاي، ئەقىلسىز غەمدىن خالاس بولمىغاي. ئەقىل سېنى مۇسادەك مەردانە قىلسا، ئەقىلسىزلىك سېنى فىرئەۋنەدەك نامەرد قىلىدۇ.

ھەي بۇرادەر، ئىزدىسەڭ سەندىن ھەممە نەرسە ۋە ھەممە سۈپەت تېپىلىدۇ. پەرىزلىك ئىشلار كۆپ. ئاۋۋال ئۆزىنى بىلمەك قەرز. ئادەم شجائەتتىن شىر بولىدۇ، لاتاپەتتىن ئەر بولىدۇ. بەزىدە ئەنقا بولسا، بەزىدە تۆلكە بولىدۇ. يۈرەكلىك بولسا بۇغرا تۆگىدەك بولىدۇ، زەئىپلىكتىن چۈمۈلىدەك بولىدۇ. زىيانلىق بولسا ھەرىدەك بولىدۇ، نەفسى يامانلىقتىن ھايۋاندەك بولىدۇ. بەزىدە بۇلبۇللار بىلەن ناۋا قىلسا، بەزىدە قوزغۇنلار بىلەن شۇملۇق چىللايدۇ. بەزىدە توتى قۇشتەك شېرىن سۆزلۈك بولسا، بەزىدە ھۇۋقۇشلاردەك كېچە ـ كۈندۈز سۆكۈشتە تۇرىدۇ. گاھىدا پەيدا بولىدۇ. گاھىدا غايىب بولىدۇ. بەزىدە ئېزىلگەن ـ يانجىلغان بولسا بەزىدە زىبا كۆرۈنىدۇ. بەزىدە بالىلاردەك، بەزىدە مويسىپىتلاردەك، گاھىدا دانا، گاھى ۋەيرانىدەك، بەزىدە خامۇش، بەزىدە بۇلبۇلگويا بولىدۇ. بەزىدە

ئاستا، بەزىدە تېز بولىدۇ. بەزىدە پىتىنە ـ پاسسانتىن چايان بولسا، بەزىدە خۇشاللىقتىن تىلى شېكەر بولىدۇ. بەزىدە ئېغىر بېسىق، بەزىدە يەڭگىل، بەزىدە خەۋپلىك، گاھىدا ھەممەتلىك بولىدۇ. بەزىدە رەھمانغا قۇل بولسا، بەزىدە شەيتانغا قۇل بولىدۇ. بەزىدە كېچە ـ كۈندۈز سۇلتانىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولسا، بەزىدە نەفسىدىن بىر نانىنىڭ قۇلى بولىدۇ. بەزىدە شادلىقتىن كۈندۈزدىكى كۈن بولسا، بەزىدە غەمدىن خۇددى تۈن ئىچىدىكى تۈن بولىدۇ. بەزىدە جاھىل ۋە بەزىدە زالىم بولىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قەدەمدە باردۇر. بۇ سۈپەتلەرنى ياخشى بىلگىن ـ دە، ئەقىل يولىغا تىز كىرگىن.

ھەي بۇرادەر، بۇ دۇنيا بىر ئالدامچى، ئاياللار بولسا بىر مەككاردۇر. سەن ئاياللارغا گۆل بولساڭ ئاقىۋەت لەنەتكە قالىسەن. سەن ھەرگىز ئەۋرەتكە ئىختىيار قىلما، كىم ئەۋرەتپەرەس بولسا، ئۇ كىشى شۆھرەتپەرەستۇر. خوتۇن سۆھبىتى جەڭگى ـ جېدەلنىڭ بېشى، ئۇ جەڭدىن ھېچ كىشى خۇشال بولغان ئەمەس. بۇ جەڭدە پۇشايماندىن بۆلەك ھېچقانداق مەنپەئەت يوقتۇر. ئەر كىشى ئەۋرەتكە كۆپ مايىل بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەقلى بالدۇر قېرىيدۇ. بۇرادەر، ئەقىل دېگەن بىر گۆھەركى ئەۋرەتنىڭ قەستى شۇ گۆھەردىدۇر. ئەقىل گويا شامغا ئوخشاش ئەۋزەلكى، ئەۋرەتكە كۆپ بېرىلگەن ئادەم ئۇ شامنى بالدۇر ئۆچۈرۈپ قويىدۇ. ئەقىل ئۇرنى مېڭە، ئەۋرەت ھەرقاچان ئۇنىڭ قەستىدە، ئادەمدە ئەقىل بولغاچقا ئۇ ئىنسان، ئەگەر ئەقىل بولمىسا ھايۋاندىن بەتەردۇر. ئەگەر سەن كېچە ـ كۈندۈز جىمانى ئادەت قىلغان بولساڭ، ئەقلىڭنى بەرباد قىلىسەن. ھەر كۆكۈل خۇددى بىر ئامباردۇركى، ئىمان شۇ ئامباردىكى داندۇر. ئەۋرەت بىر چاشقاندۇركى، ئاقىۋەت ئۇ داننى چاشقان ئالىدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال چاشقاننى يوقىتىپ ئاندىن داننى قويغىن. ئەۋرەتنىڭ بارلىق ئىسيانلارنىڭ بېشىدۇر،

قىشۇ ـ ياز پەرھىز قىلغىنىڭ ياخشى. ئەر كىشىنى تۆگە دېسەك ئەۋرەت تۆگە يېتىلىگۈچىدۇر. تۆگە يېتىلىگۈچى ئەرنى ھەر جايغا باشلىغاي. ئۇ ئادەمنى گۇناھ ۋە ئىسيانغا مايىل قىلىدۇ، ئۆمۈرنى بىھۇدە زايا قىلىدۇ. قازان يېڭى ۋاقتىدا شۇنداق پارقىراق، بارا ـ بارا ئىس بىلەن قاپقارا بولىدۇ. ھەرقانداق قارا بولسا شۇ ئوتتىن بولىدۇ، ھەرقانچە گۇناھ بولسا يەنە شۇ ئەۋرەتتىن بولىدۇ. ئەرگە ھەرقانداق بالا قازا ئاشۇ ئەۋرەتتىن كېلىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ھارام ئەۋرەتنى تەرك ئەتسە، ئاسماننىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىقالايدۇ. كىم ئەۋرەتلىك بولسا ئۇ بىر كوردۇر، ئۆي بولسا گويا بىر گۆردۇر. بۇرادەر، ئەۋرەت دېگەن بىر قاپقان، كىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرسە بەدنامغا قالىدۇ. ئوۋ قاپقانغا چۈشىدىكەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ، بۇ قاپقاندىن ھەزەر قىلغىن. بۇرادەر، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا قۇلاق سالغىن، ئەقلىڭ بولسا بۇ توزاقتىن ئامان بولغىن، بۇ سۆزۈمگە ئىشەنگىن، ھەرگىز خوتۇن خەقنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغىن.

ھەي بۇرادەر، توغرا يول تاپماق بولساڭ ئاقىل دانالار بىلەن بىرگە بولغىن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكىن. دانالارنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى روبى زېمىننىڭ مەشئىلىدۇر. كىمدە مەشئەل بولسا تۈن خەۋپىدىن ئەمىن بولالايدۇ. كىمكى دانالارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان بولسا مەشئەللىك بولىدۇ، كىم دانادىن يىراق بولسا مەشئەلسىزدۇر. بۇ جاھان خۇددى بىر بوران ـ چاپقۇنلۇق كېچە، داناسىز ھېچكىم ئۇنى بىلەلمەيدۇ. بۇرادەر، ئۆمرۈڭدە دانالار بىلەن بىرگە بولغىن، مەشئەل بولسا تۈندە يولدىن ئازمايسەن. كىم داناغا مەنسۇپ بولسا ئۇنىڭ بەختى ئېچىلدى دېگەن گەپ. ساڭا ئەگەر دانالىق نېسىپ بولغان بولسا، ئۇ چاغدا تەڭرىنىڭ دوستى بولالايسەن. قايسى شەھەرنىڭ داناسى كۆپ بولسا، قاراڭغۇدا قىممەتلىك گۆھىرى كۆپ بولغان بولىدۇ. كىم داناغا ئېرىشسە، بۇ دۇنيا گۈمبىزىگە ھەم ئىگە بولالايدۇ.

كىم دانا بولسا ئۇ ئەيسا بولىدۇ، كىمكى نادان بولسا تەرسا بولىدۇ. بۇرادەر، ھەردائىم دانالارنىڭ تىلىكىدە بولغىن. مۇشكۇللۇكنى دانالار بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ئەگەر ئۆمرۈڭ داناسىز ئۆتسە كىچىك بالىدەك ئۆتىسەن. ھەرقانداق ئىشىڭ روناق تاپمايدۇ. مەن ساڭا دانالارنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بىرەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. دانالار مەزھىپىنى ئىختىيار قىلساڭ، ئەيسا مەزھىپىنى ئىختىيار قىلغىن. كىم كىشەنسىز بولسا دانادۇر، شەكسىز ئۇ ئەيسادۇر. دانالارنى ئەزىزلىگىن، دانالاردىن لەززەت ئالالايسەن.

## يامان ئۆي ۋە يامان كويدا بولما

ھەي بۇرادەر، بۇ نەسىھەتىمنى يادىڭدا تۇتقۇال، ھەرگىز يامان كويدا ۋە يامان ئۆيدا بولمىغىن. يامان خىياللارنى قىلىپ چىشىڭغا پالتا ئۇرما. ھەرقانداق يامان يوليورۇق بولسا ھەرگىز ئاشكارا قىلما، ھەرقانداق جانغا يامان خىيالدا بولما. ھەرقانداق يامان خىيال ئىچىدە ساقلانسا بەندىنى تۇرىدۇ، ئاشكارىلانسا ئۆزى بەرباد بولىدۇ. ئۇنىڭ ھالىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ، كۆپ كىشىلەر ئازاب تارتىدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە يامان ئۆي بولىدىكەن ھېچقانداق ئىشى روناق تاپمايدۇ. فىرئەۋىن مۇساغا بەد گۇمانلىق قىلغانىدى، ئۇنى يەرنىڭ يۇتۇشىغا پەرمان قىلدى.

## ھېكايەت

بىر كاپىر خوتۇن بار ئىكەن. ئۇ خوتۇن تۇل ئىكەن، ئەمما ھامىلىدار ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قارۇن ئۇ خوتۇنغا كۆپ پۇل بېرىپ دېدىكى:

— «بىر سۆزۈم بار، سەن ئۇنى مۇساغا بېرىپ خەۋەر

قىل، ھەي مەزلۇم، مۇساغا شۇنداق دېگىنكى، مۇسا مەن بىلەن جىما قىلدى، شۇنىڭدىن قورسىقىمدا ھامىلە قالدى. نەچچە مۇددەتتىن بىرى مەن ھامىلىدار. مانا ئەمدى بۇ بالا تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ» دېگىن. بۇ گەپنى دەل مۇسا خالايىققا ۋەز ئېيتىۋاتقان چاغدا دەيسەن، مەن ئۆگەتكەندىن باشقا گەپنى قىلمايسەن. شۇنىڭ بىلەن مۇسا خەلقئالەم ئارىسىدا رەسۋا بولسۇن — دېدى.

ئەتىسى ياش ھەم قېرى ئەر ـ ئاياللاردىن نۇرغۇن ئادەم خۇشاللىق بىلەن جەم بولۇشتى. مۇسا مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، ئەمىر مەرۇپ قىلغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى خوتۇن گەپ قىلىپ، قارۇن ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئىزھار قىلدى. ئۇ گېپىنى دەپ بولدى، بارچە خالايىق بۇ ئىشتىن ۋاقىـــپ بولۇشتى. ئارقىدىن ئۇ خوتۇن ھەي توغرا ھەق يوللۇق مۇسا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىنى ماڭا شۇنداق دە دەپ قارۇن ئۆگەتتى، دېدى. شۇندىن مۇسا قارۇن ھەققىدە دۇئا قىلدى، خۇدا مۇساغا پەرمان بەردى. «ھەي زېمىن قارۇننى ماللار بىلەن قوشۇپ يۇتىۋەت» شۇ ھامان يەر قارۇننى يۇتتى، بارلىق خەلق قارۇننىڭ بەدنىيەتلىك قىلغانلىقىنى بىلدى. قارۇن ھەرقانچە نالە ـ زار قىلغان بىلەن، يۈزى قارا بولۇپ ھەسرەت بىلەن يەر تېگىگە كىرىپ كەتتى.

بەدنىيەتلىك ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى مانا ئاخىر شۇنداق بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى مۆمىنگە يامان نىيەتتە بولىدىكەن، خەلقئالەم ئالدىدا كۆپ لەنەتكە قالىدۇ.

## رەھىم ـ شەپقەتلىك بول

ھەي بۇرادەر، شەپقەتلىك بولۇش ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر. ئىشىكىڭدىن سايىلنى مەھرۇم قىلىپ قايتۇرما.

ئاللانىڭ لوتفىدىن مەھرۇم قالىسەن، كىم سايىلدىن يۈزىنى ئۆرسە، ئۇنداق ئادەمدىن تەڭرىمۇ يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. ساڭا بىرەر سايىل ھاجەت تەلەپ قىلىپ كەلگەن بولسا، شۇ زامان مەقسىتىنى ئادا قىلغىن. سايىلغا ھەرگىز قاپاق تۈرمە، سۆكۈتمۇ قىلىپ تۇرىۋالما. نەسىھەت بولسۇنكى، سايىلغا ھەرگىز ئىلكىڭنى يۇمۇۋالما. سايىلغا مەرھەمەت قىلىپ توغرا مۇئامىلە قىلساڭ، بۇ ساڭا ھەرگىز نومۇس ئىش ئەمەس.

ھەي بۇرادەر، يېتىم – يېسىرلارغا مېھرىبان بول، يېتىملارغا مېھرىبان بولساڭ ھەرگىز دوزاخ ئازابىنى كۆرمەيسەن. ئەگەر يېتىمنىڭ كۆڭلىنى جاراھەت قىلىدىكەنسەن، سەنمۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايسەن. ھەر ۋاقىت يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ھەرگىز بۇلارنىڭ پۇل – مېلىغا قارا سانىما. ئۇلارغا ئاچچىقلىما، بولسا مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭلىنى شادلاندۇر. يېتىمنىڭ ئاھى ناھايىتى ئۆتكۈر تىغقا ئوخشايدۇ. ھەتتا ئۇ ساۋۇت دۇبۇلغىلاردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېتىمنىڭ ئاھۇ – پەريادى ئەرشى كۆكسىنى لەرزىگە سالىدۇ. بىلگىنكى يېتىمنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتكىن، يېتىمنى قاقشاتقان لەنەتكە قالىدۇ. يېتىمنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر. كىم يېتىمگە تاش يۈرەكلىك قىلسا ئۇ ئادەمنى ئادەم دېمەي، ئىت دېمەك لازىمدۇر، كىم يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالسا، ئاخىرەتتە دوزاخ نېنىنى يېگۈسىدۇر.

## ئالىملارنىڭ قىممىتى ۋە ھۆرمىتى

ھەي دوستۇم، ئالىملارنىڭ سۆھبىتىنى ئىزدىگەيسەن. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى جان پىدالىق بىلەن قىلغايسەن. ئالىملارنىڭ سۆھبىتى سۇدەك كۆڭۈل بېغىنى ياشارتىدۇ، ئالىملارنىڭ پەندى – نەسىھىتىنى ئادەمنى ئىززەتلىك قىلىدۇ. ئالىملارنىڭ پەندى قاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ بولىدۇ، چۈنكى بىلمەي

تورۇپ قىلغان ئەمەل يارىمايدۇ. ئاڭلاپ تۇر، ھەرقانداق ئۆزىنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ، ئالىملارنىڭ پەندى كۆڭۈل ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئەگەر بىلىشكە مەيلىڭ بولسا، ئالىملارنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىل ـ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار نەسىھەتگويلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئەمرىنى تۇتساڭ ياخشى ئادەم بولىسەن، فاسىق قوۋم ئىچىدە ئالىملار خاردۇر، ئالىملارنىڭ ئىززىتى ۋە ھۆرمىتى بولمىغان قومدىن تەڭرىمۇ بىزاردۇر. كىمدە كىم ئالىملارغا زەرەر يەتكۈزىدىكەن. كىمدە كىم ئالىملارنى تۆۋەن كۆرىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقىدۇر. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئالىملارغا كۇلپەت قىلمىغاي، كىم ئالىملارنى خار قىلسا، تەڭرىمۇ ئۇنى خار قىلىدۇ. ئالىملارنىڭ بىلىمى كورلارغا ھاسسا، روھىغا ھەم مەنىۋى غىزا بولىدۇ. دۇنيادا ھىچقانداق لەززەت ئىلىمدەك شىرىن بولمايدۇ. بىلىمسىزلەرنىڭ ئەل ئارىسىدا قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. ھەتتا ئىلىمسىزلەر ئەل ئارىسىدا ئادەم سانالمايدۇ، ئۇ ھەر ئىككى جاھاندا ھىمايىسىز قالىدۇ. ئالىم ھەر بىر دىيارنىڭ چىرىغى، ئۇ ھەم قارا تۈننىڭ نۇرلۇق ئىپى. پۈتۈن يەرمۇ ئاسماننىڭ ئايلىنىشى ۋە ھەرىكىتى ئىلىمدىن ئەمەسمۇ؟ ئىلىم ئەرگە خۇددى تۇلپار ئاتتەك قانات بولىدۇ، كىمنىڭ مىنىدىغان ئۇلىقى بولسا چۆلدە پىيادە قالمايدۇ. ئىلىمسىز قىرى ۋە ياش ھەسرەتتە ئىڭرايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئىلىم ئىزدەش كويىدا بولغىن. ئالىم ھەر دىيارنىڭ بېغى ھەم ھەر دىيارنىڭ شاھى. ئىلىم ئىزدىگىن ھەم ئەمەل قىلغىن، شۇندىلا ھەر ئىككى دۇنيادا جۇدالىق كۆرمەيسەن. ئادەمدە ئىلىم بولمىسا ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ، قىلغان ھەرقانداق ئىشىدا ساپا بولمايدۇ. پۈتۈن ئۆمرۈڭنى ئىلىم ئۈچۈن سەرپ قىلساڭ ئەرزىيدۇ، بىر نەچچە ھەرپ بولسىمۇ ئىلىمدىن بەھرى ئالساڭ زىيان قىلمايدۇ. ئۆمرۈڭنى ھەرگىز ئىلىمسىز ئۆتكۈزمە، كېچە ـ كۈندۈز ئىلىم ئىستەشنى داۋام قىلدۇر. غاپىللىق بىلەن

ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزۈۋەتمە، ئىلىمسىز، ئەمەلسىز كىشىلەر ھەر ئىككى دۇنيادا زىيان تارتقۇچىلاردىندۇر.

## پىتنە - پاسات مىللەتنى خاراب قىلىدۇ

بۇرادەر، پىتنە - پاسات تارقاتماق بىگۇناھ خۇن تۆككەندىن يامان. پىتنە - پاساتچى ھەرگىز جەھەننەمدىن ئامان بولالمايدۇ. ناھەق خۇن تۆكۈشمۇ شۇ پىتنە - پاساتتىن پەيدا بولىدۇ. پىتنىدىن ئالەمدە كۆپ جەڭگى - جېدەل تۇغۇلىدۇ. بۇ دۇنيانى پىتنە - پاساتچىلار بەرباد قىلىدۇ. نۇرغۇن ئادەم تىنىدىن ئازاب تارتىدۇ، بىلگىنكى، كىم پىتنە قىلسا ئىشەكتىن نىشانە، ئاقىۋەتتە ئىشتىن ۋەيرانە، تىنىدىن يۈز ئۆرسە رەھمەت ياغىدۇ، تىنىنى دوست تۇتسا لەنەت ياغىدۇ. ھەي خالايىق پىتنە - پاساتتىن نېرى تۇرۇڭلار، ئۇ پۈتۈن مىللەتنى خاراپ قىلىشقا يارايدۇ.

## جان تەن سارىيىڭغا مېھماندۇر

ھەي بۇرادەر، جان تەن سارىيىڭغا مېھماندۇر، ئەگەر مېھمان بولمىسا ئۇ ساراي ۋەيراندۇر. ئۆيدە مېھمان بولمىسا مەھرۇملۇق بولىدۇ، مېھمان كەتسە ئۇ خاراب بولىدۇ. جان دېگەن تەنگە بىر قانچە كۈنلۈك مېھماندۇر. بۇ دۇنيادا نىمە پەيدا قىلىنغان بولسا ئاشۇ مېھمان سەۋەبلىكتۇر. بۇ مېھماننىڭ قەدرىنى بىلگىن، ئۇ كەتمەستىن بۇرۇن ئۇنى ئوبدان كۈتكىن، ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ مېھمان بىر كەتسە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ. مەن ساڭا جاننىڭ تەمسىلىنى ئېيتىپ بېرەي، شەكسىز قوبۇل قىلغىن. كۆڭلۈڭدىكى ھەربىر پىكىر ۋە خىياللار ھەم مېھماندۇر، ئۇشبۇ مېھمانغا كۆڭلۈڭ ئايۋاندۇر.

ھەر كۆڭۈل سارىيى ھەر خىل پىكىردىن خالىي ئەمەس، شۇڭا، ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئالىي ئەمەس. ئۇي پىكىر ياخشى بولسا ئەيسا قىلىدۇ، پىكرىڭ ئەگەر يامان بولسا تەرسا قىلىدۇ. ياخشى ئوي ـ پىكىرلىك ئادەم تەڭرىنىڭ مېھمىنىدۇر، پىكرى فاسىق شەيتاننىڭ مېھمىنىدۇر. كۆڭلۈڭگە ياخشى پىكىر كىرسە، ئۇ چاغدا كۆڭلۈڭ ئەرشئەلادا بولىدۇ. ئەگەر كۆڭلۈڭگە يامان پىكىر كىرسە ئۇنداق كۆڭۈل تەھتەسسارادا بولىدۇ[1].

بۇرادەر ئۆمۈر دېگەن ھەميانىدىكى زەرگە ئوخشاش، ھەرگىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر بولما. ھەر بىر نەپەسنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشى گوياكى ھەميانىدىكى پۇللىرىڭنىڭ چىقىشىدۇر. ئۇ پۇللار ھەر نەپەستە ھەميانىدىن چىقىپ تۈگىتىشكە، ئۇ كىشى بۇ دۇنيادىن چىقىدۇ. ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى ئۇ دەرمەملەر ھەميانىڭدىن بىر چىقتىمۇ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ. يەر ھۇسۇلدىن قالسا شورلىشىدۇ، شورلۇقتا ھېچكىم ئۇرۇق چاچمايدۇ. ئەي نەۋقىران بۈگۈن چېھرىڭ خۇددى ئايدەك، قەددىڭ ھەم سەرۋىدەك، ناگاھ قىرىلىق يەتكەندە بولغاي كاماندەك. باغدىكى دەرەخ مېۋىدىن قالسا، باغۋەن ئۇنى دەرھال كېسىپ تاشلايدۇ. ئۇلاغ ئاقساق، كۈن كېچە يول ئۇزۇن قونىدىغانغا يەر يوق ياتىدىغانغا نەدە ئورۇن. ھەي بۇرادار، يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى ھوسۇلۇڭ قېنى، ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشتى تائىتىڭ قېنى. سەن ئۆمرۈڭنى ئەمەلسىز ئۆتكۈزسەن، بىر كۈنى خەۋەرسىزلا ساڭا ئەجەل يەتكەي.

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» دىن نەسرلەشتۈرۈپ نەشرگە تەييارلىغۇچى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

---

[1] تەھتاسسارا ــ يەر ئاستى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

## ئەما شائىرنىڭ قەلبى كورلارغا قىلغان نەسىھەتى

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىلىم مۇنبىرى يالغۇز يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەما شائىر ئەھمەد يۈگنەكى بىلەنمۇ پەخىرلىنىدۇ. گەرچە ئەھمەد يۈگنەكىنىڭ ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» گەرچە كىچىك ھەجىملىك ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ھېكمەتلەر ۋە تەۋسىيەلەر مۇجەسسەملەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە يەنە بىر ئىشەنچ، ئۇمىد ۋە پەخىر تۇيغۇسى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، يۈگنەكى تۇغما ئەما ئادەم بولۇپ، ئۇ شۇنداق زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ قەلب سارىيىنى ئىلىم نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغاچقا، كۆزى ئوچۇقلار كۆرەلمىگەننى كۆرەلىگەن، كۆزى ئوچۇقلار ھېس قىلالمىغاننى ھېس قىلالىغان، كۆزى ئوچۇقلار قىلالمىغاننى قىلالىغان. ئۇ بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكى ئارقىلىق قەلبى كورلارغا ئىلىم ھېكمەتتىن نۇرلۇق مەشئەل ياققان. بۇ كىتابىمىزدا ئۇنىڭ قەلب سۆزلىرىدىن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بېرىمىز.

### بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى بېغىشلا، سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ. بىلىم ئال سائادەت يولىنى ئاچ.

بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر. بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن، بىلىملىك ئايالنى ئەردىسەك، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.

ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىنىنتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىنىنتى ئىلىكتۇر. بىلىمسىز كىشى ئىلىكسىز سۆڭەكتۇركى، ئىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

ئادەم بىلىم بىلەن ئەر ئاتالدى. بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىك كىشى ئۆلگەن بىلەن نامى ئۆلمىدى، بىلىمسىزلەر تىرىك بولغىنى بىلەن نامى ئۆچكەن.

بىلىملىك بىر ئادەمگە بىلىمسىز مىڭ ئادەمنى تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن، بۇنىڭدىن بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيسەن. ئەمدى ئەقىلىڭ بىلەن سىلىشتۇرۇپ باققىن، بىلىمدىن پايدىلىق يەنە نىمە بار. بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، رۇسۇلىللا: «بىلىم چىندا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دىگەن. بىلىمنى بىلىمگەنلەر ئىزدەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەمىنى پەقەت بىلىملىكلەرلا بىلىدۇ. بىلىمسىز ئەقماقلار بىلىمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە قانداقمۇ يەتسۇن. ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ، لېكىن نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.

قارا بىلىملىك كىشى ھەر ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، بىلىپ قىلىدۇ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ، بىلىمسىزنىڭ قىسمىتى بولسا ھەممە ئىشتا ئۆكۈنۈش، بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزنى كۆمۈپ تاشلايدۇ، بىلىمسىزلەر دائىم كېرەكسىز سۆزنى سۆزلەۋېرىدۇ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ تىلى بېشىنى يەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# تىلىنى تىزگىنلەش ھەققىدە

بىلىملىكلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا، ئۇلار تىلىنى تىزگىنلەش ئەدەبىنىڭ بېشى، دېگەن. تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن چىشىڭ سۇنمىسۇن، ئويلاپ سۆزلىگەن سۆز، سۆز جەۋھىرىدۇر، كۆپ مەمەدانلىق قىلغان تىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەندۇر.

كىشىلەرنى تىل بىلەن ئازابلىما، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ. كىشىگە ھەر ئىش كەلسە تىلدىن كېلىدۇ، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامانلىقىمۇ تىلدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىدە مۇنداق ئىككى نەرسە بىرلەشسە، ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېتىلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش، ئىككىنچىسى يالغان سۆزلەشتۇر. رەسۇلىللا: «كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى تىلدۇر» دېدى. تىلىڭنى يىغ، ئوتتىن يۈزۈڭنى قۇتقازغىن. يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر، بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر. راستچىل بول، راستچىل ئاتال، راستچىللىق تونىنى كەيگىن. كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر.

سىرىڭنى چىڭ ساقلا، تىلىڭ ئارقىلىق سىرىڭ ئاشكارە بولسۇن، پۇشايمانغا قالما، كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىگە نىشان بولما. ھەرقانچە يېقىن ئىشەنچىلىك دوستۇڭ بولسىمۇ، ئېشىنىپ سىرىڭنى ئېيتما. ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى ئۆزۈڭ ياخشى ساقلىيالمىدىڭ، دوستۇڭ ساقلىيالامدۇ، بۇنى ياخشى ئويلا.

www.uyghurkitap.com

## دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

بۇ دۇنيا يولۇچىلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭدۇر، ئۆتەڭگە چۈشكۈچىلەر، مىڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ، كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ ئۇزاپ كەتتى. قوزغىلىپ بولغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن؟ بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس، يىللارنىڭ ئۆتۈشتى خۇددى شامالدەك. يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ، قاۋۇللارمۇ ئاجىزلاپ كۈچىدىن قالىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق، سېنىڭ دېگەن نەرسەڭ ئەتە باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. كۆپ نەرسە ئازىيىدۇ، تەل نەرسىلەر كېمىيىدۇ، بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ. يەر تالىشىپ سىغىشمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار، مانا ئادەملىرى كېتىپ يەرلىرى بوش دېگۈدەك قالدى. قانچىلىغان ئالىم پەيلاسوپلار بار ئىدى. قېنى ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى؟

بۇ دۇنيانىڭ بىر قولىدا ھەسەل، بىر قولىدا زەھەر بار. ئاۋۋال ھەسەل بېرىپ ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ، كېيىن زەھەر قوشۇلغان قەدەھنى سۇنىدۇ.

## مەردلىك ۋە بېخىللىق ھەققىدە

ھەي دوستۇم، ماختىساڭ مەردنى ماختىغىن، بېخىلغا ياقۇتنى چىڭ بەنتلىگىن. ھەم تىل مەردلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، مەردلىك ھەممە ئەيىبلەرنىڭ كىرىنى يۇيىۋېتىدۇ. ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەردلىك ئېگىدۇ، يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلەر يېتىدۇ. مەردلەر پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى بىلىم بىلەن تېگىشتى. ئۇلار مىسكىنلەرگە غەمگۇزار بولۇپ ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى. بېخىل ھارامدىن كۆپلەپ

ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلىدى، ئۇ ئۆزىگە گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ مىلىدىن ئۇنىڭغا تەگكىنى پەقەت پۇشايمان بولدى. ئەي مال ئىگىسى مەرد، تەڭرى ساڭا بەرگەندىن سەنمۇ بەرگىن، ئەيىبلەنگەن ۋە قارغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ بېرىشنى بىلمىگەنلەردۇر. بېخىللار داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان يامان كېسەلدۇر. ئاچ كۆز، بېخىل كىشىنىڭ كۆزى يىغىش بىلەن تويمايدۇ، ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى، مال ـ دۇنيا بولسا ئۇنىڭ ھاكىمىدۇر.

## كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق تەكەببۇرلۇقتۇر. ئەڭ ياخشى قىلىق كىچىك پېئىللىق. تەكەببۇرلۇق تونىنى كەيگەن بولساڭ تېز سال، خەلققە غادايغان بولساڭ، دەرھال تىلىڭنى تارت. مۆمىنلىكنىڭ نىشانى كەمتەرلىكتۇر. كەمتەرلىك قىلغاننى تەڭرى كۆتۈرىدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلغاننى يەرگە ئۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ ھېسابلىما، بىر ئاللا ئۇلۇغدۇر. ئۇ: «ئۇلۇغلۇق ماڭا تەۋە، سىلەر تالاشماڭلار» دېگەن. ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى «مەن ئېسىل» دېسە، مەن ئۇنىڭغا: ئىنسانلار بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلار، دەپ كېسىپ جاۋاب بېرىمەن.

## ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە

ئەي دوستۇم، نەسىھىتىنى ئاڭلاپ تەماخور بولمىغىن، تەما ئارىسىغا ئەجەل يوشۇرۇنغاندۇر. تەما دېگەن ئۆزىنى ئۇيالاشتۇر، ئۆزۈڭنى ئازراق ئويلاپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلغىن. ئاچ كۆزلۈكمۇ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز خىسلەتتۇركى،

ھېرىسلىقنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر. ئاچ كۆز دۇنيا بايلىقىنى يىغىپمۇ تويمايدۇ، ئىگىسى قېرىيدۇ، ھېرىسلىق قېرىمايدۇ. ھېرىسلىق قاچىسى قاچان تولىدۇ، ئۆلۈپ تۇپراق ئىچىگە كىرگەندىلا. ھەي ئاچ كۆز ھېرىسلىقتىن نېمە پايدا، تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن رىزقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن تۇرسا، ئاچ كۆزلۈك ئۇنى ياخشىلىيالامدۇ؟

## كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار

قارىماققا ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بۆكى بولغان بىلەن، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ پۈتۈن قىلىق ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزەتكىن، كىم كەڭ قورساق بولسا شۇنى ئادەم سانىغىن. تار قورساق كىشىنى مېۋىسىز دەرەخ بىل، بۇنداق دەرەخ ئوشتۇپ قالاشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. كىشىلەرگە شەپقەتلىك، مېھرىبان بولغىن، ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگەندەك باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگىن. جاپاكارغا ۋاپا يولىنى قىل، چۈنكى قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. ياخشى يېمەكلىكنى باشقىلارغا يېگۈز، يارىشىملىق كىيىملىرىڭنى باشقىلارغا كەيگۈز، كىشىلەرگە زورلۇق قىلما، ئەيىبكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر، ئاداۋەت يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغىن، غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى لاۋۇلداپ يانسا، ئۇنى مۇلايىملىق سۆزى بىلەن ئۆچۈرگىن. كەڭ قورساقلىق بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر، مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق بوستاندىكى قىزىل گۈلدۇر.

يۇقىرى ئورۇنغا چىققىنىڭدا ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما، ئەتلەس كەيگىنىڭدە بۆز كىيىمىڭنى يادىڭدىن چىقارما. ئۆسكەنسېرى مۇلايىم بولۇپ چوڭ ۋە كىچىكلەرگە سىلىق سۆز



www.uyghurkitap.com

قىل.

سۆزلىسەڭ ئويلاپ سۆزلە، ھودۇقۇپ كەتمە. سۆزۈڭنى يوشۇر، بولمىسا كېيىن بېشىڭنى يوشۇرۇپ يۈرمە.

مىڭ ئادەم ساڭا دوست بولسا، ئۇنى كۆپ كۆرمە، بىر ئادەم ساڭا دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز كۆرمە.

ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئوبدانراق كۆزەتكىن، سۆيۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەر، ئۆكۈنۈشلۈك بولسا، ئۇنى ئوبدانراق ئويلا.

ياخشى ـ يامان ئىشنىڭ جاۋابى كېچىكىپ كەتمەيدۇ، تىكەن تېرىغان ئادەم ھەرگىز ئۈزۈم ئالالمايدۇ. كىشىنىڭ دوستى ياخشى بولسا، ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ، ھەرگىز يامانغا يولىما، يامانلارنىڭ سۆھبىتى سېنى يامانلىققا تارتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان نەسىھىتى ۋە جاھان ئەھلىگە قىلغان ۋەسىيىتى

ئەي خۇدا، بالامنى ئۆزۈڭ تۈزىگىن، ئۇنى ھىدايەت يولىغا سالغىن. ئۇنىڭ جىسمى ياخشى نىيەتلىرىگە يەتكۈزگىن، ئۇنى تەۋپىق ھىدايەتكە مەرھەمەت قىل. نىيەتلىرىنى پاراۋان، مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىل.

ئوغلۇم، داداڭدىن ساڭا نەمۇنە بولسۇن، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، خۇدايىم ساڭا ئەقىل ـ ھوشنى بەردى، سېنى باشقا كويغا سالماي، ئىمان بىلەن مۇكاپاتلىدى. كۈچلۈك پاراسەت ئاتا قىلدى، بارلىق ئەزالارنى ساغلام قىلدى. ئەمدى مەندىن نەسىھەت شۇكى، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغىن، ناماز ۋە روزىنى تەرك قىلما. خۇدا بەرگەندىن ئۆشرە ئايرىغىن، پۇل ۋە مېلىڭنىڭ زاكىتىنى بەرگىن. شۈبھىلىك، ھارام نەرسىلەردىن ھەزەر قىل، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنى ھۆرمەت قىل. ياخشى بول، يامان خىياللاردا بولما. يامان نىيەتتە بولۇپ كۆڭلۈڭنى بۇزما. جېدەل ـ ماجىرالارغا ئارىلاشما، ئۇرۇش ـ جېدەل قىلما.

ئەگەر سۆزلىمەكچى بولساڭ تەپەككۇر قىل، ئالدى ۋە ئارقىسىنى تەسەۋۋۇر قىل. كۆڭلۈمگە كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمە. ئالدىمغا ئاش كەلدى دەپ ئاغزىڭغا سېلىۋەرمە. تىلىڭ ياغدەك بولۇپ، قەن ـ شېكەر ئاقسۇن، دىلىڭغا ناپاكنى ئالما، تېرىككەك بولما ھەم زېرىككەك بولما، ئېرىنچەك ھەم ھۇرۇن، بوشاڭ بولما. چاپلاشقاق ۋە يېپىشقاق بولما، تەمكىن

بولغىنىكى، ھەرگىز يەڭگىلتەك بولما. سەھەر قوپۇپ تائەتتە بولغىن، غەپلەت بىلەن ئۇيقۇغا غەرىق بولما. ئىشلەشتىن نومۇس قىلما، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ خار بولما. ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلمىساڭ، ئاخىرى خارۇ - زارلىققا مۇپتىلا بولىسەن. كىشىلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ قايغۇرۇپ قالما، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىدا نەتىجە يوق. ھەرقانداق ئىشنى ئادەم ئۆزى قىلمىغۇچە، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. خۇسۇسەن، دېھقان بولساڭ ھەم بېشىدا بولغىن، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىن، كەتمەن چېپىپ، قوش ھەيدەپ هارما، ھەرگىز مۇشەققەتتىن قاچما. مۇشەققەت تارتماي، راھەت كۆرمەيسەن، ئەمەل قىلماي نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيسەن. مېنىڭ سېنى نەچچە يولغا دەۋەت قىلىشىمنى ئاللا ماقۇل كۆرمەيدۇ. ئەزەل كاتىپى تېرىقچىلىقنى مۇبارەك ۋە قۇتلۇق قىلسۇن. ئۇنىڭغا ھەق تابارەك بەرىكەت ئىگە قىلسۇن. بارچە كەسىپلەر بۇ كەسىپ ئۈچۈندۇر، تىرىكلىك ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىدۇر. نەپسنى رىزقى بىلەن ياراتتى، ئۇ سەۋەب بىلەن بۇ ئالەمدە تەييار بولىدۇ. سەۋەب قىلغان كىشىنىڭ قورسىقى توق، سەۋەبتىن قالىدىكەن، ئاتا مىراسىغا كۆزۈڭنى سالما. رىزقىڭنى خۇدادىن تەلەپ قىل، بۇ زىرائەت بېغى ھەرگىز بىكاردىن - بىكار پەيدا بولغان ئەمەس. خۇدانىڭ خەزىنىسى تۈگىمەس كۆپتۇر، قانچىلىك بەرسىمۇ ھەرگىز كېمىيىپ كەتمەيدۇ. داداڭنىڭ خەزىنىسى خەزىنە ئەمەس، خۇدايىم بەرگەنگە قانائەت قىلغىن. بېشىڭغا نېمە كەلسە سەۋر قىلغىن. قانائەت بىلەن سەۋرى مەڭگۈلۈك خەزىنىدۇر، ھەممە ئادەتتىن پەزىلەت ئەۋزەلدۇر. داداڭدەك نەپسى ئىشقا تەۋە بولما، بىلىكىڭنى مەھكەم باغلاپ، تەماگەر بولما. يامان بىلەن يۈرمە، يامانغا قېتىلما. داداڭدەك خەلق ئارىسىدا شەرمەندە بولما. كەمتەر، مۇلايىم بولغىن، ھەرگىز تەكەببۇر بولما، تەكەببۇرلۇق سەۋەبىدىن ئازازىل

قوغلاندى، كەمتەرلىكتىن ئادەم مۇرادىغا يەتتى. خۇدا ئەگەر قولۇڭنى ئۇزۇن قىلسا، بۇ مەئىشەت بابىدا ئۆزۈڭنى تۇتىۋالغىن، تاپ يەيدىغان قۇشتەك ئالدىڭغا يىغما، دەندىدەك ھەرگىز تاشقىرى چالما. بەزىدە ئالدىڭغا تارتساڭ، بەزىدە چاچقىن، تىرىك بولغىن، ئەردەك ياشىغىن. بۇنداق ياشىساڭ ئىززەت تاپىسەن، ھەر ئىككى ئالەمدە ئىززەت كۆرىسەن. يەنە ئامىنىڭ ئىچىدىن چىقما، ھەم ئەلدىن ئايرىلىپ قالما. ئەگەر ئەل بىلەن بىرگە ئۆلۈم يۈزلەنسىمۇ ئۇنى توي مەرىكە بىلمەكلىكىڭ لازىمدۇر. كۆمەكلىك ئىتنىڭ قىنى ئىگى بولىدۇ، يالغۇز ئىتنىڭ قۇيرۇقى كۆتمەك بولىدۇ. قاراقچى يالغۇز كىشىگە قىلىچ ئۇرىدۇ، كۆپ كىشىگە يولۇقسا قاچىدۇ. يەنە رەتسىز، چېچىلاڭغۇ بولما، ئۆمرۈڭنىڭ قەدرى ئارزۇدۇر زايە قىلما. شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەرگىز ۋاپا قىلمايدۇ. كېلىپ كەتكەنلەرگە ھەرگىز ۋاپا قىلمىدى، ئۇنىڭ ۋاپاسى كۆزنى، يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇرمايدۇ. بۇ دۇنيادا ئادەم مۇقىم تۇرالمايدۇ، كەلگەن ئىكەنمىز يەنە كېتىمىز. كەتسەك ھەرگىز يەنە قايتىپ كەلمەيمىز. ئۆلۈم دېگەن ئادەم ئاتىدىن تارتىپ مىراس، بۇ مىراسمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا يېتىپ كەلدى. بارلىق قۇرداشلار ۋە قېرىنداشلار قالماي كەتتى. يەتتە كۈنچىلىكمۇ كۆزگە كۆرۈنمەي، ئانىمىز بىلەن ئاتىمىز بىر ـ بىرلەپ كېتىپ، ئەمدى نۆۋەت بىزگە يېتىپتۇ. بىزمۇ بىر ـ بىرلەپ ئارقىسىدىن كېتىمىز. ئۆلۈم دېگەن ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ. لېكىن قېرىلاردىن ئۈمىد يوق. ئەگەر خۇدا بىزگە ئىمان ئاتا قىلغان بولسا ئۆلۈم دېگەن ئەسلىدىن ياخشى شەربەت مەي. پەلەكتە ھەمىشە ياخشىلىق بولمايدۇ، يامانلىق ھېچقاچان بىرىمىزگە رەھىم قىلماس. بىزنى ئاخىر بۇ يەرگىمۇ ئېلىپ كەلدىغۇ، ئەگەردە پەلەك ماڭا كېچىنى كۆرسەتسە، مەن ئۈچۈن يىغلاپ ئاۋارە بولما، سەۋر بىلەن چوڭقۇر تەپەككۇر قىل.

ھەرقاچان ئاتا - ئاناڭنى ياد ئېتىپ سەھەر قوپۇپ دۇئا قىل.
نەچچە كۈن كېسەل بىلەن غەپلەتتە ئۆتۈپتىمەن، ئۆمرىڭ قەدرىنى بىلەمسەن؟ كۆزۈمنى ئېچىپ قاراپ باقسام، ئەمدى تەندە كۈچ - قۇۋۋەت كېتىپ بولۇپتۇ. ئۇششاق، ئاجىزەلىرىم ئانىسىز، ئاتىسىز بولۇپ يېتىم قالىدىغان بولدى. ئۇلارنى ئىزدە، بېشىنى سىلاپ مېھرىبانلىق قىل. ئەگەر ئۇلارنى يوقلىساڭ ئاللا مېھرىباندۇر، ۋەسىيەت ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى قىلدىم. كۆڭۈل قۇلىقىڭدا تۇتقىن. ئامانەتنى بەرگىن دېگەندە، كۆزۈمنى يۇمۇپ، يۇرت مېنى سۈنغان چاغدا، بىز سۆزگە كېلەر ياكى كەلمەس. سەن ئۇ چاغدا يېنىمدا بارمۇ يوقمۇ. شۇڭا، بۇ ئارمانلىرىم ئىچىمدە قېلىپ، ئۆزۈم بىلەن كەتمىسۇن، بۇ سۆزلىرىمنى ئوقۇپ ياد ئەتسۇن، خۇدايىم ئەجرىڭنى بەرسۇن، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.
مەن بۇ رىسالىنى ئالدى ئاخىرى بولۇپ پۈتتۈشتۈم. نەسىھەت ھەم ۋەسىيەتتىن ئىشارەت قىلدىم. بۇ خىتابلىرىمنى بالامغا قىلدىم، لېكىن سۆزلىرىمنىڭ مەقسىتى پۈتۈن خالايىقتۇر. جاھاندا كىمنىڭ بالىسى يوق، ئەگەر پەرزەنتى يوقلارغا سۆزۈممۇ يوق، پەرزەنتى بارلارنىڭ ھەممىسى ماڭا دوستتۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ غېمى باردۇر. بىر ئاتا باقىدىكەن نەچچىلىگەن بالىنى، نەچچە پەرزەنت باقالمايدىكەن بىر ئاتىنى. ئاتا بىلەن ئانا ھەرگىز تېپىلمايدۇ، ئۇلارنى يەرگە تېرىپ ئۈندۈرگىلى ھەم بولمايدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىنى بىلمەيسەن، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتكەندە ئۇلاردىن جۇدا بولىسەن. بۇ قەدىمدىن تارتىپكى ئادەملەرنىڭ ئادىتىدۇر، ئۇلار ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىگە يەتمەي كەلگەندۇر. بالا ئاتا - ئانىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، بۇنداق ئىنچىلىلىقنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ بۇ ئىش ئادەم ئاتىدىن مىراس قالغان ئىشتۇر. چۈنكى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاتا - ئانا غېمىدىن

خالىي ئىدى. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى دۇئادا بولغان بولسا، پەرزەنتىمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلىدۇ. بالا ئەگەر ئاتىغا ئۇستاتلىق قىلسا، ئۇنىڭ پەرزەنتىمۇ شۇنى ياندۇرىدۇ. چۈنكى بۇغداي تېرىغان ئادەم بۇغداي ئالىدۇ، ئارپا تېرىغان ئادەم ئارپا ئالىدۇ. ئۆزۈڭگە ـ ئۆزۈڭ زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنى ھەرگىز باشقىلاردىن كۆرمە. كىشىلەردىن ئاغرىنما، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، غاپىل بولما.

ھەي بۇرادەر، ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى ھەقتۇر، يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى ھەم يامانلىقتۇر. جاھاندا يامانلار ئۈچۈن ياخشىلىق تېپىلمايدۇ، يامانلارنىڭ ئىشى ھەرگىز ئىلگىرى باسمايدۇ. ياخشىلىق قىلىپ دەرياغا تاشلا، ئۇنىڭ ئەجرىنى باياۋاندىن ئىزدە.

ھەي موللا مۇسا، سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ھەقتائاللا گۇناھىڭنى كەچۈرىدۇ. تولا سۆزنى قويۇپ، ئامانلىق تىلە.

# ھىدايەت نۇرى

(قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى كىشىلىك تۇرمۇش نەسىھەتلىرى)

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ئالدى بىلەن دىنى تەلىمات، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق مىزانى. ئۇ كىشىلەرگە يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاقنى دەۋەت قىلىدۇ. پۈتكۈل شەرق دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك پىكىرلەر، تەڭداشسىز دەپ قارالغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلغان، كۆپلىگەن ئالىملار دېگۈدەك قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى قىممەتلىك بىلىم بايلىقلىرىدىن يېتەرلىك ئوزۇقلانغان. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ھايات قانۇنىيىتىگە دائىر ئىلغار تەۋسىيە ۋە دەۋەتلەر كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەرىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بۇ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەردىن تۈزۈلگەن كىتابنىڭ ئاخىرىدا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىكى نەسىھەتلەردىن قىسمەن مەزمۇنلارنى كىرگۈزدۇق. ھەدىسلەردىكى مەزمۇنلار كىتابنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن گۇرۇپپىلاشتۇرۇلدى. بەزى ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەتلىك قىسمىنى قويۇپ نەق مەزمۇننىڭ ئۆزىلا ئېلىندى.

## ئاتا ـ ئانا ۋە قوۋم ـ قېرىنداشلار بىلەن بولغان مۇئامىلە مۇناسىۋەت توغرىسىدا

بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ،

مۇشەققەت بىلەن تۇغدى (46:15).

ئاتا ـ ئانىڭلارغا، خىيش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار (4:36).

خىيش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە (سىلە ـ رەھىم ۋە ياخشىلىقتىن تېگىشلىك) ھەققىنى بەرگىن (30:38).

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ئاناڭغا ياخشىلىق قىل. ئاندىن داداڭغا ۋە يېقىن قېرىنداشلىرىڭغا ياخشىلىق قىل.

ئاللاغا ئانىنى رازى قىلىشتىن ياخشىراق ھېچبىر ئامالنىڭ بارلىقىنى مەن بىلمەيمەن. ئەگەر، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ھەرگىز رەنجىتمىگىن.

ئاتا ـ ئاناڭغا كەمتەرلىك قانىتىڭنى قېقىپ تۇرغىن (17:24) دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئاتا ـ ئاناڭ نېمىنى خالىسا شۇنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتما.

ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يىغلىشى سەندىن نارازى بولغانلىقتىن دالالەت بېرىدۇ.

سىلەر ھەرگىز ئاتا ـ ئاناڭلارنى تىللىماڭلار. بىراۋنىڭ

ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغىنىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغىنىڭلاردۇر. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنىمۇ تىللايدۇ.

ئاللاتائالانىڭ رازى بولۇشى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ رازى بولۇشىغا باغلىق، ئۇنىڭ غەزىپى ھەم ئاتا ـ ئاناڭنىڭ غەزىپىگە باغلىقتۇر.

سېنىڭ ئاتاڭ ئەگەر بىراۋنىڭ قۇلى بولغان بولسا، ئۇنى خوجىسىدىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلمىغۇچە ئاتاڭنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولمايسەن.

جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا. ياخشىلىق قىلماقچى بولساڭ ئاناڭغا، داداڭغا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭغا، ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭغا ۋە يېقىن بولغان كىشىلىرىڭگە قىل. بۇ ئىشلار زۆرۈرى بۇرۇچ، ئۇزۇلمەسلىكى كېرەك بولغان قېرىنداشلىقتۇر.

## رىۋايەت

مەرۋان ئىبنى ئەل ھەكىم مەدىنىدىن بىرەر جايغا سەپەرگە كەتكەندە ئۆز ئورنىغا ئەبۇ ھۇرەيرىنى قالدۇرۇپ كېتەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە زۇلھۇلەيفادا تۇرغان ۋاقتىدا ئۆزلىرى بىر خانىدا، ئانىسى باشقا خانىدا تۇراتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە قاچان ئۆزى تۇرغان خانىدىن سىرتقا چىقىدىغان بولسا، ئانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ، مېنى كىچىكىمدىن تەربىيەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن، سىزگە ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى بولسۇن، دەيتتى. ئانىسى ھەم، ئۇ كىشىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، چوڭ بولغىنىڭدا ماڭا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭ، رازىلىقىمنى

ئالغانلىقىنىڭ ئۇچۇن ساڭا ھەم ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى بولسۇن، دەيتتى. بۇ ئىش ھەرقاچان شۇنداق تەرەزدە تەكرارلىناتتى.

ئاتا ـ ئاناڭغا ئىتائەت قىل، ئەگەر ئۇلار دۇنيادىن ۋاز كەچ دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىل. گەرچە ئىش بېشى بولغان ئادەمدىن كۆرە ئۆزۈڭنى شۇ ئامالغا مۇناسىپراق دەپ بىلسەڭمۇ ئۇلار بىلەن ئەمەل تالاشما.

## ھېكايەت

بۇۋى مەريەمنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەيسا (ئەلەيھىسسالام) بىلەن جۇرايجغا سۆزلىگەن بالىدىن بۆلەك ھېچبىر بالا بۆشۈگىدىكى چاغدا گەپ قىلغان ئەمەس — دېدى — رەسۇلۇللا. ساھابىلار بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى. رەسۇلۇللا مۇنداق ھېكايىنى رىۋايەت قىلىپ بەردى.

ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان جۇرايج دېگەن بىر راھىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدا بىرقانچە سىيىرلىرىنى ئوتلىتىپ يۈرىدىغان بىر پادىچى بار ئىكەن. شۇ ئىبادەتخانا جايلاشقان قىشلاقتا تۇرىدىغان بىر خوتۇن پادىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. جۇرايج بىر كۈنى ناماز ئوقۇپ تۇرغان ۋاقتىدا ئانىسى كېلىپ چاقىردى. جۇرايج خىيال قىلىپ: نامازنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى بۇزۇپ ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرسۇنمۇ؟ ئۇ ئويلىنىپ ـ ئويلىنىپ، ئاخىرى ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرمىدى. نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئانىسى ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى قېتىم چاقىرغاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرمىغانلىقتىن: «ئاللا تائالا سېنى پاھىشە خوتۇنلارغا يولۇقتۇرسۇن» دەپ دۇئايى بەد

قىلىپ، قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ پادىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ يۇرىدىغان خوتۇن بىر بالا تۇغۇپ قويىدى. ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۇرۇپ سوراق قىلغاندا: بۇ بالا ئىبادەتخانىدىكى راھىبتىن بولغان، دەپ دەۋا قىلدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ ئۆزىنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار دەپ ئەمىر قىلدى. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئىبادەتخانا بۇزۇلۇپ، جۇرايىچىنىڭ قولىنى ئارقان بىلەن باغلاپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۇردى. ئۇنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا يولدا تاماشا قىلىپ تۇرغان پاھىشە خوتۇنلارغا كۆزى چۈشتى ـ دە بىر كۈلۈپ قويىدى. كېيىن پادىشاھ ئۇنى سوراق قىلىپ:

— بۇ خوتۇن تۇغقان بالىنى، سەندىن بولغان دەپ دەۋا قىلىۋېتىپتۇ — دېدى. شۇ چاغدا جۇرايىچ ئانىنىڭ باغرىدا تۇرغان بوۋاققا قاراپ: «ئەي بالا، سېنىڭ ئاتاڭ كىم؟» — دەپ سورىدى. بوۋاق تىلغا كىرىپ: «ئاتام پادىچى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ گېپىنى ھەممە ئاڭلىدى. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ جۇرايىچقا ئۆزرى ئېيتىپ: «ئەمدى ئىبادەتخاناڭنى بىز يېڭىدىن قۇرۇپ بېرىمىز» — دېدى. جۇرايىچ بۇنى قوبۇل قىلماي: «ئۇنى ئالدىنقى ھالەتكە كەلتۇرۇپ بەرسە كۇپايە» — دېدى. پادىشاھ: «خوش ماڭا ئېيتقىن» دەپ جۇرايىچدىن سورىدى. ئۇ: «بۇ يۈز بەرگەن ۋەقەنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كۈلگۈم كېلىۋاتىدۇ» . «ئۇ بولسىمۇ ماڭا ئانامنىڭ قىلغان يامان دۇئاسى ئىدى» — دېدى ۋە بولغان ۋەقەنى پادىشاھقا، ئەتراپتىكىلەرگە ھېكايەت قىلىپ بەردى①.

① «ئەدەپ دۇردانىلىرى» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) 1990 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى.

ئاتاڭنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ چاقىرما. ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭما. ئاتاڭدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇرۇۋالما.

ئەگەر، ئاتا ـ ئاناڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم بولمىغان ئىشلارغا سېنى ماڭا شېرىك دەپ ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنسا، ئۇنداقتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلما. لېكىن بۇ دۇنيادا ئۇلارغا يەنىلا ياخشى مۇئامىلە قىل.

ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىشنى داۋام ئەتتۈر. مۇنداق تۆت ئىشنى قىلساڭ ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىقىڭنى داۋام ئەتتۈرگەن بولىسەن. بىرىنچى، ئاتا ـ ئاناڭ قىلغان گۇناھلارنى كەچۈرمەكنى ئاللاتائالادىن سورىساڭ. ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرساڭ. ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلساڭ. تۆتىنچى، قوۋم ـ قېرىنداشلار بىلەن ئۇلار تۈپەيلى قارار تاپقان قېرىنداشلىق ئالاقىللىرىنى ئۈزمىسەڭ.
ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نوپۇزىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرىلىشى ياكى تۆۋەن چۈشىشى ھەم سېنىڭ قىلغان ئىستىغپارلىرىڭغا باغلىق بولىدۇ.

بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن قىلغان سەدىقە ـ ئېھسانىنىڭ ساۋابى ئاتا ـ ئانىسىغا يېتىدۇ.

ئاتاڭ دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىنى ساقلا، ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزمە.

ئاتاڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۇ سۆيگەن كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارغا

خەيرىخاھلىق قىلىشتۇر. سۆيگۈ ۋە دوستلۇق نەسىلدىن - نەسىلگە مىراس بولۇپ قالىدۇ.

رىزقى كەڭ ۋە پاراۋان بولۇشىنى، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم قېرىنداشلاردىن يۈزىنى ئۆرىمىسۇن.

قېرىنداشلىرىڭغا، مىسكىن ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ئۆز ھەققىنى بەر (17:26) بۇنىڭدا ئاللاتائالا ھەقلەرنىڭ ئەڭ زۆرۈرىنى بىرىشكە بۇيرۇدى. مەبلىغى بولسا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولغان قېرىنداشلارغا، مىسكىن ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا بېرىشكە دەۋەت قىلدى. ئەگەر، مەبلىغى بولمىسا يۇقىرىدىكى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىپ: پەرۋەردىگارىڭ ئاتا قىلغان رىزىق قولۇڭغا مۇيەسسەر بولماي ئۇلارغا قارىيالمىغان بولساڭ ئۇلارغا مۇلايىم گەپ قىل (17:28) يەنى مانا مال كېلىپ قالار، ئىنشائاللا، مالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن. دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ياخشى ۋەدە قىل. قولۇڭنى «بوينۇڭغا ئېسىۋالما» يەنى ھېچ نەرسەم يوق دەپ، بېرىشتىن قولۇڭنى تارتما «قولۇڭنى جۇدا قىلىپ ھەم بېرىۋەتمە» يەنى بار يوقۇڭنى بېرىۋېتىپ قاقسەنەم بولما. ئۇنداق قىلساڭ ھالاكەتتە قالىسەن.

## رىۋايەت

رەسۇلىللا بىر كۈنى ساھابىلارنى سەدىقە قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان ئىدى. شۇ چاغدا بىر كىشى كېلىپ: «مەندە بىر دىنار بار» دېدى. رەسۇلىللا «ئۆزۈڭگە سەرپ قىل» دېدى. ئۇ كىشى يەنە: «مەندە يەنە بىر دىنار بار» دېدى. رەسۇلىللا: «خوتۇنۇڭغا سەرپ قىل» دېدى. ئۇ كىشى: «يەنە بىر

دىنار بار» دېدى. رەسۇلۇللا خادىملىرىغا سەرپ قىل! شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كىملەرگە سەرپ قىلىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ ياخشىراق بىلىسەن، دېدى.

uyghurkitap.com

## ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ھەممىڭلار كۆز قارىمىقىڭلاردىكىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىسىزلەر ۋە ئۇلار ئۈچۈن جاۋابكارسىزلەر. مەسىلەن: ئادەملەرگە پاسىبان بولغان ئەمىر پۇقرالىرى ئۈچۈن، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ خاندانى (ئائىلىسى) ئۈچۈن، قۇل بولسا ئۆز خوجىسىنىڭ مېلى ئۈچۈن جاۋابكاردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەممىڭلار مۇھاپىزەتچى ھەم مۇھاپىزەت لازىم بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن جاۋابكاردۇر سىزلەر.

كىمنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز قولىدا تەربىيە قىلىپ چوڭ قىلسا ۋە ئۇلارغا مەرھەمەت نەزىرى بىلەن قارىسا جەننەتكە كىرىشى ئەلۋەتتە مۇقەررەردۇر.

ھەربىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى مۇئامىلە بىلەن تەربىيەت قىلسا ئۇ قىزلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەردىن چىقىپ سىزىڭگە قايتىپ كەلگەن ۋە سەندىن بۆلەك قارىغۇچىسى بولمىغان قىزىڭغا قىلغان خەير - ئېھسانىڭ ئېھسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئۆزۈڭ يېگىنىڭ، بالا چاقىلىرىڭغا، خوتۇنۇڭغا ۋە خىزمەتچىلىرىڭگە يېدۈرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قىلغان سەدىقەڭ،

خەير ـ ئىھسانىڭ ھېسابلىنىدۇ.

سەدىقىنىڭ ياخشىراقى كەينىڭدە موھتاجلىقتا قالدۇرمايدىغانلىقتۇر ۋە بېرىدىغان قول ئالىدىغان قولدىن ياخشىراق. بېرىدىغان ئىھسانىڭنى ئۆزىڭگە ھامىي بولغانلاردىن باشلا: خوتۇنۇڭ روزىغارىمنى توغرىلاپ بەر، بولمىسا مېنى تالاق قىل؛ قولۇڭ مېنىڭ نەپىقەمنى بەر، بولمىسا مېنى سېتىۋەت؛ بالا ـ چاقىلىرىڭ بىزگە كىم قارايدۇ، تىرىكچىلىكىمىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ. دەپ يۈرىدىغان ئەھۋالدا قالمىسۇن.

## رىۋايەت

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قېشىغا بىر خوتۇن (تىلەمچى) كەلدى. ئائىشە ئۇنىڭغا ئۈچ تال خورما بەرگەن ئىدى. ئۇ خوتۇن يېنىدا ئېلىپ كەلگەن ئىككى بالىسىغا بىردىن بەردى. يەنە بىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالدى، بالىلىرى خورمىنى يەپ بولۇپ، يەنە ئانىسىغا قاراشتى. ئانا قولىدا تۇتۇپ تۇرغان خورمىنى ئىككىگە بۆلدى ـ دە يېرىمىدىن ئىككى بالىسىغا ئۇزاتتى. رەسۇلۇللا كەلگەندىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. رەسۇلۇللا: «سەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىسەن؟ ئىككى بالىسىغا مەرھەممەت، مېھىر ـ شەپقەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ھەم مەرھەمەت قىلىدۇ» دېدى.

قولۇڭدا بار مال ـ مۈلكىڭدىن قول ئاستىڭدىكى ئەھلى ئاياللىرىڭغا سەرپ قىل. خوتۇن ۋە بالىلىرىڭغا كالتەك كۆتۈرمە. توغرا يولدىن ماڭمىسا بالا ـ چاقىلىرىڭنى گۇناھدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تەربىيە قىل.

ياخشى كىشىلەر ئاتىلىرىغا ياخشىلىق قىلغاندەك بالىلىرىغىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ. سىېنىڭ بوينۇڭدا ئاتاڭنىڭ ھەققى بولغاندەك بالاڭنىڭ ھەم ھەققى بار.

## رىۋايەت

بەشىر ئىبن ساد ئۆز ئوغلى ھورمان ئىبن بەشىرنى كۆتۈرۈپ رەسۇلىللانىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدى، ئۇ: «ئەي رەسۇلىللا، مەن شۇ ئوغلۇم ھۇرمانغا پالانى، پالانى نەرسىلەرنى بەردىم. سىز شۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭ» دېدى. شۇندا رەسۇلىللا «ھەممە بالىلىرىڭغا ھەم شۇنداق نەرسىلەرنى بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. بەشىر: «ياق ـ پەقەت ھۇرماننىڭ ئۆزىگىلا بەردىم» دېدى رەسۇلىللا: «ئۇنداق قىلغان بولساڭ مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالمايمەن، باشقا ئادەمنى گۇۋاھ قىل. كېيىن ئۆزۈڭنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا بىر خىلدا ياخشىلىق قىلىشىنى خالامسەن؟» دېدى، ئۇ كىشى: «ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشىنى خالايمەن» دېگەن ئىدى، رەسۇلىللا: «ئۇنداق بولسا ھۇرماننىڭ ئۆزىگىلا بېرىپ، باشقا بالىلىرىڭنى مەھرۇم قىلىشىڭ دۇرۇس ئەمەس» دېدى.

ھەتتا ئات ھەم ئۆز بالىسىغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ئاياپ، ئاياغلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

## قوشنىدارچىلىق ھەققى توغرىسىدا

ھەركىم قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن ۋە ياخشى، شېرىن سۆزلەرنى قىلسۇن، ئەگەر ئېيتىدىغان شېرىن سۆزى بولمىسا، ئۇنداقتا گەپ قىلىشتىن

تىلىنى تارتسۇن.

شورپا قىلساڭ سۇيىنى كۆپرەك قىلىپ، قوشنىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، شۇنىڭدىن مىننەت قىلماي ئۇلارغا ھەم بەرگىن.

كىم ئۆزىنىڭ قورسىقى توق بولۇپ، قوشنىسى ئاچ ھالدا ئۇلتۇرغان بولسا، ئۇ كىشى چىن مۇسۇلمان ئەمەس.

كەڭ تۇرار جاي، سالىھ قوشنا ۋە بەھۇزۇر مەركەب ئۇلاغ بولۇشى مۇسۇلمان كىشىنىڭ سائادىتىدۇر.

كىشىنىڭ ئون خوتۇننى زىنا قىلغان گۇناھى قوشنىسىنىڭ خوتۇننى زىنا قىلغانغا قارىغاندا يەڭگىلرەكتۇر. ئون ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىشنىڭ گۇناھى بىر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىق قىلغاندىن يەڭگىلرەكتۇر.
ھەزرىتى جىبرىئىل قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدا ماڭا شۇ قەدەر كۆپ ۋەسىيەت (تاپشۇرۇق) قىلدىلاركى. مەن ئۇنى ھەتتا مىراسخور قىلىپ قويسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

يامان قوشنىدىن كۆچۈپ كېتىپلا ئاندىن قۇتۇلۇش مۇمكىن.

ئادەم ئۆز قوشنىسىنى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى ھەتتا ئاتىسىنى ئۆلتۇرىدىغان ۋاقىت كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## رىۋايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە ھېكايە قىلىدۇكى، كىشىلەر رەسۇلۇللادىن: «ئەي رەسۇلۇللا، پالانچى خوتۇن كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ. كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان ھەم باشقا ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ، لېكىن تىلى بىلەن قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «بۇ خوتۇندا ياخشىلىق يوق، ئۇ دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن[①].

رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشى بىر ـ بىرى بىلەن بۇرۇندىن ئازارلىشىپ ئاداۋەت تۇتۇپ يۈرۈپ، شۇ كۈنلەر ئىچىدە ئۆلۈپ كەتسە ياكى ھەر ئىككىسى يارىشىۋالماي شۇ ھالدا ئۆلسە، ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىسى ھالاكەتكە يولۇقىدۇ. قايسى بىر كىشى ئۆز قوشنىسىغا زۇلۇم قىلىپ ئۇنى ئۆز قوۋمىدىن چىقىپ كېتىدىغان ھالەتكە كەلتۈرسىمۇ ھالاكەتكە يولۇقىدۇ.»

ئەي ئاياللار، قوشنائڭلار بەرگەن سوۋغىنى قوينىڭ تۇۋىقى چاغلىق بولسىمۇ ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىڭلار.

ھەقەمسايىسىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن كۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم كامىل مۆمىن بولغان بولمايدۇ.

قوشنائڭلار تېمىڭلارغا ياغىچىنى قويىۋېلىشنى تەلەپ قىلسا رەت قىلماڭلار.

---

① دېمەك، گەرچە سەن كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلساڭمۇ، كۈندۈزى روزا تۇتساڭمۇ، خەير ـ ئېھسان ۋە باشقا ياخشىلىقلارنى قىلساڭمۇ، لېكىن تىلىڭ بىلەن قوشناڭغا ۋە باشقا كىشىلەرگە ئازار بەرسەڭ باشقا ياخشىلىقلىرىڭ يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

## سىيلە ـ رەھىم توغرىسىدا

ئۆز ئارىسىدا سىيلە ـ رەھىم قىلىشمايدىغان قوۋملەرگە ئاللا تائالانىڭ رەھمىتى نازىل بولمايدۇ.

ياش باللار، ئەقلى يېتۈك بولمىغان، يەڭگىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىدە بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىيلە ـ رەھىمنىڭ ئۈزۈلىشى، توغرا يولغا باشلىغۇچى كىشىگە ئىتائەت قىلماي، خاتا يولغا باشلىغۇچىغا ئىتائەت قىلىنىشىدۇر.

رىزقىم كەڭ بولسۇن، ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم خىش ـ ئەقرىبا ۋە يېقىنلىرىغا سىيلە ـ رەھىم قىلسۇن. [1]

مۆمىنلەر ئۆزئارا ھەقىقەتەن ئىمارەتنىڭ كېسەكلىرىگە ئوخشاش بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ.

ئاۋۋال سىيلە ـ رەھىم قىلغان كىشىگە (جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن) كېيىن سىيلە ـ رەھىم قىلغۇچى كىشى ھەقىقىي

---

① بۇ ھەدىسنى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيوللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان. سىيلە ـ رەھىم دېگەن باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئازار بەرمەسلىك، زىيارەت قىلىش (يوقلاش) بىلەن بولىدۇ، رىزقى كەڭ بولۇش دېگەندە — رىزقى بەرىكەتلىك بولۇشنى، دوست ـ يار بۇرادەرلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى، پۇل بار چاغدا سىيلە ـ رەھىم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېيىن خار بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش دېگەن بەدەنىنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشىنى ۋە ئۆلگەندە ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتسە گويا ئۆلمىگەندەك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا نامى ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، سىيلە ـ رەھىم قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئەجىلىدىن بۇرۇن كېلىدىغان بەزى ئەرزىيەتلەرگە پايدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. — تۈزگۈچىدىن

سىيلە ـ رەھىم قىلغۇچى ئەمەس، ھەقىقىي سىيلە ـ رەھىم قىلىش دېگەن سىيلە ـ رەھىم قىلىشتىن باش تارتقان كىشىگە سىيلە ـ رەھىم قىلغۇچى كىشىگە ئېيتىلىدۇ.

جانلىقنى ئازاد قىل، كىشىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزغىن، جانلىقنى ئازاد قىلىش ئۇنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش، قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش يەنە ئۇنى قەرزدارلىقتىن ۋە جەرىمانە تۆلەشتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەمدە بولۇشتۇر. ئەگەر، بۇلارنى قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقىن، بۇنىمۇ قىلالمىساڭ پەقەت شېرىن سۆزنى تىلىڭدىن چۈشۈرمە.

ئۇرۇق ئايماقلىرىڭنى بىلىۋېلىپ كېيىن ئۇلارغا سىيلە ـ رەھىم قىل. مەن ئاللاتائالا نامى بىلەن قەسەمىيات قىلىمەنكى، بىر كىشى ئۆز بۇرادىرى بىلەن ئارىلىرىدا بىر نەرسە (يامان سۆز) ئۆتتى. ئەگەر ئۇلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىدە ئىدى. ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە جەبرئەت قىلىشتىن ۋە شەنىگە تېگىشتىن ئۆزلىرىنى ساقلىغان، ئېھتىيات قىلغان بولاتتى.

بىر پاھىشە ئايال بىر قۇدۇقنىڭ بېشىدا تەشنالىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان، تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان بىر ئىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ، رومىلى بىلەن باغلاپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىتنى سۇغارغانلىقى ئۈچۈن ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلغان.

بىر ئايال مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ۋە زېمىنىدىكى

ھاشارەتلەرنىمۇ يېگىلى قويماي باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دەۋرىخى بولۇپ كەتكەن.

## رىۋايەت

ئىبن ئۆمەر رەزىيوللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ يەھيا ئىبن سەئىدنىڭكىگە كىرسە، ئۇنىڭ، يەنى يەھيا ئايىمقىلىق، بىر خىزمەتچىسى قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر مېكىياننى باغلاۋاتقان ئىكەن، ئىبن ئۆمەر مېكىياننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يېشىۋەتكەن. ئاندىن يەھيانى ئېلىپ خىزمەتچى قېشىغا بېرىپ: «خىزمەتچىڭىزنى بۇ قۇشنى باغلاپ قويۇپ قارىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن توساڭ، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋاننى ياكى باشقا جانلىقلارنى سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئىي قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن.

بەش خىل زىيانداش ھايۋان مۇقەددەس جايدىمۇ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇلار: چاشقان، چايان، سا، قاغا ۋە غالجىر ئىتلاردىن ئىبارەت.

ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان بولساڭلارمۇ ئاياللار بىلەن بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.

## ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىش ھەققىدە

ياللاپ ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ ئاققۇزغان تەرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىڭلار. بىر ئادەمنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم مىنىڭ دۈشمىنىم.

كىمىكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ ماددىي ياكى مەنىۋىي ھەققى قالغان بولسا، ئۇنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي مۇشۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتسۇن.

بىرەر كىمنىڭ خىزمەتچىسى تاماق ئېلىپ كەلسە ئۇ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ بىللە يېسۇن، خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە يېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا تاماقتىن ئاز - تولا ئېغىز تەگدۈرسۇن. چۈنكى ئۇ تاماق ئېتىشنىڭ جاپاسىنى تارتقان.

## رىۋايەت

ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا چىقىدۇ. ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا بىر قورام تاش يوقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئۆزئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئاللاغا سېغىنايلى دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى ئاللا، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا - ئانام بار ئىدى. مەن پادا باقاتتىم ماللارنى سېغىپ كېلىپ سۈتىنى ئاتا - ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن كىچىك باللىرىمغا ۋە ئەھلى ئايالىمغا ئىچكۈزەتتىم. بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم. سۈتنى ئېلىپ كەلسەم. ئاتا - ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم. باللار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. سۈتنى ئاۋۋال ئاتا - ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، سۈبھى يورۇپ ئۇلار ئويغانغۇچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇم، ئەي ئاللا، ئەگەر مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ،

بىرگە ئاسماننى كۆرەلىگۈدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. يەنە بىر ئادەم: ئەي ئاللا، ساڭا مەلۇمكى، مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئۇنى ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈز دىنار تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: «ئاللادىن قورققىن، نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم. ئەي ئاللا، سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە چوڭراق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ، دېۋىدى قورام تاشنىڭ ئۈچتەن ئىككىسى كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرسى، ئەي ئاللا، ساڭا مەلۇمكى، بىر مەدىكارنى ئىش ھەققىگە بىر فەرەق① قوناق بېرىشكە سۆزلىشىپ ئىشلەتتىم. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان قوناقنى تېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىپ قويدۇم، ھوسۇل كۆپىيىۋەردى. ئۇنىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى قۇل ئېلىپ قويدۇم. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كېلىپ: ئەي ئاللانىڭ بەندىسى، ئىش ھەققىمنى بەرگىن دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى سېنىڭكى دېدىم. ئۇ: مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ دېدى، مەن ئۇنىڭغا: «زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولىدۇ» دېدىم. ئەي ئاللا، يۇقىرىقى ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار غاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى.

---

① 74 .122 كىلوگرامغا تەڭ.

سىلەر، ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنى بۇيرۇماڭلار، ئەگەر بۇيرۇساڭلار ئۇنداقتا ئۆزۈڭلار ياردەملىشىڭلار.

كىم كىمنى ۋە نېمىنى ئۇرسا قىيامەت كۈنى ئۆزىدىن ئۇنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ.

## ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە ئادىل بولۇڭلار

ئەي مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار (ئۇنى ھۆججەت قىلىپ) ، يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (ئاللا ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن. ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بار ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئاللادىن قورقسۇن. قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن (2:282 بىر قىسمى)

كىمكى قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن كىشىلەردىن قەرز ئالسا ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن پۇل ـ مال ئالسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ قايتۇرۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى قايتۇرماسلىق، نىيىتى بىلەن ئالسا ئېلىنغان پۇل مالنى ئاللا توزۇتىۋېتىدۇ.

قەرز ئادەمنىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغ.

قەرزنى قايتۇرۇشقا قادىر تۇرۇغلۇق كەينىگە سۈرۈش زۇلۇم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر. ئاخىرەتتىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر. 17:35

ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار، نەرسىلەرنى توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلەرنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن (كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار (183—181:26)

ئاللا تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار. (4:5 نىڭ بىر قىسمى)

ئەي مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا (4.29)

بەرگەن سوۋغىنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم قەي قىلىپ بولۇپ قەي قىلغان نەرسىنى قايتا يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز مۇسۇلمانلار جامائەسى مۇنداق يامان ئىشتىن يىراق بولۇشىمىز لازىم. (بۇخارى)

راستچىل، ئىشەنچلىك سودىگەر پەيغەمبەرلەر، سادىقلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. (تىرمىزى)

ئەڭ پاك كەسىپ شۇنداق سودىگەرلەرنىڭ كەسپىدۇركى، ئۇلار سۆزىدە يالغان ئېيتمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كەمسىتمەيدۇ، نەرسە ساتقاندا ئۆزى كۆپتۈرۈپ داڭلىمايدۇ. ئۆز ئۈستىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە قولى قىسقا ئادەمدە ئېلىشى بولسا ئۇنى قىستىمايدۇ.

سېتىشتىمۇ كەڭ قورساق بولغان، سېتىۋېلىشتىمۇ كەڭ قورساق بولغان، قەرزىنى ئادا قىلىشتا كەڭ قورساق بولغان ۋە قەرزىنى قايتۇرۇۋېلىشتىمۇ كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە ئاللا رەھىم قىلسۇن.

ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇنىڭ سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر، ئۇلار سودىدا راست گەپ قىلىشسا، مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىپلىرىنى يوشۇرمىسا ئۇلارنىڭ سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرسا، سودا ئۈستىدىن يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ كېتىدۇ. مىڭنى بىر ئادەم بىلەن سودىلىشىپ، خېرىدار مۇنچە قىلغانتى دەپ قەسەم ئىچىپ ساتقان ئادەم گۇناھىنى پاكلىيالمايدۇ. خېرىدار يالغان قەسەم مالنىڭ باھاسىنى چىقىرىدۇ، بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ.

يۈرەكسىز تىجارەتچى كۆپ پايدىدىن مەھرۇم قالىدۇ، يۈرەكلىك تىجارەتچى كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ.

باھانى چۈشۈرۈۋەتسە غەم قىلىپ كېتىدىغان، باھانى ئۆرلىتىۋالسا خۇش بولۇپ كېتىدىغان بېسىمدار ئادەم نېمە دېگەن يامان ئادەم.

سەھرادىن كەلگەن مالنى شەھەرلىك ئادەم ساتسا بولمايدۇ. (سەھرالىق ئادەم شەھەرگە مال ئېلىپ كىرىپ شۇ يەردىكى باھادا ساتماقچى بولغاندا شەھەرلىك ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مېلىڭنى مەندە قويۇپ قوي، ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى باھادا سېتىپ بېرىمەن دېگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) خېرىدارغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن مالنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىلغان سودىسىنى بۇزۇپ باھاسىنى ئاشۇرۇپ ئالمىسۇن.

## ھەرقانداق ئىشتا ھەققانىي بولۇڭلار

ئەي مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقىنىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار... نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار (4:35 بىر قىسمى)

ئەگەر مەن مۇھەممەتنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم.

ئۇلار (ئاللا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق

بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەي مۆمىنلەر! ئاللانىڭ (ھەقلەرنى) ئادا قىلىشتا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار. بىرەر قوۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. (5:8)

ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگىن.

بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقىرىشتا پارا بەرگۈچىگىمۇ پارا ئالغۇچىمۇ لەنەت.

ئىشلاردا نورمال بولۇڭلار، توغرا ئىش قىلىڭلار، كىمكى ساختا قىلىدىكەن ماڭا مەنسۇپ ئەمەس.

كىشىنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم، دەپ بايان قىلىش ئەڭ يالغانچىلىقتۇر.

ئاڭلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ كىشى ئۈچۈن يېتەرلىك يالغانچىلىقتۇر.

ئىنسانلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

ھەق گەپ ئېگىسىنىڭ سۆزلەشكە ھەققى بار، سىلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاراڭلاردا ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر. (بۇخارى)

كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يارىشىشقا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلغان ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. (بۇخارى)

مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. (بۇخارى)

ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، راست سۆز بولۇش، گۈزەل خۇلۇق ۋە تەماسىز بولۇپ ھالال كەسىپ قىلىشتىن ئىبارەت تۆت خىسلەت بار. سەندە مۇشۇ تۆت خىسلەت بولۇپ، دۇنيالىقتىن باشقا نەرسە بولمىسىمۇ پەرۋا قىلمىساڭ بولىدۇ.

## ھايا توغرىسىدا

ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر.

نام ئەمەل تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقدىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق. ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىگە بولغانلاردۇر. مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆزنى ئېغىزدىن چىقارمايدۇ ۋە سورەن سالمايدۇ. ئەگەر، ئۇيالمايدىغان بولساڭ نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن دېگەن سۆز ئىلگىرىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ قالدۇرغان سۆزلىرىدۇر.

## ھېكايەت

ھەرقانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەرقانداق نەرسىدە ھايالا بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. (تىرمىزى)

ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. (بۇخارى)

ئاياللاردەك بولىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەردەك بولىۋالغان ئاياللارغا لەنەت. (بۇخارى)

چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي نوچىدۇر.

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن سىلەر سۈرۈلۈپ ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار. (بۇخارى)

بىر بەندە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ياپسىلا قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. (مۇسلىم)

كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرىمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس. (تىرمىزى)

سىلەر بۇزۇق ئىشلارنى قىلغان كىشىنى ئۇ ياتتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارە قىلماڭلار. سىرىنى ئاچماڭلار، چۈنكى ئارقىڭىزلاردا سىزلەرنى مۇشەققەتكە سالىدىغان، خاپا

قىلىدىغان باللار ۋە ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان تۇرلۇك پىتنە ۋە مۇشەققەتلەر بار. (ئەلى كەرىمەللاھۇ ۋەجھۇدىن رىۋايەت قىلغان).

سەن بىر بۇرادىرىڭنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارە قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبلىرى توغرىسىدا ئويلا. (بۇخارى)

بىر - بىرىڭلارنى لەقەمى بىلەن قوشۇپ چاقىرماڭلار.

مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ. (موسلىم)

مۆمىن بەندىدىكى ئەڭ رەزىل قىلىق يامان ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەرنى تىللاشتۇر. (بۇخارى)

يامان سۆزنى قىلغۇچى بىلەن ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارە قىلغۇچى گۇناھكارلىقتا ئوخشاش (باراۋەر). (بۇخارى)

پاھىشە (زىنا) نى ئاشكارىلىغان كىشىلەرگە ئىبرەت ئۈچۈن جازا بېرىش كېرەك. (بۇخارى)

## ئۆيلىنىش توغرىسىدا

ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلىقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسقۇن بولمىسۇن) (24:32) بىر خوتۇن بىلەن كۆپايلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر. 4:3

«ئەي مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مېھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار. ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھتىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدى ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالايسىلەر؟ (4:19—21)

ئاياللارنىڭ ياخشىسى مەھرى ئاز بولغىنىدۇر. كىمكى ئايالىنىڭ مەھرى ئۈچۈن بىر قوش چاڭگال تالقان ياكى خورما بەرسىمۇ مەھرى ئادا بولغان بولىدۇ. ئايالىنىڭ مەھرىنىڭ ئاز بولۇشى ئايالىنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىدىندۇر.

خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل ـ مېلى، شان ـ شەرىپى، ھۆسن ـ جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك خوتۇننى ئالغىن، ئاللا سېنى ئۆز پەزلىتىدىن باي قىلىدۇ.

بىر قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دادىسى ئۇنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ئەرگە بەرگەنلىكىنى ئېيتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزغا (خالاش خالىماسلىق) ئىختىيارىنى بەرگەن.

خىزام ئەنسارنىڭ قىزى چوكان چېغىدا ئاتىسى ئۇنى ئەرگە بەرگەن، خەنسا ئۇنى ياقتۇرماي رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كەلگەن، رەسۇلۇللا ئۇنىڭ نىكاھىنى قايتۇرۇۋەتكەن.
(بۇنىڭدىن قىز - ئوغۇللارنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىشسا، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى چىقىدۇ)

يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر. ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر. ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر. (24:26)

سىلەر ئاياللىرىڭلارنى قولنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالىماڭلار، دۇمبالاپ بولۇپ شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەم، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئادەمدۇر، ئايالىغا ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم مەن بولىمەن. ئايالنى نىكاھلاپ ئالغان ۋاقتىڭلاردا ئۇستۇڭلارغا ئالغان شەرتلەر ئورۇنلىنىشقا ئەڭ تېگىشلىكتۇر. ئۇلارغا ئۆزۈڭلار نېمىنى يېسەڭلار شۇنى يېگۈزۈڭلار، نېمىنى كەيسەڭلار ئۇلارغا شۇنى كەيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى ئۇرماڭلار، ئۇلارنى سەتلىمەڭلار. ئاياللار توغرىسىدا ئاللادىن قورقۇڭلار. بۇلارنى ئاللانىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنى نىكاھ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار.

سىلەرنىڭ قىرىندىشىڭلار ئالماقچى بولغان لايىقىنى ئۇ ئېلىپ بولغان ياكى ئۇنى ئالمايدىغان بولغانغا قەدەر، بۇ لايىقنى ئېلىشقا ئېغىز ئاچماڭلار.

www.uyghurkitap.com

ئايال كىشى ھەمشىرىسىنى نىسىۋىسىدىن قۇرۇق قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسىتىدە، ھەمشىرىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىشى دۇرۇس ئەمەس.

ئايال بىلەن ئايال بىر تۆشەكتە ياتمىسۇن، بىر تۆشەكتە ياتسا ئۇ ئايال ئېرىگە ئىككىنچى ئايالنىڭ سۈپىتىنى گويا ئېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك دەپ بېرىپ قالىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئېرى يېنىدىكى چاغدا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

(ئەي ئەرلەر:) ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇۋالىسەن، ئەگرى تۇرۇقلۇق پايدىلىنىۋېرىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋېرىسەن. ئاياللارغا ئېتىبار بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار.

بىرىڭلار ئائىلىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان بولسا، قايتىپ كەلگەندە ئۆيىگە كېچىسى كىرمىسۇن.①

ھەيز زىيانلىقتۇر. (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر). ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار. (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللا بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. (بەقەرە 222)

① مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئاياللار تەييارلىنىپ سۈننەت قىلىۋالسۇن، دېگەننى نەزەردە تۇتقان.

ھوت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە شۇنداق دېگەن: سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى. سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرىسىلەر سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر (تەئىراف 80 ـ 81)

## سالاملىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام) دەڭلار. (4:96)

ئەي مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار. ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ئەدەبىگە ئەمەل قىلىڭلار) ئۇچۇن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. (24:27)

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئۇستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار، بىرى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالام بەرگىن، سېنى تاماققا چاقىرسا چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغىن، سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا نەسىھەت قىلىپ قويغىن، چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللا دېسە يەرھەمۇكەللا دېگىن، كېسەل بولسا ئۇنى يوقلىغىن، ئۆلسە جىنازىسى ئارقىسىدىن بارغىن.

www.uyghurkitap.com

كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىشى كېرەك. ئۇلاغلىق ئادەم پىيادىلەرگە سالام قىلىش كېرەك. ھاراقكەشلەرگە سالام قىلماڭلار.

باشلىقلارغا ۋە ياخشى ئادەملەرگە ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار[1].

## رىۋايەت

يەھۇدىلاردىن بىر توپ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ: ئەسسامۇئەلەيكۇم يەنى (سىلەرگە ئۆلۈم تىلەيمەن) دېگەن. (سام دېگەن ئۆلۈم مەنىسىدە سالام دېگەن ئامانلىق مەنىسىدە كېلىدۇ. ئەمما تەلەپپۇز جەھەتتە سام بىلەن سالام دېگەن سۆز بىر ـ بىرىگە يېقىن) رەسۇلۇللا ئۇنى چۈشىنىپ، (سىلەرگىمۇ ئۆلۈم ۋە لەنەت بولسۇن،) دېگەن. ئائىشە بۇنى چۈشەنمەي ئاچچىقى كېلىپ ئۆلۈم ئۆزلىرىڭىزگە بولسۇن ۋە ئاللاتائالانىڭ لەنىتى ھەم غەزىپى سىزلەرگە بولسۇن، دەپ ئۇلارنى قارغىغان. شۇندا رەسۇلۇللا: ئەي ئائىشە، قوي، ئۇنداق دېمە، ئېغىر بول، قاتتىق مۇئامىلە قىلىشتىن ۋە قارغاشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا، ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن ئاللا مۇلايىملىقنى ياقتۇرىدۇ، دېگەن ئاخىرىدا ئائىشە ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېگەن. رەسۇلۇللا مېنىڭ ئۇلارغا نېمە دېگەنلىكىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇلارغا

---

[1] ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تۇزۇڭلار دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەمەلىي پەزلى، ئەمەلىي ئىلىم، ئەمەلىي سالا ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. ئۆزىنى چوڭ ساناپ، كىشىلەرگە كىدىيىپ باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرماقچى بولغان تەكەببۇر كىشىلەرگە ئورنىدىن قوپمىسىمۇ بولىدۇ. باشقىلاردىن ھۆرمەتنى تەما قىلماسلىق كېرەك، ئادەم ئۆزى ھۆرمەتكە لايىق بولۇشى كېرەك.

ۋە ئەلەيكۇم (يەنى ئىيتقات سۆزلىرىڭىزدىكى ئۆزىڭىزگە بولسۇن) دېدىمغۇ دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، رەسۇلۇللا: ئۇلارنىڭ يامان تىلىكى ماڭا يۇقمايدۇ، ئەمما مېنىڭ تىلىكىم ئۇلارنى مالاك قىلىدۇ دېگەن.[1] (دوردانىلەر 311)

## گۇمانخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت توغرىسىدا

ئەي مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (ئائىلەڭلاردىكىلەرگە ۋە باشقىلارغا گۇمانخورلۇق قىلماڭلار) بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھدۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار) سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر! ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر (49:12).

ئەي مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار (49:6).

گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، گۇمانخورلۇق سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاختۇرماڭلار، تىڭ - تىڭلاپ يۈرمەڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار. بىر مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان يەردە (ئۇنى ئىنكار قىلىپ) ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالساڭلار، قاتتىق

---

① سالامدا قەتئىي دىققەت قىلىش كېرەككى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» ئىبارىسىنى تولۇق ئېلىش لازىم. ساملەيكۇم دەپ قويسا بۇ ئۆلۈمىڭنى تىلەيمەن دېگەن مەنە بېرىپ قالىدۇ. سالامنى قايتۇرغاندىمۇ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ تولۇق قايتۇرۇش كېرەك.

ساۋابقا ئىگە بولىسىلەر.

غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر (غەيۋەت دېگەن قېرىنداشىڭنى ئۇ، ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر بىلەن تىلغا ئېلىشىڭلاردۇر. ئەگەر، دېگەنلىرىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا تېپىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا بوھتان قىلغان بولىسەن.

تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ئەڭ كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.

بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆز قېرىنداشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.
بىركىم ئۆزىدىن ئۇستۇنلەرگە قارىغاندا ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگىمۇ قارىسۇن.

مالنىڭ كۆپلىگى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھى بايلىقتۇر.

ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى ئويمان مېلى بولسا، ئۇ چوقۇم ئۈچىنچى ئويماننى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قارنىنى توپىلا تولدۇرىدۇ.

ئاللا بىرىڭلارغا ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلىپ بەرگەن نەرسە ئۈچۈن ھەسەت قىلىشماڭلار.

ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار ھەسەت قىلىش ياخشىلىقىڭلارنى خۇددى ئوت ـ ئوتنى يېگەندەك يەيدۇ.

## رىۋايەت

بىر ئادەم مەدىكار ئىشلەتمەكچى بولۇپ كىم ماڭا بىر قىرات پۇلغا چۇشكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. يەھۇدىلار بىر قىرانقا چۇشكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم: كىم ماڭا بىر قىرات پۇلغا چۇشتىن نامازدىگەرگىچە ئىشلەپ بېرىدۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم، كىم ماڭا ئىككى قىرات پۇلغا نامازدىگەردىن كۈن پاتقۇچە ئىشلەپ بېرىدۇ، دەپتۇ. ئىككى قىرات ھەق ھېسابىغا نامازدىگەردىن كۈن پاتقۇچە ئىشلەپ بېرىدىغانلار سىلەر بولىسىلەر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلار ۋەناسارالار جىق ئىشلەپ ئاز ھەق ئالىمدۇق دەپ خاپا بولىشىدۇ ئاللا ئۇلارغا: سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردىن بىر نەرسە كېمەيتىۋەتتىمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار ياق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللا مانا بۇ مېنىڭ پەزلىم، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىمەن دەيدۇ.①

---

① بۇ تەمسىل، ئىنجىلدە مۇنداق ھېكايە بىلەن بايان قىلىنغان. ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىسى سەھەردە ئۆز تاللىقىغا مەدىكار ئالغىلى چىققان ئۈزۈم ئاغىلىق ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ مەدىكار بىلەن كۈنلىكىنى بىر دىناردىن كېلىشىپ ئۇلارنى ئۆز تاللىقىغا ئەۋەتتى. ئۇچ سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە چىقىپ بازاردا بىكار تۇرغان باشقىلارنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئېيتتى: سىزلەرمۇ تاللىققا، بېرىڭلار، ھەققىڭلارنى بېرەي. ئۇلارمۇ باردى. ئالتىنچى ۋە توققۇزىنچى سائەتكە يېقىن چىقىپ ھەم شۇنداق قىلدى، ئون بىرىنچى سائەتكە يېقىن چىقىپ بىكار تۇرغان باشقىلارنى تېپىپ، ئۇلارغا ئېيتتى: نېمە ئۇچۇن پۇتۇن كۈن مۇنداق بىكار تۇرسىلەر؟ ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: ھېچكىم بىزنى ئىشقا ياللىمىدى. ئۇ، ئۇلارغا ئېيتتى، سىزلەرمۇ تاللىققا بېرىڭلار دېدى. ئاخشام بولغاندا تاللىقنىڭ ئىگىسى ئۆزىنىڭ ۋەكىلىگە ئېيتتى: مەدىكارلارنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەجرىنى بەرگىن. ئەڭ كېيىنكى ئون بىرىنچى سائەتتىكىلەر كېلىپ ھەربىرى بىر دىناردىن ئالدى. ئاۋۋالقىلارغا كەلگەندە ئۇلار ئوشۇقراق ئالىمىز دەپ خىيال قىلىشتى. لېكىن ئۇلارغىمۇ بىر دىناردىن بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باغنىڭ ئىگىسىگە كوتۇلدۇرۇشۇپ كېتىشتى — بۇ ئاخىرىدا كەلگەنلەر بىر سائەت ئىشلىگەن، بىز كۈندۈزنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئاپتاپ ئىسسىقىنى تارتقانلارغا ئۇلارنى تەڭ قىلدىڭ. لېكىن ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ھەي دوستۇم. مەن ساڭا ناھەقچىلىق قىلمىدىم، سەن مەن بىلەن بىر دىناردىن توختاملاشتىڭمۇ؟ ھەققىڭنى ئېلىپ كەتكىن تاكى ئاخىرغىچە ساڭا بەرگەندەك بىر دىنارلاردىن بېرىشنى خالايمەن. ئۆزۈمنىڭكىنى ئۆزۈم خالىغاندەك قىلىشقا ھەققىم بار ئەمەسمۇ؟ ياكى مېنىڭ ياخشىلىقىمغا سېنىڭ كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كىشى تەكەببۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭدا ئىككى خىل خۇسۇسىيەت كۆپىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىرى دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، يەنە بىرى چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەس. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

سىلەرگە ئەڭ ئەسكى ئادەمنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، قاچان كۆرسەڭلار چېقىمچىلىق بىلەن يۈرۈپ دوستلار ئارىسىنى بۇزغۇچى، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ بۇزۇقلۇق، ھالاكەت ۋە مۇشەققەتكە مۇپتىلا بولۇشلىرىنى ئىزلىگۈچى كىشىلەردۇر.

يامان سۆزنى ئېيتقۇچى بىلەن ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارە قىلغۇچى گۇناھكارلىقتا باراۋەر. (ھەزرىتى ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنغان.)

كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. ئاللا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكنىڭ ئاۋازىدۇر. 19—31:18

مەرھەمەتلىك ئاللانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ يەنى «گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. (25:63)»

سەن زېمىندا تەكەببۇرانە يۈرمىگىن (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن. (ھەرقانچە

گـىدەيگـىنـىـڭ بىـلـەن) ئېگىـزلـىـكـتە تـاغلارغـا تەڭلـىشـەلـمـەيسـەن. (سۈرە ئىسـرائىـل 17:37).

## رىۋايەت

كىشىلەر رەسۇلۇللادىن سورىدى: كىبىر نېمەدۇر؟ بىر كىشىدە ئىچكى ـ تاشقى كىيىمى بولۇپ، ئۇلارنى كىيىپ يۈرسە كىبىر بولامدۇ؟ رەسۇلـۇللا ياق دېدى. ئۇلار يەنە، ئۇنداق بولمىسا بىر كىشىدە چىرايلىق تاسمىلىق بىر جۈپ كەشـى بولۇپ، ئۇلارنى كىيىپ يۈرسە كىبىر بولامدۇ؟ رەسۇلۇللا ياق دېدى. ئات، خېچىر، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغلىرى بولۇپ، ئۇنى مىنىپ يۈرسە كىبىر بولامدۇ؟ رەسۇلۇللا يەنە ياق دېدى. بىر كىشىنىڭ ياخشى سۆھبەتداش دوستلىرى بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرسا، بۇ كىبىر بولامدۇ؟ رەسۇلۇللا ياق بولارنىڭ ھېچقايسىسى كىبىر ھېسابلانمايدۇ دېدى. ئۇلار: ئەي رەسۇلۇللا، ئۇنداق بولسا نېمىنى كىبىر دەيمىـز؟ دېدى. رەسۇلۇللا: ھەقىقەتنى، توغرا پىكىرنى تەن ئالماسلىق ۋە باشقا كىشىلەرنى ئۆزىدىن پەس كۆرۈش كىبىر بولىدۇ — دېدى.

ھېچبىرىڭلار قۇلۇم، چۆرەم (قۇلىڭىز، چۆرىڭىز) دەپ ئېيتماڭ. لېكىن غۇلاھىم، قىزىم، يىگىتىم دەپ ئاتىـسا دۇرۇس بولىدۇ.

ھەتتا قۇلمۇ خوجىسىنى رەببىم (تەربىيىچىم) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتىمىسۇن.

## رىۋايەت

بىر كۈنى كىشىلەر رەسۇلۇللاغا سىـز ئارتۇقلـىـقتا ھەممىمىزدىن ئەزىزراقسىـز ۋە ئېھسان قىـلـىـشتا ھەم ھەممىمىزنىڭ ئۇلۇغراقمۇسىز — دېدى، بۇ چاغدا رەسۇلۇللا:

سىزلەر ماڭا ئۆزۈڭلارنىڭ ئاددى گېپىڭلارنى قىلىڭلار. شەيتان سىزلەرنى ئۆزىنىڭ يولىغا تارتىپ كەتمىسۇن — دېگەن[①]

## ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى توغرىسىدا

ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەندى - نەسىھەت ئالالايدۇ. (3:269)

ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرىزدۇر. (ئىبن ماجەھ رىۋايەت قىلغان)

ئىلىم سورۇنلىرى سىلەر يايلايدىغان جەننەتنىڭ باغچىلىرىدۇر. (تەبرانى رىۋايەت قىلغان)

ئىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار (تەبرانى رىۋايەت قىلغان)

ھېكمەتلىك سۆز مۆمىن ئادەمنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردە تاپسا ئېلىشقا ھەقلىقتۇر (تىرمىزى)

كىمكى ئۆلىمالار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ياكى نادان

---

① رەسۇلۇللا غايەت تەۋەززۇلۇق، كەمتەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ «سايىدۇنا ۋە مەۋلانا» دېگەندەك، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ «تەقسىر، جانابلىرى» دېگەندەك ھۆرمەت تەرىقىسىدە ئېيتىدىغان گەپلىرىنى يۇزىدىن - يۇزىگە ئېيتىشنى خالىمايتتى ۋە شۇنداق قۇللارچە مۇئامىلە قىلماسلىقنى ئۇممەتلىرىگە ئۆگەتمەكچى ئىدى.

ئادەملەر بىلەن مۇنازىرلىشىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلسا. ئۇ ئەڭ تەكەببۇر ئادەمدۇر. (تىرمىزى)

بىر كىشىگە بىلمەستىن پەتىۋا بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا بىلىپ تۇرۇپ نا توغرا مەسلىھەت بەرسە ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت)

ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەتگۈچى بولغىن، ياكى ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن. (تەبرانى رىۋايەت قىلغان)

ئادەم جاپا تارتماي تۇرۇپ ئەقىللىق، ئۆز خۇلۇقلۇق بولالمايدۇ، ھەربىر ياخشى - يامانىنى بېشىدىن كەچۈرمەي تۇرۇپ ھېكىم، ئالىم بولالمايدۇ.

تەجرىبە بولمىسا كىشىدە ھەلىملىك ۋە ئاقىلانىلىك مۇتلەق بولمايدۇ.

ئىلىم بىلىمنى كىشىلەردىن ئاياشقا، مەنئىي قىلىشقا بولمايدۇ. (ئەلشىر نەۋائى «40 ھەدىس»)

ئىبراھىم ئاللاغا شۇنداق دۇئا قىلغان:

«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن» (26:83)

كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ئۇلارغا قىيىن ئەمەس، يەڭگىل يولنى كۆرسىتىڭلار.

## پاكىزلىك توغرىسىدا

كىيىمىڭنى پاك تۇت (74:4).

پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر (مۇسلىم)

پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدىغان تۆت تۈرلۈك ئىش بار. ئۇلار ھايالىق بولۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە ئۆيلىنىشتىن ئىبارەت. مىسۋاك دېگەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ. ئاللانى رازى قىلىدۇ.

بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش (ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش) بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشتىن ئىبارەت. (بۇخارى)

شەكسىزكى ئاللاتائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللا تائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ، ئاللاتائالا سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياقتۇرىدۇ. ھويلا ـ ئارامىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار، يەھۇدىلارغا ئوخشاپ قالماڭلار (تىرمىزى)

ئىككى يامان قىلىقتىن ساقلىنىڭلار: بىرى كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىغا يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇش. (مۇسلىم)

## رىۋايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋېتىپ مەسچىتنىڭ قىبلە تېمىدىكى خەپرۈكنى كۆرۈپ، قولى بىلەن ئۇنى قىرىۋېتىپ، ئاچچىقلانغان، ئاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر كىشى نامازدا تۇرغان چاغدا ئاللا ئۇنىڭ روبىروسىدا بولىدۇ، نامازدا تۇرۇپ ئالدىغا تۈكۈرمەسلىك كېرەك. (بۇخارى)

بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. (بۇخارى)

سىلەر سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچكەندە قاچىغا تىنىپ ئىچمەڭلار. ھاجەتخانىگە كىرگەندە ئەۋرىتىڭلارنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تۇتماڭلار ۋە ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تازىلىماڭلار. (بۇخارى)

## رىۋايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پاقما باش بىر ئادەمنى كۆرۈپ، بۇ كىشى چېچىنى تۈزەيدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟ دېدى، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن يەنە بىر ئادەمنى كۆرۈپ، بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟ دېگەن. ئەبۇل ھەۋەس دېگەن بىر كىشى ناچار كىيىملەر بىلەن رەسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن، رەسۇلۇللا: سېنىڭ پۇل ـ مېلىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىغان. ئۇ ئادەم بار دېگەن. رەسۇلۇللا: قايسى خىلدىكى ماللىرىڭ بار؟ دېگەندە ئۇ كىشى تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت

ماللىرىم بار دېگەندە ، رەسۇلۇللا: ئاللا ساڭا پۇل ـ مال بەرسە، ئۇ ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن، دېگەن.

## دوستلۇق توغرىسىدا

كىشى قىيامەت كۈنى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ. (بۇخارى)

بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا پەقەت ئۇنى خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتسۇن. (بۇخارى)

سىزلەردىن قايسى بىرىڭلار دوستلۇرۇڭلارنى ياخشى كۆرسە، ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلسۇن.

ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن بولسا ئۇلارنىڭ ئەۋزىلى شۇ دوستىغا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇرراق بولغىنىدۇر.

دوستۇڭنى ياخشى كۆرسەڭ ئۇنىڭ بىلەن جىبدەللەشمە، ھەر ئىككىلا تەرەپكە يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەرىكەتنى ھەم قىلما. ئۇنىڭ توغرىسىدا باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرمە. چۈنكى، سۈرۈشتۈرگەن كىشىنىڭ دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالسا يوق ئىشلارنى دەپ ئارىلىرىڭىزنى بۇزۇپ قويىدۇ.

ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەن:

بىر ياكى ئىككى قاچا تائامنى ئاللا ئۈچۈن دوست تۇتقان بۇرادەرلىرىمدىن بىرقانچىسىنى يىغىپ كېلىپ، شۇلارغا يېدۈرگىنىم مەن ئۈچۈن بازارلارغا بېرىپ بىر قۇل ئازاد قىلغىنىمدىن ياخشىراق.

## غەزەپ ۋە ئالدىراقسانلىق توغرىسىدا

چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم نوچىدۇر.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەسىھەت قىلغىن دېدى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئاچچىقلانمىغىن» دېدى، ئۇ ئادەم نەسىھەت قىلغىن دېگەن سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندا رەسۇلۇللا يەنىلا ئاچچىقلانمىغىن — دېدى.

ھەلىملىك بىلەن ھايا ئاللا ياخشى كۆرىدىغان ئەخلاق.

### رىۋايەت

بىر كىشى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بىلەن يەنە بىر قۇلى قالدى. ئۇ ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلىنى قۇلىغا ۋەسىيەت قىلىپ تاپشۇرۇپ كەتتى. بالا چوڭ بولۇپ، قۇلى ئۇنى ئۆيلەندۈردى ۋە خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى توغرا ۋە تولۇق ئىجرا قىلىپ تۇردى. لېكىن بالا، مەن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى بارىمەن. سەپەر ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەر دەپ قۇلغا بۇيرۇدى. قۇل يول خىراجەتلىرى ۋە لازىملىق ئوزۇقلۇقلارنى تەييارلاپ، بالىنى يولغا سالدى. بالا بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ «خوپ، لېكىن ھازىر ئەمەس، قاچان ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىدىغان بولغىنىڭدا ماڭا كەلسەڭ شۇ چاغدا ساڭا ئىلىم ئۆگىتىمەن» دەپ ۋەدە بەردى. كېيىن بالا يولغا چىقماقچى بولۇپ، ئالىمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەتتى. شۇندا ئالىم:

«ئاللاتائالادىن قورق، سەۋرلىك، چىداملىق بول، ئىش قىلغاندا ئالدىراقسانلىق قىلما! مانا يۇقىرىقى ئىلىم ساڭا كۇپايە» دەپ بالىغا ئاقىۋول تىلەپ دۇئا قىلىپ يولغا سالدى. بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىۋاتقان ھەسەن، «مانا يۇقىرىقى ئۈچ سۆز پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى. بالا داموللىدىن ئالغان ئۈچ ئېغىزغىنا تەلىمنى تەكرارلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. مىنگەن ئۇلىغىدىن چۈشۈپ خانىسىگە كىرسە، خوتۇنى ئۇخلاپ يېتىپتۇ. چەتراقتا يەنە بىر ئەركەك ئادەممۇ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كۆڭلىدىن يامان خىياللار ئۆتۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇنىڭغا قانداق چىداش مۇمكىن، دەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلغىدىكى قىلىچنى ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. لېكىن داموللا ئۆگەتكەن ئۈچ سۆز يادىغا كەلدىيۇ، ئۆزىنى توختاتتى. يەنە ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا بىرىپ شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئالدىنقىدىن تېخىمۇ بەتتەر جەھلى قاتتى. قىلىچنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتقاندا ئۇ كىشى ئويغىنىپ قالدى ـ دە، بالىنى كۆرۈش بىلەن سالاملىشىپ ئۇنى قوچاقلاپ سۆيدى. ئاندىن: «مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىن قايتقاندىن كېيىن، نېمىلەرنى بىلىپ كەلدىڭ» دەپ سورىدى. يىگىت: «ئۇ يەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كەلدىم، ئۆگەنگەن ئىلمىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇستىڭىزگە ئۈچ قېتىم بىرىپ كەلدىم، ئەمما ئاخىر ئۇ سىزنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى» دېدى دە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

## ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن

ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. (99:7—8)

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (3:104)

لوقمان ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان:
ئەي ئوغۇلچىقىم، نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل تەركان بىلەن) ئوقۇغىن، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن. ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتكە ئۇچرايدۇ.) بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلارنى دوست تۇتمايدۇ. (31:16—18)

ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقا، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدەدۇر. (103:2—3)

سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا بولسىمۇ نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان. (5:79)

كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر. (3:44)

ئاللا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەخرىبالارغا سىلەر رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز ھەرىكەتلەردىن)، يامان ئىشلاردىن، زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللا سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ. (16:90)

سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللا نازىل قىلغان كىتابلارغا) پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرەبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا، قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشكە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللانىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش، ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر. (بەقەرە 177)

كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆمرى ئۇزۇن بولغان، ئەمەلى ياخشى بولغان ئادەمدۇر. (تىرمىزى)

بىرەر ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغان ئادەمگە ئۇنى قىلغۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. (مۇسلىم)

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار، ياكى ھايۋانلار يېسە، بۇ ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. (بۇخارى)

قېرىنداشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقىنىڭدەك ئىش بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىمىغىن. (مۇسلىم)

## سەدىقە توغرىسىدا

ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار) دېگىن. (2:219)

ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللا (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر. ھەلىمدۇر (2 : 263) ئەي مۆمىنلەر، پۇل ـ مالنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاغا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە)، ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

بۇنداق ئادەم خۇددى ئۇستىگە توپا ـ چاڭ قونغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بۇرۇنقىدەك) بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. (2:264)

ھەربىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىش لازىم. (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە بولمىسا) كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزسۇن، سەدىقە قىلسۇن. (ئەگەر ئۇنداقمۇ قىلالمىسا) ئاجىز بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەك بولسۇن، (ئۇمۇ قولىدىن كەلمىسە) ياخشى ئىشلارنى قىلسۇن، يامان ئىشلاردىن قول يىغسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. (بۇخارى)

مۇنداق ئىككى خىسلىتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ـ ئاللا ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق سەرپ قىلغان، يەنە بىرى، ئاللا بەرگەن قۇرئان ئىلىملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن. (بۇخارى)

شۇ خىلدىكى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇكى، سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، پۇل ـ مالغا ھېرىس بولۇپ تۇرغان، ساغلام تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە پالانچىغا مۇنچىلىك، پوكۇنىگە مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

ھەرقانداق مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە،

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان ئۇچۇن ئۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. (بۇخارى)
كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قىلغان نەپىقىسى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. (بۇخارى)

ياخشى ئىشلار، ياخشى سۆزلەر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. (بۇخارى)

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارغامچىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتۇن تېرىپ يۈدۈپ كېلىپ جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ كىشىلەردىن تىلەپ جان باقاندىن ياخشى. (بۇخارى)

خەير - ساخاۋەت قىلغىن، سىقىپ تۇرىۋالمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ ئاللا نەرسەڭنىڭ بەركىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ ۋە ساڭا كۆپ نەرسە بەرمەيدۇ. يىغىپ مۇمسىكلىك قىلمىغىن، بۇنداق قىلساڭ ئاللا رىزقىڭنى تارقىلىپ قويىدۇ. (بۇخارى)

ئىسراپچىلىق قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار. (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

بېخىللىق ۋە ناچار ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەت مۆمىن ئادەمدە بىللە بولمايدۇ.

ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ. (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

بېخىل بىلەن سېخىي گويا كۆكسىدىن ئوقىرىكىگىچە،

تۆمۈر تــون كــەيگەن ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ. ســېخىي ئــادەم خەير ـ ئېھسان قىلغانسېرى تۆمۈر تون تېخىمۇ سوزۇلۇپ، بەدىنى ئۈستىدە كېڭىيىپ، ئۇنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىمۇ قوشۇپ بېسىپ تۇرىدۇ، بەدىنىدە ئىزمۇ قالدۇرمايدۇ. بېخىل ئادەم خەير ـ ئېھسان قىلماقچى بولسا، تۆمۈر تونىنىڭ ھەربىر ھالقىسى ئۇنىڭ بەدىنىگە پېتىپ تۇرغاچقا ئۇنى كېڭەيتەي دېسىمۇ كېڭەيتەلمەيدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان.)

## بىرقانچە پايدىلىق نەسىھەتلەر ۋە ھېكمەتلەر

مۇكەممەل نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى تەرك ئەتسە ئۇ كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بىر قىسىم كىشىلەرگە كۆلۈمسىرەپ قويــــــمىزيۇ، ئىچىمىزدە ئۇلارغا چوقۇم لەنەت ئوقۇيمىز. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

زىنھار نۇقسان يەتكۈزمەسلىك ئاستىدا كــىشــــلەرگە ئارىلاشقىن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

مۆمىن ئادەم يىلان چېقىۋالغان تۆشۈككە قايتا قولىنى سالمايدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بەندىلەرگە ئاتا قىلىنغان تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نېمەت بار. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەي، زىيان تارتىدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

دۇنيادا سەن گويا مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن.

ئاخشىمىڭدا ئەتىگەنلىكىڭنى كۈتمىگىن، ئەتىگىنىڭدە ئاخشىمىڭنى كۈتمىگىن. تەن ساق چاغلىرىڭدىن كېسەل چاغلىرىڭ ئۈچۈن پايدىلانغىن. تىرىكلىكىڭدىن ئۆلۈمىڭ ئۈچۈن پايدىلانغىن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئادەم بالىسىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنىڭدا پۇل مالغا بولغان ھېرىسلىق بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئىستىكىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نەرسە كۈچىنىپ بارىدۇ. (بۇخارى)

سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزقىنى كېمەيتىدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ياخشىلىقنى ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي ئادەملەردىن كۈتۈڭلار. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

دىنار ۋە دەرھەمگە (پۇل - مالغا) قۇل بولغانلارغا لەنەت. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

تولا كۈلۈش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۆلتۈرىدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

مەجلىس ۋە يىغىلىشلاردا ئاڭلىغان سۆز ئامانەتتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سىر ساقلىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

مەسلىھەت بەرگۈچى كىشى ئامانەتداردۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش ھەقىقەتەن پايدىلىقتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

مىننەت قىلىش سېخىلىقنىڭ ئاپىتىدۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىد ئۈزۈش (تەما قىلماسلىق) نىڭ ئۆزى ھەقىقىي بايلىقتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

كىشى ئۆز تىلى بىلەن بالا ـ قازاغا دۇچار بولىدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۈزەتكەن ئادەم بەختلىكتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

كىشىلەرگە تەشەككۇر ئېيتمايدىغان ئادەم تەڭرىگىمۇ تەشەككۇر ئېيتمايدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ئىنسانلارغا پايدا ـ مەنپەئەتى كۆپ تېگىدىغان كىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

مەنىسىز سۆزلەرنى ئېيتىشتىن ساقلىنىش ـ

مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نەقەدەر چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ئۆلۈم كىشىگە يېتەرلىك پەند ـ نەسىھەتتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ھەربىر ئىشنىڭ سەۋەبى، جەريانلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش ھەقىقي ئېھتىياتچانلىقتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

بىر ـ بىرىڭلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىشىپ دوست بولۇڭلار. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ناتونۇش، يالغۇز ئاياللارغا تاشلانغان ھەربىر شەھۋانە كۆز شەيتاننىڭ ئوتى دېمەكتۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

گاھى ـ گاھىدا كۆرۈشۈپ تۇرۇش مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

ۋەدىنىڭ ئۆزى پەرھىزدۇر. (نەۋائى «40 ھەدىس»)

مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىدىغان كىشىلەر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسا ئۇلارنى بېرىپ يوقلىماڭلار. (بۇخارى)

## يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى ھەققىدە

(ئەي مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق بىلەن قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا «ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە چوڭ گۇناھ

ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن.

ھەي بالا، تاماق يېگەندە بىسمىللا دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىڭدىكىنى يېگىن. (بۇخارى)

ئىككى ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى ئۈچ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۈچ ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ.[1] (بۇخارى)

مۆمىن ئادەم بىر ئۈچەي يېسە، كاپىر يەتتە ئۈچەي يەيدۇ. (بۇخارى)

(رەسۇلۇللا:) مەن تاماق يېگەندە يۆلۈنۈپ (تەكەببۇرلارچە كېرىلىپ دېگەن مەنىدە) تۇرۇپ يېمەيمەن، دېگەن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللا ھېچقانداق تاماقنى كەمسىتمىگەن ئىدى، كۆڭلى تارتسا يەيتى، كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى. (بۇخارى)

دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانغا ئوخشاش بەرىكەتلىك دەرەخمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ خورمىدىن ئىبارەت. (بۇخارى)

كىمكى ئەتىگەندە ئەجۋە خورمىسى (مەدىنە خورمىلىرىنىڭ بىر تۈرى) دىن يەتتە تال يېسە، ئۇنىڭغا شۇ كۈنى زەھەر ياكى سېھرى تەسىر قىلمايدۇ. (بۇخارى)

---

① بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى بىرگە يېگەن تاماق بەرىكەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش، تاماقتىن قىزغانماسلىق، باشقىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىش مەسىلىرى كۆزدە تۇتۇلغان.

مەسچىتكە سامساق، پىياز يەپ كىرمەڭلار. (بۇخارى)

چىش ۋە تىرناقتىن باشقا، قان ئېقىتالايدىغان نەرسە بىلەن بىسمىللا دەپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى ھالال بىلىپ يېسە بولىۋېرىدۇ. (بۇخارى)

تاش بىلەن بوغۇزلانغان ۋە ئاياللار بوغۇزلىغان گۆشمۇ ھالال. (بۇخارى)

ئالدىڭلارغا كەلگەن گۆشنىڭ بىسمىللا دەپ ياكى دېمەي سويۇلغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىساڭلار، يېگەن ۋاقىتتا بىسمىللا دەپ يېسەڭلار بولىۋېرىدۇ. (بۇخارى)

## رىۋايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىمىسۇن، دېگەن. ياندۇرقى يىلى كىشلەر: ئەي رەسۇلىللا، قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۆتكەن يىلدىكىدەك بىرتەرەپ قىلامدۇق؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: يەڭلار، باشقىلارغىمۇ بېرىڭلار ۋە ساقلاپ يەڭلار، بۇلتۇر كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ يىلى قۇربانلىق گۆشىدىن كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشىڭلارنى ئىرادە قىلغان ئىدىم، دېگەن.[1]

---

[1] بۇنىڭدىن ھەر ئىشنى قىلغاندا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

تاماق يېگەندە ۋە ئىچكەندە ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا ئىچمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش لىگەنلەردە يېمەڭلار. (بۇخارى)

سىلەردىن بىركىم (سۇ) ئىچكەن قاچىغا تىنىپ ئىچمىسۇن. (بۇخارى)

بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمايدىغان تويىنىڭ ئىشى ئەڭ يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ. (بۇخارى)

سىزلەردىن بىرىڭلار تويغا چاقىرىلسا، چاقىرغان يەرگە بارسۇن. (بۇخارى)

بايلار چاقىرسا بېرىپ، كەمبەغەل چاقىرغان جايغا بارماسلىق گۇناھ بولىدۇ. (بۇخارى)

ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككىسى ئۈچۈنچىسىدىن يوشۇرۇن پىچىرلاشمىسۇن. (بۇخارى)

ئۇخلايدىغان چېغىڭلاردا ئۆيۈڭلاردا ئوتنى يېنىقلىق قويماڭلار. (بۇخارى)

ھېچكىم بىرەر مەخلۇقنىڭ ۋە ئادەمنىڭ يۈزىگە تامغا باسمىسۇن ھەم يۈزىگە ئۇرمىسۇن. (بۇخارى)

ھەربىر مۆمىن ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئۇ بۇرادىرىدىن بىرەر ئەيىبىنى كۆرسە، ئۆزىدە بولغان بۇنداق ئەيىبنى تۈزىتىشكە نىيەت قىلىشى كېرەك. (بۇخارى)

ھەربىر مۆمىن ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئەينىكى، ھەربىر مۆمىن ئىككىنچى مۆمىننىڭ بۇرادىرى ـ ئاكىسى ياكى ئۇكىسىدۇر. ئۇنىڭ زايا بولىشىدىن ساقلايدۇ ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ. (بۇخارى)

## يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق ھەققىدە

شۇنداق يېتىملار توغرىسىدا پەتىۋا بىردۇركى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر، (ئۇلارنىڭ مىراسى قولىمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ دەپ) ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسىلەر (يەنى مۇنداق قىلماسلىقىڭلارغا پەتىۋا بىردۇر) بوزەك قىلىنغان باللارنىڭ ھەققىنى بېرىشىڭلار ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشىڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ. (بەقەر سۈرىسى 127 ـ ئايەت)

يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھدۇر. ئەگەر، يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۇچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن

www.uyghurkitap.com

بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۆپايلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۆپايلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر. (4:2—3)

يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلۈكنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن. ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. (4:6)

يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار. (6:53)

يېتىم بالىنىڭ تەربىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى جەننەتتە مەن بىلەن شۇنداق يېقىن بولىدۇ.[1]

يېتىم بالىغا ئۆز دادىسىدەك مەرھەمەتلىك بول، نېمە تېرىغان بولساڭ شۇنى ئورىدىغانلىقىڭنى ياخشى بىل، بايلىقتىن كېيىن كەمبەغەل بولۇپ قېلىش جۇدالىقى يامان. بۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىش توغرا يولدا بولۇپ، كېيىن ئەگرى يولغا كىرىپ

---

① ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئىككىنچى بارمىقىنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن.

كېتىشىدۇر.

ئېرىدىن تۈل قېلىپ، باللىرىنى تەربىيىلەشتە چىداملىق بولغان ۋە تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك رەڭگىرويى سارغىيىپ كەتكەن خوتۇن بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق بولىمىز.[①]

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر: «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، (قۇرئان ھەدىسلەردىن تاللانمىلار»، «ئەدەب دۇردانىلىرى»، «چىھل ھەدىس» قاتارلىق كىتابلاردىن ئېلىندى.

---

① ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئىككىنچى بارمىقىنى چىقىرىپ كۆرسەتكەن.

www.uyghurkitap.com

# «ھاياتلىقنامە» دىن[1]

## 1

ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ باردۇر، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا، ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللا خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللا (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. (24 ـ سۈرە نۇر 35 ـ ئايەت)

قىسقىچە شەرھى:

جانابى ئاللا يۇقىرىقى ئايەتتە ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى ۋە نۇرىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ۋە مۆمىنلەرنىڭ قەلبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدارىكىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ناھايىتى كونكرېت ۋە ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلغان. چۈنكى

[1] «ھاياتلىقنامە» يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ يېقىندا نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان كىتابى.

ئىنسانغا ئازراقلا ئەقىل بېرىلگەن. ئىنسانىنىڭ ئەقىل - پاراستى ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىتى ۋە ئۇنىڭ ياراتقان ھېكمەتلىك مۆجىزاتلىرى ئالدىدا پۈتۈن ئوكيانلار ئىچىدىكى بىر تامچىغا، پۈتۈن ئالەم يورۇقلۇقىدىكى بىر زەررىچىگە باراۋەر تۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭىمۇ ئىنسانلارنىڭ بىلگەنلىرى تېخى ئالەم سىرلىرىنىڭ ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنۈشلىرى بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ ئاللا ئىنسانغا بۈيۈك ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىپ، پۈتۈن مەۋجۇداتتىن شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىش، يەنى بىلگۈچى قىلىش بىلەن يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردى. ئاللاھ يەنە زۇلمەتتە قالغان، جاھالەتكە پاتقان ئىنسانلارنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئۈچۈن ئىمان نۇرىنى، يەنى «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈپ بەختىيار قىلدى.

ناھايىتى روشەنكى، ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىسىز ئاسمان ۋە زېمىندىكى يورۇقلۇق - نۇرنى، ھاياتلىققا كاپالەتلىك قىلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى «ئاللا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ. ئاللانىڭ نۇرى مۆمىن بەندىنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرىدىغان ، ئىنساني قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئىدراك ئارقىلىق ياراتقۇچىسىنى، ياراتقۇچى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدىغان چىراغتۇر. ئۇ چىراغ قەلب شىشىسىنىڭ ئىچىدىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ قەلب شىشىسى خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزلاردۇر. چۈنكى قەلب چىرىغى ئاللانىڭ مۇبارەك ھېكمەت نۇرى، يەنى قۇرئان بىلەن نۇرلاندۇرىدىغاندۇر. ئۇ خۇددى زەيتۇن دەرىخىنىڭ مېيى قۇيۇلغان نۇرلۇق چىراغتەك قەلب دۇنياسىنى ھەرقاچان يورۇتۇپ پارلاق مەنزىلگە باشلايدۇ. قەلب دۇنياسى روشەن، نۇرلۇق بولمىسا خۇددى ئاسمان ۋە زېمىن قوياشتىن ئايرىلىپ قالسا زۇلمەتكە پاتقانغا ئوخشاش، قەلب دۇنياسىمۇ زۇلمەتكە

www.uyghurkitap.com

پاتىدۇ. بۇنداق زۇلمەتنىڭ كۆلپىتى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، مۆمىنلەر پاك، سۈزۈك زەيتۇن مېيى، يەنى ئىمان نۇرى بىلەن قەلب دۇنياسىنى نۇرلۇق ۋە پاك، سۈزۈك قىلىشنىڭ لازىملىقى ئۇقتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

زەيتۇن دەرىخى ئاللانىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت كامالىنىڭ سىمۋوللۇق ھالدا ئىدراككا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى، چىراغ بولسا مۆمىنلەرنىڭ قەلب دۇنياسى، ئىمان چىراغقا قۇيۇلغان زەيتۇن مېيى، يەنى ئاللانىڭ قەلبتىكى ئورنى. زەيتۇن دەرىخى بولمىسا، زەيتۇن مېيى بولمايتتى، زەيتۇن مېيى بولمىسا قەلب چىرىغى يورۇماس ئىدى. ئاللاھنىڭ ھېكمەت نۇرى شۇنچىلىك مۇقەددەسكى ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر كۈچ سايە تاشلىيالمايدۇ. قوياشتەك شەرققە ئۆتسە غەربكە، غەربكە ئۆتسە شەرققە سايە چۈشۈپ قالىدىغان ئاجىزلىقلاردىنمۇ خالى. ئۇنىڭ نۇرى دەخلى تەرۆزسىز ۋە توسالغۇسىزدۇر. بۇنداق مۇقەددەسلىكىنى 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايانلار بىلەن شەرھىلەپ ئۆتكەن ئىدى.

«سىنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ كۈن بىلەن ئايغا ئوخشاش روشەن، لېكىن، سىنىڭ ئەسلى زاتىڭنى بىلىشكە ئەقىل ـ پاراسەت يەتمەيدۇ. سىنىڭ بىرلىكىڭ ھېچقانداق سەۋەبكە باغلىق ئەمەس. چۈنكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ، ئۇلار سىنىڭ ئىلكىڭدە. . . ئۇ (ئاللا) يا ماڭمايدۇ، يا ياتمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، مەڭگۈ ئويغاق. ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىشقا، سېلىشتۇرۇشقا يېڭى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ سۈرەتلەشكە بولمايدۇ. پۈتۈن ئورۇننى ئۇ ئۆزى ياراتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئورنى يوق، شۇڭا ئۇ ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ئەمەس، ئالدىدىمۇ، ئارقىدىمۇ ئەمەس، ئۈستىدىمۇ، ئاستىدىمۇ ئەمەس ياكى ئۇدۇلدىمۇ ئەمەس.

بىراق شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئۇنىڭسىز ھېچقانداق نەرسىگە ئورۇن يوق»[1].

«قۇرئان كەرىم» ئوت تۇتاشتۇرمىسىمۇ يورۇپلا تۇرىدىغان چىراغقا ئوخشاش مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن نۇر، يەنى چىراغدۇر. ئەگەر ئۇ (قۇرئان) مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى بىلەن يۇغۇرۇلسا تېخىمۇ يورۇپ، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغاندەك بولىدۇ. شۇڭا، ئاللا ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنى مانا شۇ نۇرغا، يەنى قۇرئانغا ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلدى. بۇ نۇرغا ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ئوڭۇشلۇق ۋە قۇتلۇق بولىدۇ.

ئاللا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى، مۆمىنلەرگە بولغان رەھمىتىنى ئىپادىلەپ، يەنى ئۆزىنىڭ قۇدرەت - كامالىنى، مۆمىنلەرنىڭ روشەن ئىدراك قىلىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە يۇقىرىقى مىسالنى كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، مىڭ قوياشمۇ ئاللانىڭ نۇرى ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس، مىڭ زەيتۇن دەرىخىنىڭ مېيىمۇ ئاللانىڭ ھېكمەت نۇرى ئالدىدا خىرەدۇر. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە كەرەملىكتۇر.

## 2

ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا - سېتىق ئۇلارنى ئاللانى

[1] يۇقىرىقى سۈپەتلەشلەر ئاللانى كونكرېت بىرەر شەيئىگە ئوخشىتىپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بارلىق شەيئىلەرنى ئاللا ياراتتى. ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنى ھەرگىزمۇ ئوخشىتىشقا، تەڭلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇخارى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر بەندە ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىس سىمۋۇللۇق ئىبارە بولۇپ، بەندىنىڭ ئاللاغا بولغان چىن ئىخلاسى سەۋەبلىك ئاللا ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى تېز بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ. ئاللانى ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۇزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ) ئاللا خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. (نۇر 38 ـ 37 ـ ئايەت)

قىسقىچە شەرھى:

بۇ ئايەتتە ئاللا تەقۋادار سودىگەرلەرنى ماختاۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق سودىگەرلەركى، ھەر قاچان ئاللانى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالمايدۇ. ئۇلار مال ـ دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن توغرا يولنى تاشلىمايدۇ، ئۇلار ئادەمنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىغان، ۋەھىمىدىن كۆزلەرمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ. يەنى مال ـ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، ئۆلۈمنىڭ بولسا مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى، ئاخىر ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىنى بىلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئاللانىڭ يولىدا قىلغان ئاز ياخشىلىق ۋە ئىبادەت ئۈچۈن ئاللاھدىن كۆپلەپ ياخشىلىقلا ئېرىشىدىغانلىقى، توغرا يولدا ماڭغانلىقىنىڭ ساۋابىنى ئاللاھ كېمەيتىۋەتمەيدىغانلىقى، بەلكى ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈۋاتىدۇ. ئاللا مانا شۇنداق سودىگەرلەرنى خالايدۇ ۋە ئۇزى خالىغان، ياخشى كۆرگەن بەندىسىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن ئاللانىڭ ھالال سودا ـ سېتىقنى، سودىگەرلەرنى، يەنى تەقۋادار، ساخاۋەتچى سودىگەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن كۆپلەپ رىزىق بېرىدىغانلىقى چىقىدۇ. سودا ـ سېتىق ئىنسانىيەت تىرىكچىلىكى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. سودىگەرلەر دۇنيادا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بارىدۇ، بارغان جايلىرىدا ئۆزىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئىسلامنىڭ شان ـ شەرىپىنى نامايان قىلىدۇ. مۆمىن سودىگەرلەر ئاللا بەرگەن بايلىقى بىلەن يۇرتىنىڭ تۇۋرۇكى، كەمبەغەل يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ غەمگۇزارى بولالايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللانىڭ ئەزىز قىلغانلىقىغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئارقىلىق، كۆپتىن ـ كۆپ شۇكرىلەر ئېيتىشى لازىمدۇر.

3

شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ. (سۈرە فۇرقان 27 ـ 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

قىسقىچە شەرھى:

ئاللا ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى ئىمتىياز بەرگەندىن باشلاپ مەلئۇن شەيتان ئىنسان بىلەن قارشىلىشىشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنلىرى بىلەن نۇرغۇن گۇناھلىق ئىشلارنى، رەزىل ئىشلارنى ئادەمگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، ياخشى ئىشلارنى بولسا يامان كۆرسىتىدۇ، ياخشى ساۋاپلىق ئىشلاردىن قول ئۈزدۈرۈپ گۇناھلىق ئىشلارغا قىزىقتۇرىدۇ. بۇنداق غەرەزلىك شەيتانلار ئادەملەر ئىچىدىمۇ بولىدۇ. شەيتان ئىنساننىڭ نەپسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئادەمنىڭ نەپسى بويۇن سۇنمىسا ئۇلار ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئاللا شۇڭا نەپسىنىڭ يامان يوللارغا باشلىشىدىن پاناھ تىلەشكە ھەم شەيتان بىلەن ئادىمىي شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللا) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ

ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن» (114 ـ سۈرە ناس). شەيتان كۆڭۈللەردە ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ ئاسىيلىققا، بۇزۇقچىلىققا قىزىقتۇرغاندا، ئىماندا كامىل ئادەملەر بۇنى دەرھال ھېس قىلىشىپ ئاللانىڭ نامىنى زىكىر قىلىدۇ ـ دە، شەيتان زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئاللا ئۇنى پاناھقا ئېلىپ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مانا بۇ پاناھ تىلەشتۇر. ئەگەر ئىمان ئاجىز بولسىلا بۇنداق قەلبنى دەرھال ئىشغال قىلىپ تالان ـ تاراج قىلىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئازغۇنلۇق يولىغا، خىيانەت يولىغا قەدەم قويۇپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىدۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئۆزىنىڭ غەلىبىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا ئىنساننى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم غەپلەتتىن ئويغانغاندا بولسا ئۆزىنىڭ ھەق يولىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھاياتنىڭ كەيىپ ـ ساپا بىلەن، نەپسىگە تۇتقۇن بولۇش بىلەن ئۆتكەنلىكىنى، دوستلارنى قاقشىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرگەنلىكىنى، خەلقتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ھۆرمەت تەختىدىن چۈشۈپ، كاساپەت ئازگىلىغا تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئۇ ئازغۇن مەخلۇققا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويۇپ، كەينىگە قارىماي غالىبلارچە يورۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىش ھەر قاچان، ھەرزامان ئۇچراپ تۇرۇۋاتامدۇ؟! لېكىن نۇرغۇن ئادەم بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئۆزىنىڭ زىيىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ، شۇڭا ئاللاھ، يامان ئوي، يامان كويلار دىللارغا ۋەسۋەسە سالغاندا، دىلنى زەئىپلىككە سايە قىلىۋاتقاندا، ئاللانىڭ ئاشۇ ئايىتىنى ئوقۇش بىلەن ئاللادىن پاناھ تىلەش ئارقىلىق شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، شەيتانغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس، ئۇ ئاللادىن يۈز ئۆرۈشكە پېتىنالىغان تۇرسا، ئىنساندىن يۈز ئۆرۈمەسمۇ؟

4

پەرۋەدىگارىم! ماڭا ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن (26 ـ سۈرە شۇئەرا 83 ـ 84 ـ ئايەت)

قىسقىچە شەرھى:

بۇ ئايەتتە ئۆزى ياخشى كۆرگەن دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇتلۇق دۇئاسىنى ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئاللادىن تىلەيدىغان تىلەكتىن تەلىم بېرىلىۋاتىدۇ.

بىرىنچى، ئاللادىن ئىلىم - ھېكمەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىلىم - ھېكمەت ئارقىلىق ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشنى، ئىلىم - ھېكمەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىش، ئىلىم - پەن يولىدا تىرىشچانلىق قىلىشنىڭ ئاللا ياخشى كۆرىدىغان تىلەك ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ئىلىمسىز، نادان ئادەم مەنىۋىيىتى نامرات ئادەم بولۇپ، ئۇ ئەقىل كۆزى ئارقىلىق ئاللا ئاتا قىلغان تەڭداشسىز نېمەتلىرىنى ھېس قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. شۇڭا ئىلىمسىز ئادەمدە ئىمانمۇ مۇستەھكەم بولمايدۇ. خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشاش ئازراق دولقۇن بىلەنلا غايىب بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىلىمسىز ئادەم ھېچ قانداق ئادەمگە پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ياخشىلار قاتارىغىمۇ قوشۇلالمايدۇ، ياخشى نامىنىمۇ قالدۇرالمايدۇ. ياراملىق ئادەم بولۇش، ياخشىلار قاتارىدا ئەلنىڭ ئالقىشىغا، ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ياخشى نامنى باقىي قالدۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە ئىلىم - ھېكمەت ھەم قابىلىيەت بولۇشى كېرەك. ئاللا نادانىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، چۈنكى نادانلىق ئىنسانغا خاس ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغا خاستۇر. ئاللا ئالىملارنى دوست تۇتىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەمنىڭ ياخشىلارغا قوشۇلۇشى، ياخشىلارنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكىدۇر. يامانلارنىڭ دوستلۇقىغا، يامانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئادەم ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئادەمدۇر. ئادەم ياخشىلارنى دوست تۇتۇشى ھەم ياخشىلارنىڭ دوستلۇقىغا ناھىل بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئادەم ئاخىرەتتە ئۆزى سۆيگەن ئادەملەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. ياخشىلارنى سۆيگەن، ئۇلار قىلغاننى قىلغان، ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭغان ئادەم ياخشىلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرگە بولىدۇ. يامانلارنى دوست تۇتقان، يامانلار دىگەننى دېگەن، ياماتلار قىلغاننى قىلغان ئادەم بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ياماتلار ئۇچرىغان قىسمەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئاللادىن بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ياخشىلار بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ياخشىلارغا ئەگىشىش كېرەك، ياخشىلارغا ئەگىشىپ زىيان تارتقان ئادەممۇ بارمۇ، ياماتلارغا قوشۇلۇپ كۆلپەتكە قالمىغانمۇ بارمۇ؟

ئۈچىنچى، ئىنسان بۇ دۇنياغا بىر نەچچە كۈنلۈك مېھمان ياكى ئۆتكۈنچى يولۇچى، بىراق ھاياتلىق مەنزىلى ناھايىتى ئۇزۇن. بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىش ھاياتنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى، يامان نام ئەڭ زور مەغلۇبىيەتتۇر. ئىنسان ھاياتى خاسىيەتلىك بىر پۇرسەت. پەقەت بىرلا كېلىدىغان بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى ئەلنىڭ لەنەت ـ نەپرىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغاندىنمۇ زىيان تارتقۇچى ئادەم بارمۇ، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئادەمدىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمۇ؟ ياخشى نام ئاللانىڭ دەرگاھىدا كاتتا نېمەتلەرگە نائىل قىلسا، يامان نام ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياخشىلارنىڭ سۆيۈشىگە، ياماتلارنىڭ قارغىشىغا ئېرىشكەنلىكىمۇ ئاللانىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىر ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلارنىڭ ماختىشىمۇ، ياماتلارنىڭ تىل ـ ھاقارىتىمۇ ئادەمگە مەڭگۈلۈك ساۋاپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئاللادىن ياخشى نامنىڭ قېلىشىنى تىلەش لازىم. ياخشى نامنى قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن قانچىلىك قۇربان بەرسە ئەرزىيدۇ، يامان نامنىڭ قېلىشىدىن پاناھ تىلەش كېرەك. يامان نام مەڭگۈلۈك كۆلپەتكە پاتۇرىدۇ.

# قابىلىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەت ھەققىدە نەسىھەتلىك ۋە ئىبرەتلىك بايانلار

قەدىمكى ھىندىستاندا كەڭ قورساق، خەير - ساخاۋەتلىك، پۇقرالارنى ئۆزىگە دوست تۇتىدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە يېتىم ئوغۇل. يېتىم قىز، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاپ، كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىكەن. يۇرتىدا ھەر زامان ئەدل - ئادالەت، ھەر ئىشتا توغرا ھەققانىيەت بولۇشىنى تىلەيدىكەن. ئۇنىڭ تەخت پەرمانىدا ئۆزىگە قاراشلىق يەتمىش ئىككى ۋالىي، پايتەختتىكى ئوردىسىدا يەتمىش ئىككى ۋەزىر ئۇمەراسى، پايتەخت شەھىرىدە ئۈچ يۈز ئەللىك قازىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى شۇماس ئاتلىق كىشى بولۇپ، ئۇ يۇقىرى بىلىملىك ئالىم، چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپپەككۇر - دانىشمەن، سۆز سەنئىتىگە ماھىر - چېچەن، زېرەك كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز پادىشاھى بىلەن يۇرتىغىمۇ جان كۆيدۈرىدىغان پەزىلەتلىك ۋەزىر دەپ تونۇلغانىكەن.

پادىشاھنىڭ يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ھېچبىر پەرزەنتى يوق ئىكەن: دۇنيادا نەسلى ۋە سەلتەنىتىگە ۋارىس قالمايدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئۆزىمۇ، ۋەزىر - ئۇمەرالىرىمۇ، پۇقرالىرىمۇ قايغۇرىدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى كېچىسى ئۇيقۇدا يېتىپ، ئەجەبلىنەرلىك بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ ئورنىدىن چۆچۈپ قوپۇپ كېتىپتۇ - دە ئالدىراپ چۈشىگە، تەبىر بەرگۈزۈش ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

ۋەزىر شۇماسنى چاقىرتىپتۇ.

ھىندى پادىشاھى كۆرگەن چۈشىنى مۇنداق بايان قىلىپتۇ:

«چۈشۈمدە بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيۇۋاتقۇدەك-مىشمەن. دەرەخنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر نەچچە چەت بىخلىرى كۆكلەپ چىقىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭغا خوش بولۇپ تۇرسام، دەرەخلەر ئارىسىدىن يالت قىلىپ ئوت پەيدا بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ بىرىنى قويماي كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكۇدەك، قورقۇپ ئويغۇنۇپ كەتتىم، قارىسام چۈشۈم ئىكەن، دەپتۇ. ۋەزىر شۇماس پادىشاھنىڭ چۈشىگە مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ.»

«تەقسىر كۆزۈڭىزنى روشەن قىل، بۇ چۈشنىڭ تەبىرى ياخشى، خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈپسەن. ئەندىشە قىلىدىغان ھېچ ئىش يوق. ھاياتىڭدا ئىككى تۈرلۈك ئىش بولىدىكەن: بىرى، خۇدايىتائالا ساڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغاي، بۇ بالا ئۇزاق ئۆتمەي دۇنياغا كېلىدۇ. جەسۇر، غەيرەتلىك ئادەم بولۇپ، ئورنىڭغا ئىزباسار، ئاتاقلىق پادىشاھ بولغاي، بىراق ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئېچىنىشلىق بولغاي» دەپتۇ.

«ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ياخشى ئەخلاق تەرىپىگە يۈزلەنگەي، تەقسىر، بۇ چۈشىڭىزدىن غەم قىلماڭ، ئاللا يامانىنى ياخشىغا، كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرغۇچىدۇر» دەپتۇ.

پادىشاھ تەبىرچىلەرگە ياخشى ئىنئاملار بېرىپ قايتۇرۇپتۇ. بۇگۈن كېچە خوتۇنلىرى ئارىسىدا ياخشىراق كۆرىدىغان بىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ قونۇپتۇ. بۇ ئايال ئىككى ئايدىن كېيىن سېزىكلىك تارتىپ، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن ئىچىدە بالىنىڭ تەۋرىگەنلىك خەۋىرىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن ھەم شادلىنىپ، ھەم قايغۇرۇپ ۋەزىر شۇماسنى چاقىرتىپ:

«چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىم ئوڭغا كېلىپ، خوتۇنۇم ھامىلدار بولۇپتۇ. بالا ئوبدان ئوغۇل بولسىغۇ ياخشىدى، ئۇ مېنىڭ تەخت

ۋارىسىم بولۇپ ئىزىمنى باسقان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بىر زالىم. قان ئىچەر بولۇپ يېتىشسە، يۇرتۇم، خەلقىمنىڭ ئالدىدا قانداق بولىدۇ؟» دەپتۇ. ۋەزىر شۇماس بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

«تەقسىر، ئۈچ ئىش توغرىسىدا ئالدىنئالا قارىسىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولماس. بىرى، سەپەرگە چىقىپ كەتكەن كىشى سالامەت قايتىپ كەلمەستىن بۇرۇن؛ ئىككىنچىسى، سوقۇشقا كەتكەنلەر غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلمەستىن بۇرۇن: ئۈچىنچىسى، ئانا قارنىدىكى بالا سالامەت تۇغۇلماستىن بۇرۇن، ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئاللاغا خاستۇر» دەپتۇ.

ۋەزىر شۇماس يەنە مۇنداق دەپتۇ:

«تەقسىر، تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويۇلمىغاندەك، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ئىشقا ئالدىن قارىسىغا ھۆكۈم قىلىش خاتا.»

قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەي، ئايالىڭىزنىڭ ئاي - كۈنى تولۇپ، بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتسەڭ.»

كۈنلەر ئۆتۈپ پادىشاھ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يېڭى تۇغۇلغان شاھزادە ئۈچۈن پۈتۈن ھىندى خەلقى خۇشاللىقتا چۆمۈپ، كاتتا توي ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تەۋەسىدىكى يەتمىش ئىككى پادىشاھلىقتىن تارتۇق - پېشكەشلەر بىلەن ئەلچىلەر كېلىپ تەبرىكلىشىپتۇ. مەرىكىگە كەلگەن مېھمانلارغا ۋەزىر شۇماس سۆز قىلىپ:

«ئەي مېھمانلار، جامائەت، ئاللاتائالا بىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى. بىر بەندىلەرنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن زامانلار ئۆتتى. خۇدا بەزىدە زالىم، قانخور، ئۆز خەلقىنى سۆيمەيدىغان پادىشاھلارنى، بەزىدە ئادالەتلىك، يۇرت - پۇقرالىرىغا كۆيۈمچان شاھلارنى باش قىلدى. خۇسۇسەن بىزنىڭ پادىشاھىمىز خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، پۇقرالارغا كۆيۈمچان، ئادالەتلىك شاھ

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، قۇرۇپ قالغان ئېرىقلارغا سۇ باشلاپ خاراب بولغان يەرلەرنى ياشارتتى. باسقۇنچىلارنىڭ پۇقرالارنى بۇلاپ ـ تالاپ، يۇرتنى خانىۋەيران قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. خەلق كۆپەيدى، ئىلىم ـ مەرىپەت راۋاج تاپتى، ھەر جايدا ئالىملار خەلققە يولباشچى بولدى. ئۇلار ھەر ۋاقىت پۇقرانىڭ ھالىدىن غاپىل بولمىدى. مۇنداق پەزىلەتلىك شاھلارنىڭ خەلققە باش بولۇشى ئاللانىڭ ئىرادىسىدۇر. ئەلھەمدۇلىللاكى، مۇنىڭدىن كېيىنمۇ پادىشاھىمىزنىڭ زامانىدا شەھەرلىرىمىز دۈشمەن تاپىنىدىن ئامان بولۇپ، خەلق راھەت ـ ئاسايىشتا كۈن كۆرگەي، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، دۆلىتىڭنى زىيادە قىلغاي. ئەمدى ئارمانىمىز ۋۇجۇدىڭدىن دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتىڭمۇ، خۇددى ساڭا ئوخشاش ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلەتلىك شاھلاردىن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئاللادىن تىلەشتىن ئىبارەت.»

باشقا ۋەزىرلەرمۇ كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىپ مۇنداق دېيىشىپتۇ.

«شاھىم، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئادەمدۇر. خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزى بىلەن بىللە ئىنساپ، دىيانەت، توغرىلىق. راستچىللىقنىمۇ بىللە ياراتقان. ئادەملەر ئاللاتائالا بەرگەن بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىگە يەتسە، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ كەينىگە كىرمىسە، ئاللانىڭ تېخىمۇ چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق ئادەمنى ھەر كويغا سالغۇچىدۇر.»

پەرزەنتىڭنىڭ ئاچ كۆزلۈكتىن، ھەسەتخورلۇقتىن، نەپسانىيەتچىلىكتىن خالىي، ئىنساپ ـ دىيانەتلىك ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداق بولغاندا، جىمىكى رەئىيە ـ پۇقرالار ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، دۆلىتىنىڭ گۈللەپ

ياشىنىشى ئۇچۇن دۇئادا بولغاي، مەڭگۈ يادلانغاي» دەپتۇ.
ئۇچىنچى ۋەزىر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۆتىنچى ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا ئېھتىرام بىلەن مۇنداق دەپتۇ:
«شاھىم، پەرزەنتنىڭ ياشلىقىدىن ئىلىم - ھېكمەتنى ئىرىشىپ ئۆگەنسە، سىياسەت ۋە سەلتەنەت يوللىرى بىلەن ياخشى تونۇشسا، تەخت ۋارىسى بولغاندا مەملىكەتتە ئەدل - ئادالەتنى ئورناتسا، پۇقرالارغا سىلە - رەھىم قىلسا، شەكسىزكى، پۇقرالار ئالدىدا ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئېشىپ، يۇرتىدا زور كۈچ ھاسىل بولغۇسىدۇر؛ ئەمەلدارلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىسا، ئۇلارغا ئىنئام ۋە ھەدىيىلەت بېرىپ تۇرسا، ئەيىبى - نۇقسانلىرىنى يوشۇرسا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغۇسى؛ پادىشاھلىقى مۇقىم بولۇپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاي. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان بولسا ئۆزى بىلەن پۇقرالار ئارىسى يىراقلاپ، زالىملىق نامى يىراق - يېقىنلارغا تارقىلىپ، ئاخىرى بېشىغا زور ھادىسىلەر كېلىپ چۈشكەي.»
«تەقسىر، خۇدايىتائالا جانابىڭنى ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزى يورۇق قىلدى، ھەم ئالالنىڭ ھۇزۇرىدا، ھەم بەندىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاق يۈزلۈك، ئابرۇيلۇقسەن، قەدىمكىلەر: «ھەر كىمكى خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا، پۇقرالار ئۈستىدە ئادالەت ئورناتسا، دوست - بۇرادەر، قوۋم - قېرىنداش، ئاۋام خەلق ئۇچۇن مېھرىبانلىق كۆرسەتسە، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋەردار، ھەر ئىشتا ئوچۇق - ئاشكارىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلسا، ئۇنداق كىشىلەر ھەر ئىككى دۇنيادا ئاق يۈزلۈكتۇر» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ.»
«تەقسىر، بالىلارنى تەربىيىلەپ ياخشى ئادەم قىلىش، ئىلىم بىلەن قەلبىنى يورۇتۇش، ئەخلاق بىلەن پەزىلەت

يېتىشتۇرۇش، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىدۇر. پەرزەنتىڭىزدىن نا ئۈمىد بولماي، ئۇنىڭ تەربىيىسىنى ئويلىغايسىز.»

«ئارى! ئارى! شۇنداق، شۇنداق» دەپ تەستىقلىشىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلەر سۆھبىتىدىن رازى بولۇپ:

«بارىكاللا، دانا ۋەزىرلىرىم، سۆھبىتىڭلاردىن مەمنۇن بولدۇم، ئەمدى ئورنۇڭلارغا قايتىپ ئارام ئالغايسىلەر» دەپ رۇخسەت بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر تەزىم بىلەن تارقىلىشىپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى قۇتلۇقلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلىپ، مۇبارەكلىگۈچىلەرنى كاتتا مېھمان قىلىپ، شاھزادىنىڭ نامىنى «دەردىخان» قويۇپتۇ. پادىشاھ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوغلىغا ئاتاپ ئۈچ يۈز ئاتمىش سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپتۇ. ئوغلىنىڭ يېشى يەتتىگە يەتكەندە، ئوقۇتۇش، تەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئۈچ نەپەر مەشھۇر ئالىمنى تەيىنلەپ، بالىنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى بىر ھۇجرا ۋە بىر سىنىپتا، بىر تۈرلۈك ئىلىمدىن دەرس بېرىش كېرەكلىكىنى، نېمىلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى، تالىپلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغانلىقىنى ھەپتىدە بىر قېتىم پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەخسۇس بۇيرۇقىنى ئالغان دانىشمەن ئالىملار پۈتۈن دىققىتى بىلەن تۈن ـ كۈن دېمەي ئۆگىتىپتۇ. شاھزادە چېچەن، ھوشيار بولۇپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ ناھايىتى ياخشىكەن. ئۇستاز ئالىملارمۇ ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ھەيران قاپتۇ.

ئون ئىككى يىل ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەپ، مەكتەپنى تاماملاپتۇ. ئۇ ھېچكىم يېتىشەلمىگۈدەك زور ئالىم بولۇپ يېتىشىپتۇ.

ئۈچ نەپەر ئالىم شاھزادىنى پادىشاھ ئوردىسىغا ئەكىلىپ:

«تەقسىر بىز بىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپ بالىنى كامالىغا يەتكۈزدۇق. ئۇزۇن يىللار مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن بالىلارغا دەرس بەرگەن، ئىككى دۇنيا بىلىملىرىنى ئۆگەتكەن بولساقمۇ، بۇنىڭدەك ئەقلى ئۆتكۈر، زېرەك، چېچەن بالىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلىمىغاندۇق. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، زامانىمىزدا مۇشۇ بالىغا باراۋەر كەلگۈدەك يەنە بىر زېرەك دانىشمەن، بىلىملىك ئالىم تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بولسا كېرەك» دېيىشىپتۇ.

ناھايەت پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى جىمىكى ئالىم، دانىشمەن، مۇنەججىم، ھېكىم، ئەدىبلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ.

ھەممىنىڭ ئالدىدا ئوردىغا يېتىپ كەلگەن باش ۋەزىر شۇماس پادىشاھنى تەبرىكلەپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ مەدھىيىسىگە مۇنداق دەپتۇ:

«ئەگەر ياقۇت پارقىراپ جۇلا بەرمىسە، ئۇنىڭ تاغدىكى ساناقسىز تاشلار بىلەن ئوخشاش بولغاي، قەلبى ئىلىم ـ بىلىم بىلەن جۇلا تاپقان ياش بالىدىن مۇنداق دانىشمەن چىقىشى ئەجەب ئەمەستۇر.»

مەسلىھەت بىلەن ئۇنى ئالىملار ئالدىدا سىناپ كۆرمەك بولۇپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن ئالىم، ئەدىب، دانىشمەنلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ، شاھزادىنىمۇ ئۇستازلىرى بىللە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادە ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستاز، ئالىم، دانىشمەن ـ ھەممىگە سالام بەرگەندىن كېيىن ۋەزىر شۇماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. شۇماس شاھزادىگە:

«يولۋاس بالىسى ئۆزىدىن كۈچسىز ھايۋانلارغا

ئېگىلمەيدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قولۇمغا سۆيدۈڭ؟» دەپ سوراپتۇ.

«مەن يولۋاس بولمىغانلىقىمدىن قولۇڭنى سۆيدۈم. يولۋاس ۋەھشىي ھايۋانلار ئارىسىدا كۈچلۈك، ئەركىن بولسىمۇ، ئەقىللىق ئادەم بالىسىغا دائىم تۇتقۇن بولىدۇ.»

«ناھايىتى ياخشى، مەن ئەمدى سەندىن بىرنەچچە سوئال سوراي‌مەن» دەپتۇ شۇماس.

«قېنى سورىغىن.»

«ئەي ئالىي زات، بىزگە جاۋاب بەرگىنە! ئەبەدىي مۇتلەق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدىكى ئىككى بارلىق دېگەن نېمە؟ ئۇلاردىن قايسىبىرى ئەبەدىي؟»

شاھزادە بۇ سوئالغا:

«ئەبەدىي مۇتلەق بۇ ئۇلۇغ تەڭرى — خۇدايىتائالادۇر. ئۇنىڭ باشلىنىشى يوق قەدىمىي، ئاخىرى يوق مەڭگۈدۇر. ئىككى بارلىقنىڭ بىرى بۇ دۇنيا، يەنە بىرى ئۇ دۇنيا. بۇ ئىككى دۇنيانىڭ كېيىنكىسى بولغان ئۇ دۇنيا — ئاخىرەت مەڭگۈ ۋە دائىمىيدۇر.» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«جاۋابىڭ توغرا، بۇ پىكىرلىرىڭ ماقۇلدۇر، لېكىن مانا بۇنىمۇ ئېيتىپ بېرىشىڭنى سوراي‌مەن. سەن ئىككى بارلىقنىڭ بىرى بۇ دۇنيا، ئىككىنچىسى ئۇ دۇنيا ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

«بۇ دۇنيا يارىتىلغاندا، بار نەرسىدىن يارىتىلغان بولماي، يوقتىن بار قىلىنغان. بەس، شۇنداق ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئىپتىداسى، يەنى دەسلەپكىسى ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن كېيىن پەيدا بولغان بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى ھادىسە بولۇپ، يوق بولغانىنى قايتىلاشنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ دۇنيا ئىككىنچى بارلىقتۇر.» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«دېگەنلىرىڭ توغرا، — دەپتۇ ۋەزىر شۇماس، — لېكىن

يەنە بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرىشىڭنى سورايمەن: ئىككى بارلىقنىڭ بىرى بولغان ئاخىرەت (ئۇ دۇنيا) نىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلدىڭ؟» شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«مەن ئۇنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيادا ئۈزلۈكسىز قىلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغان جايدۇر». دەپتۇ.

ۋەزىر شۇماس:

«شاھزادە، يەنە بۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەرگىن. دۇنيا كىشىلىرىدىن كىملەرنىڭ ئىشلىرى ماختاشقا مۇناسىپراق؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئەۋزەل ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ماختاشقا مۇناسىپ» دەپتۇ.

«ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيادىن ئەۋزەل كۆرىدىغان كىشى كىملەر؟» دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

«ئۇ شۇنداق كىشىلەركى، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ۋاقىتلىق ياشاۋاتقانلىقىنى، ئاخىرى يوق بولىدىغانلىقىنى. يوق (فەنا) بولۇپ ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر. ئەگەر بۇ دۇنيادا بىرەر ئادەم ئۆلمەي ئەبەدىي ياشايدىغان بولسا ئىدى. ئۇ ھېچقاچان بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنيانى ئەۋزەل كۆرمىگەن بولاتتى. بۇ دۇنياسىز ئۇ دۇنيامۇ بولالمايدۇ. بىر كىمنىڭ بۇ دۇنياسى بولمىسا، ئۇ دۇنياسىمۇ بولمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ۋە بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى مۇنداق بىر مىسالغا ئوخشىتىمەن: بىر ئەمىر ـ ھۆكۈمران تار بىر ئۆي ياساپ، پۈتۈن ئادەملەرنى ئاشۇ ئۆيگە كىرگۈزدى ـ دە، مەلۇم مۇددەتتە بېجىرىپ بولۇش ئۈچۈن بىرەر ۋەزىپىنى زىممىسىگە يۈكلىدى. بىر كىشىنى بۇلارغا باشلىق قىلىپ بەلگىلەپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا

بىجىرىپ، ئادا قىلغانلارنى بۇ تار ئۆيدىن چىقىرىپ، ئۆز ۋاقتىدا بىجىرمىگەنلەرنى بۇ تار ئۆيدىن چىقارماي، شۇ يەردە قىيناشنى بۇيرۇغاندى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز بۇ تار ئۆي ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ھەسەل ئېقىپ چۇشۇشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەسەلنى يەپ، ئۇنىڭ تاتلىقلىقىدىن لەززەتلىنىپ، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۇچۇن بۇ تار ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، تاپشۇرۇقنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ چىقىپ كېتىش ئورنىغا، ئازغىنا تاتلىق ھەسەلگە قانائەتلىنىپ، بۇ تار ئۆينىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداشقا باشلىدى. لېكىن باشلىق ئىشنى ئۆز مۇددىتىدە پۈتتۈرۈپ تاماملىغانلارنى بۇ ئۆيدىن چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بۇ دۇنيا — كۆز ۋە كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان بىر جاي. بۇ يەردە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ تۇرۇش مۇددىتى چەكلىك، بەلگىلىك؛ كىمكى، بۇ دۇنيادا ئازغىنا تاتلىق ـ لەززەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتسە، ئۇ خاراب بولغانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئەۋزەل ھېسابلىغان بولىدۇ. كىمكى، ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيادىن ئەۋزەل دەپ بىلسە، ئۇ ئادەم بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا راھەت ـ پاراغىتىگە ھېرىس بولمايدۇ ۋە زوقلانمايدۇ ـ دە، ئاقىۋەتتە ئالاھىدە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە مەڭگۈ يېتىشكەنلەردىن بولىدۇ.»

ۋەزىر شۇماس بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ:

«پىكىرلىرىڭ توغرا، مەن ئۇلارغا قوشۇلىمەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئاشۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئادەملەرگە ھۆكۈمراندۇر. بەس، ئىنسان ئاشۇ ئىككىسىگە رازى بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بەندە بۇ دۇنيادا ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلسە، ئۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلىپ ئازابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇنيا ـ ئاخىرەتنىلا ئويلىسا، بۇ دۇنيادا ئازاب چېكىدۇ.

بۇ ئىككى قارىمۇ قارشى ئىشنى بىردىنلا قوبۇل قىلىپ كېتەلەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.
شاھزادە جاۋاب بېرىپ:
«بۇ دۇنيادا مەئىشەتكە بېرىلگەن كىشى ئۇ دۇنيانى ئۇنتۇيدۇ. مەن بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانى زالىم ۋە ئادىل ئىككى شاھنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىمەن: بىر زالىم شاھنىڭ يەرلىرى دەرەخزار، سۇلىرى راۋان، ھەممە يېرى كۆكىرىپ تۇرغان زېمىن ئىدى؛ ئۇ يەردىن تۈرلۈك - تۈرلۈك قىممەت باھا، نەرسىلەر چىقاتتى. پادىشاھ بۇ يەرگە كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ھەمىشە بۇلاپ، تارتىۋالاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سودىگەرلەر بۇ يەرنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشى، خۇش ھاۋاسىدىن بەھرىمەن بولۇش، قىممەتلىك، ئېسىل ماللىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، شۇنچە ئېغىر چىلىقلارغا چىداپ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇراتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر ئادىل پادىشاھ ئۆز بەگلىرىدىن بىرىنى نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل بىلەن ئاشۇ زالىم شاھنىڭ شەھىرىگە سودىگەرچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئادەم تاغۇ - تاشلارنى بېسىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئاخىر، ئۆز شاھى بۇيرۇغان بۇ شەھەرگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ قاراۋۇللىرى ئۆز پادىشاھىغا كېلىپ، شەھەرگە باي سودىگەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەقدىنە پۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەرنىڭ قىممەت باھا ماللىرىدىن سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بۇ سودىگەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:
‹ئۆزۈڭ كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ مېنىڭ دىيارىمغا سېنى كىم ئەۋەتتى. كىم باشلاپ كەلدى؟ بۇ يەردە نېمە قىلماقچىسەن؟› دەپ سوراپتۇ. سودىگەر جاۋاب بېرىپ:
‹تەقسىر، مەن پالانى يەردىن، پالانى شاھنىڭ پۇقراسى،

پالانى بولىمەن. شاھىمىز ماڭا كۆپ مىقداردا پۇل بېرىپ، بۇ شەھەرنىڭ قىممەت باھا ماللىرىدىن سېتىۋېلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇغانىدى. مەن شۇ شاھىمىزنىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق بۇ شەھەرگە كەلدىم› دېدى. زالىم شاھ غەزەپلىنىپ:

‹ھەي، شورى قۇرۇغۇر ئەبلەغ! سەن مېنىڭ پۇقرالىرىمغا قىلىدىغان مۇئامىلىلىرىمنى بىلمەمتىڭ؟ مەن ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ تاپقان پۇللىرىنى تارتىۋالىدىغان تۇرسام، سەن شۇنچىلا پۇل بىلەن قانداق قىلىپ مېنىڭ شەھىرىمگە تەپ تارتماستىن كېلىپ يۈرسەن؟› دەپتۇ. سودىگەر:

‹تەقسىر، قولۇمدىكى بۇ نۇرغۇن پۇللار مېنىڭ ئەمەس، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئامانەت پۇل› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. زالىم شاھ:

‹ياخشى، ئاشۇ قولۇڭدىكى كۆپ پۇللىرىڭنى ماڭا تاپشۇرۇپ جېنىڭنى قۇتقۇزمىساڭ، سېنى بۇ شەھەردىن ھەرگىز چىقارمايمەن. مېنىڭ يۇرتۇمدىن بىرەر نەرسە سېتىۋېلىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈڭمۇ ھالاك بولىسەن› دەپتۇ. شۇ چاغدا سودىگەر ئۆز ـ ئۆزىگە: ‹مەن ئىككى شاھ ئارىسىغا كىرىپ قالدىم. بۇ شاھنىڭ زۇلمى، ئۆز پۇقرالىرىغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىرلارغىمۇ ئوخشاشلا ئومۇمىي ئىكەن. ئەگەر مەن ئۇنى رازى قىلمىسام، پۇلدىن مەھرۇم بولۇشۇم بىلەن بىللە، ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولۇشۇم چوقۇم. ئەگەر جېنىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ پۇللارنى تاپشۇرسام، پۇل ئىگىسى بولغان پادىشاھىم قولىدا ھالاك بولۇشۇممۇ مۇقەررەر. بۇ تەڭلىك ئەھۋالدا قولۇمدىكى پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى بۇ زالىم شاھقا بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىشتىن باشقا چارە يوق. مانا شۇ يول بىلەن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى شاھقا بېرىپ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن ـ دە، قالغان پۇلنىمۇ ساقلاپ قالالايمەن. كېيىن قالغان پۇلغا قىممەت باھا ماللارنى سېتىۋېلىپ بولغۇچە

بۇ يەرنىڭ لەززەتلىك مېۋە - چېۋىلىرىدىن يەپ - ئىچىپ، بەھرىمەن بولالايمەن. بەرگەن پۇلۇم بىلەن بۇ شاھنى رازى قىلغان بولىمەنۇ، ئۇنىڭ يېرىدىن ئۆز نېسىۋەمنى ئالىمەن، پۇل ئىگىسى بولغان ئۆز شاھىمغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بارىمەن. بارغىنىمدىن كېيىن شاھتىن زالىم پادىشاھ تارتىۋالغان پۇل ئۈچۈن ماڭا جازا بەرمەي، ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەچۈرۈم سورايمەن. خۇسۇسەن ئۇ پۇلنىڭ ئانچىلا جىق ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورايمەن› دەپ ئويلاپتۇ. مانا شۇنداق قارارغا كەلگەن سودىگەر پادىشاھ ئالدىدا دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

‹ئەي شاھ، مەن بۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى سىنىڭ يۇرتۇڭغا كېلىپ، شەھەرىڭگە كىرگىنىمدىن باشلاپ تاكى چىقىپ كەتكىنىمگىچە جېنىمنىڭ بەدىلى قىلىپ ساڭا تاپشۇرىمەن› دەپتۇ.

زالىم پادىشاھ بۇنىڭغا رازى بولۇپ، سودىگەر بەرگەن پۇلنى ئاپتۇ - دە، بىر يىلغىچە ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىپتۇ. سودىگەر قالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىگە مال ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا، پۇلنىڭ ئىگىسى شاھ تەرەپكە يول ئاپتۇ.

ئادىل شاھ بولسا، ئۇ دۇنيانى دەپ بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى؛ زالىم شاھ يۇرتىدىكى قىممەت باھا ماللار بولسا، يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ۋاستىسى؛ مال ئىگىسى بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋەتلىرىنى ئىزدەيدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى پۇللار ئىنساننىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايدۇ. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ شۇنى بىلدىمكى، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋەت - راھىتىنى ئىزدىگەن كىشى بىردەممۇ، بىر كۈنمۇ ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئادەم ئۆزىنىڭ بىر تەرەپتىن بۇ دۇنيالىقىنى تاپسا، ئىككىنچى

تەرەپتىن ئاخىرەتكە ئىنتىلىپ ئۇ دۇنيالىقنى تاپىدۇ.»
ۋەزىر شۇماس سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپ:
«ئەي شاھزادە ئالىي زات، مۇكاپاتلىنىش بىلەن جازالىنىشتا تەن بىلەن جان (جەسەت بىلەن روھ) بىرمۇ ياكى جازالىنىش پەقەت زىناخور، بۇزۇق، گۇناھكارلارغىلا خاسمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:
«شەھۋانىيلىق، زىناخورلۇق، بۇزۇقلۇقتا رىغبەتلىنىش گۇناھى زىلالەت ئىشلىرىگە ئېلىپ بارسا، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تىيىش، نەپسىنى يىغىش، توۋا قىلىش ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ھەممە ئىش يارانقۇچىنىڭ قولىدا. تەن ئۇچۇن مەئىشەت لازىم. تەن جان (روھ) سىز بولمايدۇ. جان (روھ) نىڭ پاكلىقى دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا سەمىمىي ئىنتىلىش، ئاخىرەت ئۇچۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. جان (روھ) بىلەن تەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئات، بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قوشكېزەك بالىغا ئوخشاش. ئۇلار ھەممە ئىشتا تەڭ ئورتاق شېرىك. تەن بىلەن جان ھەممە ئىشتا تەڭ شېرىك بولغاندەك، مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىشتىمۇ ئوخشاشلا تەڭ شېرىكلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلار باغقا قارانچۇق قىلىش ئۇچۇن بىر باغۋەن سېتىۋالغان لەقۋا (پالەچ) ئادەم بىلەن كور (ئەما) ئادەمگە ئوخشاش: بىر باغۋەن بىر لەقۋا كىشى بىلەن بىر ئەما كىشىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، بېغىغا باشلاپ كىرىپتۇ ـ دە، ئۇلارغا باغدىكى نەرسىلەرگە چېقىلماسلىق، زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنى قىلماسلىقنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپتۇ. باغنىڭ مېۋىسى راسا پىشقان چاغدا، لەقۋا كىشى ئەماغا:
‹ھەي شورى قۇرۇغۇر! باغدىكى مېۋىلەرنىڭ راسا پىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تازىمۇ يېگۈم كېلىپ، ئاغزىمغا لىققىدە سېرىق سۇ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئېلىپ يەي دېسەم ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. سېنىڭ كۆزۈڭ كور بولغىنى بىلەن

ئىككى پۇتۇڭ ساق بولغاندىن كېيىن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، مېۋىلەردىن ئۈزۈپ كەلگىن، بىللە يەيلى، دەپتۇ. ئەما كىشى:

‹ سېنىڭمۇ شورۇڭ قۇرۇسۇن، مەن ئۇ مېۋىلەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم. سەن مېنىڭ كاللامغا سېلىپ قويدۇڭ. مەن قارىغۇ تۇرسام، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلەيمەن؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ › دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا باغنىڭ قاراۋۇلى كېلىپ قالدى. ئۇ بىلمىدان كىشى ئىدى. لەقۋا ئادەم قاراۋۇلغا:

‹ ئەپسۇس، بىز بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يېيىشكە ناھايىتى زوقلىنىپ تۇرغان بولساقمۇ، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەنغۇ؟ مەن پالەچ، مېڭىشقىمۇ چامام يەتمەيدۇ. ماۋۇ ھەمراھىم بولسا، كۆزى كور، ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. ئىككىمىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتىمىز. خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، ئەي باغنىڭ ھىمايىچىسى، بىزگە مېھىر ـ شەپقەت قىلىپ، بىرەر يولىورۇق كۆرسەتكىن! › دەپتۇ. باغ قاراۋۇلى ئۇلارغا:

‹ شورۇڭلار پۇتۇنلەي قۇرۇپ كەتسۇن، ئەي بىچارىلەر! باغۋەن سىلەرنى باغقا كىرگۈزىدىغان چاغدا قانداق شەرت قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ھېچقانداق نەرسىگە چېقىلماسلىق، زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنىمۇ قىلماسلىقنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ئەمەسمىدى؟ قانداق بولسىمۇ بۇ نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار › دەپمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدىن قايتماي:

‹ مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن، بۇ مېۋىدىن ئازراق يېمىسەك بولمايدۇ. بىزگە رەھىم قىلىپ ئازراق ھىيلە ـ مىكىر ئۆگەتكىن › دەپ يېلىنىشىپتۇ. قاراۋۇل بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

‹ ئۇنداق بولسا، ھەي قارىغۇ، سەن ئورنۇڭدىن تۇرىسەندە

ماۋۇ لەقۋا دوستۇڭنى ئۇچاڭغا هاپاش ئېتىپ، ئۇنىڭ بېگۇسى كېپكەتكەن ئاۋۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئاستىغا ئېلىپ بارسەن، لەقۋا يەتكەن يەرگىچە قولىنى شاخقا ئۇزىتىپ مېۋىلەرنى ئۇزۇۋالسۇن›، دەپتۇ. قارىغۇ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ لەقۋانى ئۇچىسىغا هاپاش ئېتىپ مېڭىپتۇ. لەقۋا ئۇياققا ماڭ، بۇياققا ماڭ دەپ يول كۆرسىتىپ، مۆلچەرلىگەن دەرەخنىڭ ئاستىغا يەتكەندە، لەقۋا مېۋىلەرنى خالىغانچە ئۇزۇشكە باشلاپتۇ. ئۇلار باغدىكى مېۋىلەرنى هەر كۈنى شۇنداق قىلىپ يەۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى باغۋەن باققا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى كۆرۈپ:

‹ مىڭ لەنەت سىلەرگە! بۇ قانداق خىيانەت؟ مەن سىلەرگە باشتىلا، باغدىكى نەرسىلەرگە چېقىلماڭلار. زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنىمۇ قىلماڭلار، دەپ تاپىلىغان ئەمەسمىدىم؟ ›، دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار باغۋەنگە:

‹ بىزنىڭ هېچنېمىگە چېقىلمالمايدىغىنىمىزنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. بىرىمىز ئورنىمىزدىن تۇرالمايدىغان لەقۋا، بىرىمىز كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئەما. شۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە؟ ›، دېيىشىپتۇ. باغۋەن خاپا بولۇپ:

‹ سىلەرنىڭ قانداق قىلغىنىڭلارنى، بېغىمنى قانداق خاراب قىلغىنىڭلارنى، مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ هەي قارىغۇ، سەن بۇ ئىشتا، ئاۋۋال ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، لەقۋانى ئۇچاڭغا هاپاش ئېتىپ ماڭغانسەن. ئۇ ساڭا يول كۆرسەتكەن، سەن ئۇنى، ئۇ ئېيتقان دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بارغان. ئۇ مېۋىلەرنى خالىغانچە، قولى يەتكۈچە ئۈزۈشكە باشلىغان›، دەپتۇ ـ دە، باغۋەن ئۇلارنى ئۇرۇپ باغدىن هەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ. مانا ‹تەن›، ئاشۇ قارىغۇ ئەماغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ هېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ. پەقەت جان بىلەنغىنا

كۆرىدۇ. «لەۋا» ھەرىكەت قىلالماسلىقتا جانغا ئوخشايدۇ. ئۇ پەقەت تەن بىلەنغىنا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما باغ بولسا، بەندىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرى ئۇچۇن بېرىلمەكچى بولغان مۇكاپاتنىڭ ئۇلگىسى. باغ قاراۋۇلى بولسا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۇندەپ، يامان ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان ئەقىلنىڭ مىسالى. بەس، شۇنداق ئىكەن تەن بىلەن جان (روھ) مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىشتا تەڭ شېرىك» دەپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«ناھايىتى توغرا دېدىڭ.» بۇ سۆزلىرىڭنى نىزاسىز قوبۇل قىلىمەن. ئەمدى يەنە بىر سوئالىم بار. شۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن: «قانداق ئالىملار سېنىڭ نەزەرىڭدە ماختاشقا لايىق؟» دەپ سوراپتۇ.

«خۇدا ھەققىنى ياخشى بىلگەن، ئىلىمدىن كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزگەن ئالىملار ماختاشقا لايىق.»

«ئۇ كىم؟» دەپ سوراپتۇ شۇماس.

«ئۇ خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان، ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقىدىغان كىشى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

«بۇلاردىن قايسىسى ئەۋزەل؟»

«خۇدانى ياخشىراق بىلىدىغانلىرى.»

«ئۇلاردىن ئەڭ سىنالغىنى كىم؟»

«دىن ئىلمىگە ئەمەل قىلىشتا ناھايىتى سەۋرلىك بولغانلىرى.»

ۋەزىر شۇماس يەنە سوئالىنى داۋام قىلىپ:

«ماڭا ئېيتىپ بەرگىنچۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دىلى يۇمشاقلىرى كىملەر؟» دەپ سوراپتۇ، شاھزادە:

«ھەمىشە ئۆلۈمنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەييارلىقىدا بولۇپ، خۇدانى يادىدا تۇتقۇچىلار، ئارزۇ - ھەۋەسكە كۆپ بېرىلمەيدىغانلاردۇر. ئۆلۈمنىڭ خەۋپىنى دائىم ئېسىدە

www.uyghurkitap.com

ساقلايدىغان كىشى خۇددى تىنىق ئەينەككە قارىغانغا ئوخشاش. چۈنكى ئۇ ئەينەكتە ھەقىقەتنى كۆرىدۇ. ئەينەك تىپخىمۇ روشەنرەك. تىپخىمۇ تىنىقراق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«ئەڭ قىممەت باھا خەزىنە قايسى؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

«ئەڭ قىممەت باھا خەزىنە ئاسمان خەزىنىلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«ئاسمان خەزىنىلىرىدىن قايسىسى ياخشى؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

«خۇدانى ئۇلۇغ دەپ بىلمەك ۋە ئۇنى ماختىماق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋەزىر شۇماس:

«يەردىكى خەزىنىلەردىن ئەڭ ياخشىسى قايسى؟» دەپ سوراپتۇ شۇماس. شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«يەردىكى خەزىنىلەردىن ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئىشلارنى بەجا كەلتۈرمەك، خالايىققا ياخشىلىقلارنى بېغىشلىماق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«توغرا ئېيتتىڭ. بۇ سۆزلىرىڭگە قوشۇلىمەن. ئەمدى ماڭا ئۈچ ئالاھىدە مەسىلە: ئىلىم، پىكىر ۋە ئاڭ ھەم بۇ ئۈچىنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋاستىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن!» دەپتۇ.

«ئىلىم — ئۆگىنىشتىن، پىكىر تەجرىبە ۋە سىناق قىلىشتىن، ئاڭ — تەپەككۇردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە قوشۇلۇشى ئەقىلدىن كېلىدۇ. بۇ ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشى تولۇق ۋە يېتىشكەن ئىنسان ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە. ۋەزىر شۇماس:

«توغرا ئېيتتىڭ، بۇ پىكىرلىرىڭگە قوشۇلىمەن، ئەمدى مۇنۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن: توغرا چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان ئوت يۈرەك، جاسارەتلىك، چوڭقۇر پەم ـ پاراسەتلىك، ئاجايىپ يېتىشكەن دانىشمەن ئالىملارنىڭ نەپسانىيەتكە بېرىلىشى ئۇلارنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

«ئەگەر كىشىدە نەپسانىيەتلىك خۇسۇسىيىتى پەيدا بولىدىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلمىنىمۇ، پىكرىنىمۇ ۋە ئىدراكىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇنداق كىشى خۇددى ئۆزىنىڭ تۇيغۇن، زېرەكلىكى بىلەن تۇزاققا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىۋالغان بۈركۈتكە ئوخشايدۇ: بۈركۈت ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقاندا، تۇساتتىن يەر ئۈستىدە بىر ئوۋچىنىڭ تۇزاق قۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئوۋچى تۇزاقنى قۇرۇپ بولۇپ، ئۈستىگە بىر پارچە گۆشنى قويۇپ قويۇپتۇ. ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپ، يەردە گۆشنى كۆرگەن بۈركۈتنىڭ گۆشكە ئىشتىھاسى كېلىپ ئوۋچىنىڭ قۇرۇپ قويغان تۇزىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق تۇزاققا ئىلىنىپ قالىدىغان قۇشلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، ئاسماننىڭ قەرىدىن گۆشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ ـ دە، قاسسىدە تۇزاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوۋچى كېلىپ، بۈركۈتنىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «توۋا، بۇ قانداق ئىشتۇ؟ مەن بىرەر كەپتەر ياكى باشقا قۇشلاردىن بىرەرى چۈشۈپ قالارمىكىن، دەپ بۇ تۇزاقنى قۇرۇپ قويغانىدىم. ئەجەب ئىشقۇ بۇ؟ قانداق قىلىپ بۇ تۇزاققا شۇنچە سەزگۈر ـ ھوشيار قۇش — بۈركۈت چۈشۈپ قالغاندۇ؟ — دەپ ناھايىتى ھەيران بوپتۇ. ئېيتىلىشىچە: ئەگەر ئەقىللىك ئادەمنى ھەۋەس، ھېرىس، نەپسانىيەت بىرەر يولغا ئۈندىسە، بۇنىڭ نەتىجىسى

قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەقىل چوڭقۇر ئويلايدۇ؛ ئەقىل ئۇلارنى بولمىغۇر نەرسىلەردىن ھىمايە قىلىدۇ؛ نەپسانىيەت، ھېرسلىك يولىدىن قايتۇرىدۇ. ئەگەر نەپس ۋە ھېرىس بىرەر نەرسىگە ئۈندىسە، ئەقىل ئۇنى ئەپچىل چەۋەندازغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەپچىل چەۋەنداز ھەتتا ناھايىتى شاش ئاتنى مىنگەندىمۇ يۈگەننىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، خالىغان يولغا ماڭدۇرغىنىغا ئوخشاش. ئەگەر ئادەم ئەقىلسىز بولسا، ئۇنىڭدا پىكىرمۇ بولمايدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ بولىدۇ. مۇنداق ئادەمگە نەپس، ھېرىس، ھەۋەس ھۆكۈمران بولىدۇ. ئۇ نەپس، ھەۋەسنىڭ تەلپىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھالاكەتكە يولۇققۇچىلاردىن بولىدۇ. نەپسنىڭ كەينىگە كىرگەندىن يامان ئىش يوق» يەنە، ۋەزىر شۇماس:

«ئىبىتقانلىرىڭ تامامەن توغرا. بۇ سۆزلىرىڭنى مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئالىمەن ۋە قوشۇلىمەن، ئەمدى ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە: ئەقىل قايسى ۋاقىتتا ھەۋەس بىلەن شەھۋانىيلىقنى دەپئى قىلىدۇ. ئىلىم قايسى ۋاقىتتا پايدىلىق بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«ئىلىم ئىگىسى بولغان كىشى ئۆز ئىلمى بىلەن ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئىنتىلگەندە، ئىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ ھەر ئىككىسى پايدىلىق بولىدۇ. لېكىن، ئەقىل بىلەن ئىلىمنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى پەقەت بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇلىرىغىلا سەرپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىمكانىيەت يار بەرگەن دەرىجىدە بۇ دۇنيا ئىشلىرىغىمۇ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۇ دۇنيانىڭ مەنپەئىتىگە كۆپرەك سەرپ قىلسا پايدىلىق بولىدۇ» دەپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«قېنى ئوغلۇم، جاۋاب بەرگىنچۇ؟ كىشى ئۆزىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇۋاپىق؟ كۆڭۈلنى نېمە بىلەن مەشغۇل قىلماق لازىم؟» دەپ سوراپتۇ.

«ياخشى ئىشلارنى قىلماق لازىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«ئەگەر، ئادەم شۇنىڭ بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بولسا، تىرىكچىلىك ئۇچۇن كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟»

«بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت، — دەپتۇ شاھزادە جاۋاب بېرىپ، — بۇ ۋاقىتنىڭ بىر قىسمىنى تىرىكچىلىكنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى تېپىشقا سەرپ قىلىش، ئىككىنچى قىسمىنى ئۇيقۇ ۋە دەم ئېلىش ئۇچۇن سەرپ قىلىش، ئۇچىنچى قىسمىنى بولسا، ئوقۇش ـ ئۆگىنىش ئۇچۇن سەرپ قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئادەم ئەقىللىق بولغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭدا ئىلىم بولمىسا، ئۇ خۇددى پادا بېقىشقىمۇ، تىرىقچىلىق قىلىشقىمۇ يارىمايدىغان ئۇنۇمسىز يەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق يەر پايدىسىز يەردۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىمسىز ئادەمدىمۇ پايدا يوق.»

«ئەي شاھزادە، ئەمدى ماڭا پايدىسى يوق ئىلىم ئىگىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن» دەپتۇ شۇماس.

«ئۇ خۇددى قورسقى ئاچقاننى، يېيىشنى، ئىچىشنى، ئويغىنىش ۋاقتىنىلا بىلىدىغان ئاڭسىز ھايۋانغا ئوخشاش. ئۇنىڭدا ئەقىل يوق»

«ناھايىتى قىسقا، ئوبدان جاۋاب بەردىڭ. مەن پىكىرلىرىڭگە قوشۇلىمەن، ئەمدى بۇنىڭغا جاۋاب بەر: ۋەزىر بولغان مەن، شاھنىڭ ئالدىدا قانداق ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك؟»

«ئۇنىڭ ساڭا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويما.»

«ئۇ ماڭا ھۆكۈمران، مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ تىزگىنى ئۇنىڭ قولىدا تۇرسا، مەن قانداق قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويماسلىققا جۈرئەت قىلالايمەن؟»

«ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭ سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى ھەققى (سەن قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە). ئەگەر ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا

قىلساڭ (ئۇستۇڭدىكى ۋەزىپىنى بىجىرسەڭ)، ئۇ سىنىڭ ئۇستۇڭدە ھۆكۈمران بولالمايدۇ.»

«ۋەزىرنىڭ پادىشاھ ئالدىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سوراپتۇ ۋەزىر شۇماس.

«سەممىي مەسلىھەتلەر بېرىش، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ پايدىلىق كېڭەش پىكىرلىرىنى بېرىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ مەخپىيەت ـ سىرلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇش، زۆرۈر نەرسىلەردىن شاھنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىش، ھەرقانداق مەسىلىلەر ئۈستىدە پادىشاھ تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنداش، شاھنىڭ تەلەپلىرىنى بىجىرىشتە بىپەرۋالىق قىلماسلىق. ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن، غەزەپلىنىشتىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

«ئەمدى ماڭا شاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن!» دەپتۇ شۇماس.

«ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىش، خەۋپسىزلىكنى ئويلىساڭ، شاھ ئالدىدا سۆزلەيدىغان سۆزلىرىڭ پادىشاھ سەندىن كۈتكەندىن ئارتۇقراق يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇشىغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن پادىشاھنىڭ ياۋاشلىقىغا ئالدىنىپ، ئۇنى ئۇ ساڭا مۇناسىپ كۆرمىگەن بىر ھالغا چۈشۈرسەڭ، ئۇ ھالدا، سەن خۇددى ئوۋ ـ ئوۋلاپ، ئۆزىگە كېرەك تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، گۆشىنى تاشلىۋەتكەن ئوۋچىغا ئوخشاپ قالىسەن: بىر شىر بۇ يەرگە كېلىپ ھېلىقى تاشلىۋەتكەن گۆشنى يەپتۇ. بۇ ھال بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاچ، بۇنىڭدىن مەززە قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان شىر، ئوۋچى بىلەن يېقىن ئۇلپەت قاتارىغا ئۆتۈپتۇ. ئوۋچى ئۇنىڭغا ھەر قېتىم گۆش تاشلاپ بېرىپ، مايلاشقان قولىنى شىرنىڭ

دۇمبىسىگە ئېرتىپ، تۇكلىرىنى سىلايدىغان بوپتۇ. بۇ ئىش شىرغا خۇش يېقىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئۇۋچىنىڭ ئاياغ، ئېتەكلىرىنى يۇراپ ئوينايدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى: «بۇ شىر ماڭا راسا ئۆگىنىپ ئۆزۈمنىڭكىدەك بولۇپ قالدى، ئەمدى بۇ شىرنىڭ ئۇستىگە مىنىپ، باشقا يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئوۋلاپ تېرىسىنى شىلىۋالغاندەك. ئۇنىڭ تېرىسىنمۇ سويۇۋالسام بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئوۋچى شۇ مەقسەتتە چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىسىغا مىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، خوجىسىنىڭ هەرىكىتىنى سەزگەن شىر قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ ــ دە، ئوۋچىغا بىر پەشۋا ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئايىغى ئاستىدا ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن پارچە ــ پارچە قىلىۋېتىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ۋەزىر پادىشاھ ئالدىدا ئۆز هالىغا يارىشا ئىش قىلىشى، شاھنىڭ رەھىمدىللىكىگە ئالدىنىپ هەددىدىن ئاشماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەكسىچە شاھنىڭ ئۇنىڭدىن ئىخلاسى قايتىپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

«پادىشاھ ۋە پۇقرالار هەققىدىكى سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بەردىڭ. يەنە ئېيتىپ باققىنچۇ پادىشاھنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرى ئاشۇ ئېيتقانلىرىڭ بىلەن تۈگىدىمۇ؟ ياكى يەنە بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«بۇنى توغرا دېدىڭ. پۇقرالارنىڭ پادىشاھ گەدىنىدىكى هەققى پادىشاھنىڭ پۇقرالار گەدىنىدىكى هەقلىرىدىن كۆپ ۋە زۆرۈررەكتۇر. پۇقرالار ــ هەققىنىڭ زايە كېتىشى پادىشاھ هەققىنىڭ زايە كېتىشىدىن بەكرەك ئېچىنىشلىق ۋە زەرەرلىك. چۈنكى، پادىشاھنىڭ هالاكىتى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى، پەقەت، پۇقرالار هەققىنىڭ زايە كېتىشى نەتىجىسىدە سادىر بولىدۇ. شاھلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغانلار ئۇچ نەرسىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى شەرت: دىن قائىدىلىرىگە قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ئەمەل قىلىش، پۇقرالارغا مەنسۇپ بولغان تەرتىپ ـ قائىدىلەرگە قەتئىي رىئايە قىلىش، سىياسەت ۋە ئىدارە ئىشلىرىغا جىددىي ئېتىبار بېرىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. مانا شۇ ئۈچ شەرت پادىشاھلىقنى ئۇزاق داۋام قىلدۇرۇشتىكى ۋاستە» دەپتۇ.

ۋەزىر شۇماس:

«پۇقرالار ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

«ئۇلار ئالدىدىكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، رەسىم ـ يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئالىملار ۋە دانىشمەنلەرنى توپلاپ، پۇقرالارغا ئىلىم ئۆگىتىشكە جەلپ قىلىش، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھەق ھۇجۇم قىلماسلىقىنى، بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلماسلىقىنى يولغا قويۇش، قان تۆكۈلۈشتىن ئۇلارنى ساقلاش، كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىگە كۆز ئالايتماسلىق، پۇقرالارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يېنىكلىتىش، ياۋدىن مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«شاھزادە، سىېنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، ئاۋام خەلق توغرىسىدىكى پىكىرلىرىڭگە قوشۇلىمەن، ئەمدى ماڭا تىل ھەققىدە يەنى تىلنى يالغاندىن، ھاقارەتلىك سۆزلەردىن، قۇرۇق ـ تۇتۇرۇقسىز گەپتىن ساقلىماق توغرىسىدا مەلۇمات بەرگىن!» دە سوراپتۇ.

«ئادەم سۆز قىلغاندا، — دەپ گەپنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ شاھزادە، — پەقەت راست سۆزلىسە، قۇرۇق، يالغان گەپ قىلمىسا، چېقىمچىلىق قىلمىسا، كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈرۈپ يۈرمىسە، ئۆز پادىشاھى ئالدىدا دوستىغىمۇ، دۈشمىنىگىمۇ بىرەر زىيان يېتىدىغان سۆزلەرنى قىلمىسا، پايدا ـ زىياننى خۇدادىن باشقا ھېچكىمدىن ئۈمىد قىلمىسا (چۈنكى ھەقىقەتەن پايدا ياكى زىياننى كەلتۈرگۈچى بىر

ئاللانىڭ ئۆزىدۇر) . كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچمىسا، خۇدانىڭ غەزىپىدىن، كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ئۆچمەنلىك، ئاداۋەتتىن قورقۇپ، كىشىگە ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىنى سۆزلىمىسە، بۇنداق تىل ياخشى تىل ھېسابلىنىدۇ. بەلگىلىك بىر سۆز خۇددى ئوقتا ئوخشاش، ئوق ئېتىلسا، ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ. سىرنى، مەخپىيەتنى پاش قىلىدىغانلار ئالدىدا سىرنى ساقلاش زۆرۈر. كۆپ ۋاقىتتا، ناھايىتى ئىشەنچلىك سىرلار پاش قىلىنىشى بىلەن غايەت زور زىيانلار يۈز بېرىدۇ؛ سىرنى دۈشمەندىن كۆرە دوستلاردىن بەكرەك يوشۇرۇش لازىم. چۈنكى، سىرنى يوشۇرۇش ھەممە ئادەملەر نەزەرىدە ئامانەتنى بەجا كەلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.»

«ئەمدى سەن ماڭا، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش، يېقىن كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە مەلۇمات بەرگىن» دەپ سوراپتۇ ۋەزىر شۇماس.

«ئادەم بالىسى ئۆزىنىڭ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن پەقەت ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلار، يېقىن دوستلار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە، مۇناسىپ مۇناسىۋەتتە بولۇشى لازىم.» دەپتۇ شاھزادە.

«ئاتا - ئانا ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك؟»

«ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئۇلارغا ھەر دائىم تاتلىق سۆز، ئوچۇق چىراي، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار بىلەن بولىدىغان خۇش مۇئامىلىگە كەلسەك، زۆرۈر مەسلىھەتلەردە بىللە بولۇش، قولىنى ئوچۇق تۇتۇش، زۆرۈر بولغاندا ياردەم قىلىش، قول تۇتۇشۇپ بىللە بولۇش، ئۇلارنىڭ خۇشلۇقىغا خۇش بولۇش، قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇش، ئۇلاردىن ئۆتكەن ھەرقانداق سەۋەن - خاتالار.

كەمچىلىكلەرنى ئەپۇ قىلىشى لازىم. ئادەم بالىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ قىلچە ياخشىلىقتا زور ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ ۋە كۆيۈنىدۇ. ھەتتا جانلىرىنىمۇ ئايىمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قېرىنداشلىرىڭ بولىدىغان بولسا، ئۇلاردىن ھېچ نەرسەڭنى ئايىما. ھەرقاچان، ھەر ئىشتا ياردەم بېرىشكە تىرىش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

ۋەزىر شۇماس سوئال بېرىپ:

«دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا. ئەمدى بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەر: خۇدا ھەربىر ئىنسان ۋە ھايۋاننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەيدىغان رىزقى — نېسىۋىسىنى ئالدىن تەييارلاپ قويغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆز رىزقىنى تېپىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ، قىينىلىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر تەقدىر ئۇنىڭ رىزقىنى ئەزەلدىن تەيىنلەپ قويغان بولسا، رىزق ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت تارتمايلا ئۇنىڭغا يېتىشسە بولمامتى؟ ئەگەر ئۇنىڭ رىزقى ئەزەلدىن تەيىنلەنگەن بولسا، ئۇ ھەرقانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ بەربىر رىزقىغا ئېرىشىپ مۇرادى ھاسىل بولمايدىغۇ؟ بەس شۇنداق ئىكەن، تولا ئۆرۈنماي، خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ، تىنچ ياتقىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

«بىز شۇنى بىلىمىزكى، — دەپ جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ شاھزادە، — ھەربىر كىشىنىڭ ئۆمرى بىلەن رىزقى ئەزەلدىن تەيىنلەنگەن. ئەمما ھەربىر رىزق ئۈچۈن بىر سەۋەب، بىر ۋاستە بار. رىزق يولىدا تىرىشىپ ھەرىكەت قىلغان كىشى ئاخىرىدا تىنچ ـ راھەتتە ياشايدۇ. رىزق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. رىزق ئىزلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلىرى ئىككى خىل بولىدۇ؛ يا رىزقىنى تاپىدۇ. يا رىزقىنى تاپالمايدۇ. رىزق تاپقان كىشى يەنە ئىككى خىل راھەتلىنىدۇ: بىرى، ئۆز رىزقىنى تاپالىغىنى ئۈچۈن، ئىككىنچى، ھەرىكەتنىڭ بوش

كەتمىگىنى ئۇچۇن.»

«كۇندىلىك رىزق ئىزلەش ھەققىدە مەلۇمات بېرىشىڭنى ئۇمىد قىلىمەن» دەپتۇ گەپ ئارىدا ۋەزىر شۇماس. شاھزادە، داۋام قىلىپ:

«ئىنسان ئۇلۇغ تەڭرى رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنى ئىزلىشى مۇمكىن. تەڭرى رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى ئىزلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۆھبەت مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان سوئال ــ جاۋابلار ۋاقتىنچە توختاپ، ۋەزىر شۇماس ۋە مەجلىسكە قاتناشقان بارلىق ئالىم، دانىشمەنلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، شاھزادىگە يەر سۆيۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەت ــ ئېھتىرام بىلەن ئۇلۇغلاپتۇ. پادىشاھ جېلىئود بولسا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، ئۆز تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ــ دە:

«ماڭا پەرزەنت ئاتا قىلغان ئول مەرھەمەتلىك ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە شۇكۇرلەر بولسۇن، ئامىن! ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆزلىرىمنى روشەن قىلدى» دەپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ۋەزىر شۇماسقا ۋە مەرىكىدە ئولتۇرغان جىمىكى ئالىملارغا قاراپ مۇنداق مۇراجىئەت قىلىپتۇ:

«ئەي مەنىۋى ئىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئالىملار! خۇدا ماڭا ئازغىنا ئىلىم ئاتا قىلغان بولسىمۇ، سوئاللىرىڭىزغا بەرگەن جاۋابىمنى مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن رازى بولۇپ قوبۇل قىلدىڭلار! مەن ئويلايمەنكى، سىلەر خاتالىرىمنى كەچۈردۈڭلار، ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقلى يەتمىگەن. قابىلىيەتسىزلىكىم بىلەن تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز بولغان ئايرىم مەسىلىلەرنى سىزلەردىن سورىماقچىمەن. سىلەر ماڭا چۈشەنچە بەرگەيسىلەر. ھېلىغىچە كۆڭلۈمدە قاراڭغۇ بولۇپ كەلگەن نەرسە، كەلگۈسىدىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ قېلىۋەرمىسۇن. چۈنكى خۇدا ھاياتنى سۇدا، كۈچ ــ قۇۋۋەتنى ئوزۇقتا، تېۋىپلارنى

كىسەل داۋالاشقا يارانقاندەك، نادانلارغا ئالىملارنىڭ ئىلمىنى هاۋا قىلىپ ياراتتى . . . مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. ئەي هۆرمەتلىك ئۇستازلار!» دەپتۇ شاهزادە. ۋەزىر شۇماس جاۋابەن:

«ئەي، ئۆز ئەقلى بىلەن ئەلگە نۇر چاچقۇچى ياخشى ئىشلار بىلىمدارنى، ئەي، ھەققانىي توغرا جاۋاب بىلەن دانىشمەنلەرنىڭ ئاپىرىن، ئالقىشىغا ئېرىشكەن رات! ئىشىنىمەنكى، مەندىن سورايدىغان نەرسىلىرىڭ ھەققىدە، سەن ئۆزۈڭ ئەڭ توغرا چۈشەنچىگە ئىگىسەن! خۇدا ساڭا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان ئىلىم ئاتا قىلىندۇ. قېنى سورىماقچى بولغانلىرىڭنى سورىغىن!» دەپتۇ.

شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن سوئال بېرىپتۇ:

«قۇدرەتلىك تەڭرى (خالىق)، ھېچنېمە بولمىغان بۇ دۇنيادا ئادەم (خەلق) نى نېمىدىن ياراتتى؟ ئۇلۇغ تەڭرى نەرسىلەرنى يوقتىن بار قىلىشقا شۈبھىسىز قادىر. لېكىن، ئۇ يوقتىن بار قىلىشقا قۇدرىتى يەتكەن ھالەتتىمۇ نېمىشقا يوقتىن ئەمەس، بار بىر نەرسىدىن يارىتىشنى تەقەززا قىلدى - خالىدى؟!»

ۋەزىر شۇماس جاۋاب بېرىپتۇ:

«لايدىن نەرسە ياسىغۇچىلار ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئىشلىرىنى باشقىچە قىلىپ يارىتالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئاجايىپ سەنئەت بىلەن يارىتىلغان ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىنى بىلىشنى خالىساڭ، خەلقلەرنىڭ تەبىقىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر قىل. سەن تەڭرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ قۇدرىتىگە يېتەرلىك ھۆججەت ۋە دەلىللەرنى ئېنىق كۆرىسەن. ئۇلۇغ تەڭرى يوقتىن بار قىلىشقا قادىردۇر. بەلكى ئۇ بۇلارنى تامامەن يوقتىن بار قىلغان. ئەسلىدە ماددىنىڭ تەشكىل قىلغۇچى ئۇنسۇرلىرى تامامەن يوق ئىدى. سەندە شۈبھە قالمىسۇن ئۈچۈن مەن

ساڭا كىچە ـ كۈندۈزنىڭ بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك. كىچە ـ كۈندۈز قارىمۇ قارشى ياكى ئارقىمۇ ئارقا كېلىدىغان نەرسىلەردۇر. كۈندۈز كېتىپ كەچ يېتىپ كەلسە، كۈندۈز بىزدىن يوشۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى قەيەردىلىكىنى بىز بىلمەيمىز. شۇنىڭدەك تۈن قاراڭغۇلۇقى كېتىپ، كۈندۈز يېتىپ كەلسە، كېچىنىڭ ئورنى قەيەردىلىكىنىمۇ ئوخشاشلا بىلمەيمىز. كۈن چىقىپ، كەچ پاتقاندا، ئۇنىڭ نۇرى قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك ئادەملىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خىل غايەت چوڭ سەنئەتلىرىمۇ ناھايىتى تولا ....»

«ئەي ئالىم، ئۇلۇغ رات! سەن ماڭا خۇدانىڭ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان قۇدرەتلىرىنى تونۇتتۇڭ. ئەمدى ماڭا، خۇدانىڭ مەخلۇقلارنى قانداق يارانقانلىقىنى سۆزلەپ بەر؟!» دەپتۇ شاھزادە. ۋەزىر شۇماس:

«ئالەمدىكى ھەممە نەرسىلەر — مەخلۇقلار خۇدانىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر بۇرۇن ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزى بىلەن يارىتىلغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

«تەڭرى، يارالغۇچىلارنى ئۇلار يارىتىلماستىن بۇرۇن يارىتىشنى ئۆز خاھىشى بىلەن قىلغانمۇ؟»

«شۇنداق، — دەپتۇ شۇماس، — تەڭرى ئۇلارنى ئۆز سۆزى (كالام) بىلەن يارانقان. ئەگەر خۇدا بۇ سۆزىنى ئېيتمىغان بولسا ئىدى، مەخلۇقلار مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.»

شاھزادە ۋەزىر شۇماسقا ئەنە شۇنداق سوئاللارنى قويۇپ جاۋابىنى ئاپتۇ. ۋەزىر شۇماس شاھزادىگە قاراپ:

«ئەي ئوغلۇم، سىنىڭ بۇ سوئاللىرىڭغا ھېچكىم مەن ئېيتقاندىن باشقىچە جاۋاب بەرمەيدۇ. كىمكى باشقىچىرەك جاۋاب بېرىدىغان بولسا، ئۇ شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ،

ھەقىقەتلەرنى ئۆز مەنىسىدىن ئايرىۋەتكەن بولىدۇ. خۇدا نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ كالامى (سۆزى) بىلەن ياراتتى دېگەنلىك، ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيەت ۋە سۇپەتلىرىدە يەككە ـ يېگانە دېگەنلىكتۇر. سۆز، قۇدرەت، كامالەت ـ ئاللانىڭ ئالىي سۇپەتلىرىدۇر. خۇدا ھەممە مەخلۇقلارنى ئۆزىنىڭ ھەق سۆزى بىلەن ياراتتى. بىزمۇ ھەق سۆزى بىلەن يارىتىلدۇق» دەپتۇ.

«مەن يارانقۇچى ئاللانىڭ كارامەتلىرىنى، سۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ياخشى چۈشەندىم. ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە، — لېكىن، سەن ئۆز سۆزۈڭدە:

‹ خۇدا نەرسىلەرنى ھەق (ھەقىقەت) سۆزى بىلەن ياراتتى، دېدىڭ. ھەقىقەت يالغاننىڭ تەتۈرى ياكى ئەكسى. بەس، شۇنداق ئىكەن يالغان قەيەردىن كېلىپ چىقتى؟ يالغاننىڭ ھەقىقەت بىلەن بىر قاتاردا تۇرغىنى قانداق گەپ؟ كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى ھەقىقەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇنى ئاجرىتالماي ئادىشىپ قالىدۇ. يارانقۇچى خۇدا شۇ يالغاننى ياقتۇرامدۇ ياكى يامان كۆرەمدۇ؟ ئەگەر خۇدا ھەقنى ياخشى كۆرىدۇ، نەرسىلەرنى شۇ ھەق بىلەن ياراتتى، يالغاننى يامان كۆرىدۇ دېسەڭ، ئۇ چاغدا يارانقۇچى خۇدا يامان كۆرگەن يالغان ئۇ ياخشى كۆرگەن ھەقىقەت ئارىسىغا قەيەردىن كىرىپ قالدى؟ »

ۋەزىر شۇماس جاۋاب بېرىپتۇ:

«خۇدا يارانقان ئىنسان توۋىغا (تەۋبەگە) موھتاج ئەمەس ئىدى. ئادەم تەبىئىتىدە خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان قىسمەن خاھىش، نەپس، شەخسىيەتچىلىك نەتىجىدە خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان ھەقىقەتكە يالغان ئارىلىشىپ قالدى شۇنىڭدىن كېيىن خۇدا ئادەمنى ئاشۇ يالغاندىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە توۋىنى ياراتتى ھەمدە يالغاننى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەمگە جازا بېرىشنى بەلگىلىدى.»

شاھزادە ۋەزىرگە:

«ھەقىقەت بىلەن بىر قاتاردا يالغاننىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قېلىشى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەر!» دەپتۇ.

«ئۇلۇغ تەڭرى ئىنساننى يارانقاندا ھەقىقەتنى سۆيگۈچى قىلىپ ياراتتى. ئىنسانغا نە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ، نەبىر توۋنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بۇ ھال خۇدا ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جاننى يارانقۇچە داۋام قىلدى. ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە نەپس خاھىشلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىنتىلىش بار ئىدى. مانا شۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن يالغان مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان ھەقىقەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا رەغبىتى ئاشتى ۋە بارا ـ بارا ئۇ ھەقىقەتتىن ئازدى. گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا بېرىلدى. ھەق (ھەقىقەت) — تىن ئازغان كىشى باتىلغا يولۇقىدۇ».

«بەس، ھەقىقەت ئارىسىغا يالغاننىڭ كىرىپ قېلىشىغا ھەقتىن بويۇن تاۋلاش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىق سەۋەب ئىكەن ـ دە؟» دەپتۇ شاھزادە.

«توغرا، — دەپتۇ ۋەزىر شۇماس، — چۈنكى خۇدا ئىنسانغا كۆيۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ مۇھەببىتى بىلەن ئىنساننى، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى كەم ـ كۈتىسىز بىللە ياراتقان. ھەقىقەت مانا شۇ. لېكىن ئادەم كۆپىنچە نەپس، ھەۋەسكە بېرىلىپ، ھەقىقەتتىن يىراقلاشتى. ئۇنىڭ تەتۈرگە مايىل بولدى. يارانقۇچىغا بويۇن ئەگمەسلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھقا پاتتى ۋە ئازابلىنىشقا دۇچار بولدى. شۇڭا ئىنسان توۋا قىلىش ھەقىقەت (ھەق) يولىغا قايتىش بىلەن گۇناھىنى يۇيىدۇ. ياخشىلىق يولىغا ماڭىدۇ.»

«جاۋاب بەرگىن ئۇستاز، — دەپتۇ شاھزادە ۋەزىر شۇماسقا، — ھەقىقەتتىن بويۇن تاۋلاشنىڭ سەۋەبى نېمىدىن؟

پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىشى ئادەم ئاتا ئەمەسمۇ؟ ئۇنى خۇدا ھەق بىلەن يارىتقان ئەمەسمىدى؟ ئۇ قانداق قىلىپ بۇ كۈلپەتكە يولۇقتى؟ ئۇنداقتا، جان يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ياخشىلىق تېپىش ياكى ئازابقا يولۇقتۇرىدىغان گۇناھ ئۈچۈن تۇۋا قىلىش زۆرۈرىيىتى قانداق كېلىپ چىقتى؟ بەزى ئادەملەر دائىم خۇدانىڭ بۇيرۇقىدىن بويۇن تولغايدۇ. خۇدا خالىمىغان نەرسىلەرگە مايىل بولىدۇ. ئەزەلى يارىتىلىشتىكى تەلەپكە مۇۋاپىق ھەقىقەتنى سۆيۈشكە تىرىشماستىن بەلكى ھەقىقەتكە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار خۇدانىڭ قەھرىگە ئۇچرايدۇ. بەزى ئادەملەر يارىتقۇچىنىڭ رازىلىقىغا لايىق ئىش قىلىدۇ. ئەمىر-پەرمانلىرىغا بويسۇنىدۇ. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ھەر خىل بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟»

ۋەزىر شۇماس جاۋاب بېرىپتۇ:

«ئالدىنقى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا دەسلەپكى سەۋەبچى — شەيتان. ئەسلىدە شەيتان ئۇلۇغ تەڭرى يارىتقان پەرىشتە، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىدى. ئۇ مۇھەببەتكىلا بېرىلىپ باشقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەنھالىقى ئۇنىڭدا تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك، ماختانچاقلىق نەپسانىيەتلىك قىلىقلارنى قوزغىدى. خۇدانىڭ ئەمرىدىن باش تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن خۇدا ئۇنى تۆۋەن، ھەممىدىن پەس دەرىجىگە چۈشۈردى — دە، ئۇنى مۇھەببەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بويۇن تاۋلىق قىلغۇچىلارنىڭ پاناھىغا ئايلاندى. شۇ چاغدىلا ئۇ خۇدانىڭ گۇناھ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدى. لېكىن ئۇ ئادەمگە قارىسا، ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى ياراتقان تەڭرى ئىشقىدا توختىماي تائەت-ئىبادەت قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەيتانىنىڭ دىلىغا كۆرەلمەسلىك، قارا نىيەت، ئىچى تارلىق

قاتارلىق ئىللەتلەر جايلاشتى ـ دە، ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش بۇزۇقلۇققا تارتىش، توغرا يولدىن ئازدۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ ئادەم شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ گۇناھكار بولدى ۋە تەڭرىنىڭ جازاسىغا مەھكۇم بولدى. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىزلىكى بىلەن شەيتاننىڭ سۆزىگە ئاسانلا كىرىپ كېتىدىغان ۋە ھەقىقەتنى ئاسانلا ئۇنتۇيدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئالدىن بىلگەن خۇدا ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنى گۇناھلارغا قارشى توغرا يولغا، ياخشىلىق (ساۋاب) تەرەپكە باشلاپ، ئۆز دۈشمىنى بولغان شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئادەمنىڭ شەيتاندىن ئايرىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن تۆۋىنى ياراتتى. شەيتان خۇدانىڭ ئادەمگە تۆۋا قىلىش پۇرستى بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە ئالدىرىدى. ئۇ ئادەمنى ئاللانىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ھىيلە قىلىشقا، ئۆزىگە چۈشكەن ئازابقا ئۇنى شېرىك قىلىشقا ئىنتىلدى. ئۇلۇغ تەڭرى ئىنسانغا مەرھەمەت قىلىپ تۆۋىنى يارىتىپ، ھەقىقەتتىن يىراقلاشماسلىق ۋە ئۇنى دائىم ئۆزىدە ساقلاشنى بۇيرۇدى. ئىنساننىڭ زېمىندا كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭدىن يىراقلاشماي كۈرەش قىلىدىغان دۈشمىنى بارلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدا خۇدانى دوست تۇتقان ھەقىقەتتىن يىراقلاشمىسا، ياخشىلىق كۆرىدۇ. ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يېڭىلىپ، بۇزۇقلۇق يولىغا ماڭسا، ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»

شاھزادە يەنە:

«خەلق (يارىتىلغۇچى) قانداق قىلىپ، سەن تەرىپ قىلغاندەك ھەممە نەرسىگە قادىر بولغان، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ خاھىشى ۋە ئىختىيارى بىلەن بولىدىغان ئۇلۇغ خالىق (ياراتقۇچى) نىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىدۇ؟ تەڭرى ئۆز

بەندىلىرىنى ئاشۇ بۇزۇقچىلىقلاردىن قايتۇرۇشقا، ئۆز ئەمرىگە بويسۇندۇرۇشقا قادىر ئىدىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

«ئۇلۇغ تەڭرى ئۆز بەندىسىگە ئادىل ۋە مېھرىباندۇر. ھەممە مەخلۇق ئۇچۇن ياخشى تىرىكچىلىك يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خالىغان ئىشلارنى قىلالىشى ئۈچۈن ھەرقايسىسىغا لايىق قابىلىيەت ئاتا قىلىدى. ئەگەر ئۇلار بۇ مېھىر - شەپقەتكە قارىتا ئەكسىچە ئىش قىلسا، بويۇنتاۋلۇق قىلسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە سالىدۇ» دەپتۇ.

«ئەگەر خالىق (يارانقۇچى) ئۇلار ئۇچۇن ئاشۇ ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەرمىگەندە، كىشىلەر خالىغانلىرىنى قىلالمايدىغان تۇرسا، يەنە نېمە ئۇچۇن خۇدا ئۇلار بىلەن بۇزۇقلۇق قىلغۇچى (باتىل) لار ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ئۇچۇن ھەممىگە ئوخشاش شەرت قويمايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادە:

«بۇ تەڭرىنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقى، دانالىقى، چۈنكى خۇدانىڭ شەيتانغا بولغان غەزىپى ئەبەديي ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ. ئەمما ئادەمگە بولغان مۇھەببىتى ئەزەلدىن زور بولغىنى ئۇچۇن، ئۇ توۋا قىلغاندا، توۋىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىنى كەچۈردى» دەپتۇ ۋەزىر شۇماس.

«بۇ بىر ھەقىقەت، چۈنكى خۇدا ھەر كىمنى ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتلىغۇچى ياكى جازالىغۇچىدۇر. ئالەمدە تەڭرى - خۇدادىن باشقا ھېچقانداق يارانقۇچى يوق. ئۇ — ھەممىگە قادىر. خۇدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ياكى ياخشى كۆرمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ياراتتىمۇ ياكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى ياراتتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

«خۇدا ھەممە نەرسىنى ياراتتى. لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرلا ماقۇل (مەقبۇل) كېلىدۇ» دەپتۇ ۋەزىر شۇماس.



www.uyghurkitap.com

«بىر خىل ئىشلار خۇداغا ماقۇل (مەقبۇل) كېلىپ، ئۇنى بىجىرگۈچىلەر ياخشى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. ئەمما يەنە بىر خىلدىكى ئىشلار خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى بىجىرگۈچىلەر جازاغا لايىق بولىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى (سىرى) نېمىدىن؟» دەپ سوراپتۇ شاھزادە يەنە.

«ئالدىنقى بۇ ئىككى نەرسە ھەققىدىكى سوئالىڭنى ماڭا ئۇچۇقراق چۈشەندۈرۈپ بەر، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا بۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن» دەپتۇ ۋەزىر شۇماس. شاھزادە ئېنىقراق قىلىپ:

«ماڭا جان بىلەن تەندە بولىدىغان ياخشىلىق (ساۋاب) بىلەن يامانلىق (گۇناھ) لار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن» دەپتۇ شۇماس.

«ئەي دانا، — دەپتۇ ۋەزىر شاھزادىگە، ساڭا مەلۇمكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار جان بىلەن تەن بىللە قىلغان ئىشلار نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئۇلاردىن خۇدا رازى بولغان ئىشلار ساۋابلىق، خۇدا رازى بولمىغان ئىشلار ئازابلىق ئىشلار دېيىلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىنى ياخشى بىلىش ۋە ياخشى (ساۋابلىق) ئىشلارنى قىلىپ ئۇنى رازى قىلىش زۆرۈر. چۈنكى خۇدا، بىز بەندىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇدى، يامان ئىشلاردىن توسۇدى.»

«بۇ ئىككى نەرسىنى يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، — دەپتۇ شاھزادە، — بىزگە مەلۇم بولغان ئادەمنىڭ بەش سەزگۈ ئەزاسى يەنى: سۆزلەش (تىل)، ئاڭلاش (قۇلاق)، كۆرۈش (كۆز)، پۇراش (بۇرۇن)، تۇتۇش (قول) ئەزالىرى بىجىرىدۇ. شۇ بەش ئەزانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭنى سورايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بەدىنىمىزدە ئورۇن ئالىدىكەن. ئۇلار ياخشىلىق ئۇچۈن يارىتىلغانمۇ ياخشى ـ يامانلىق ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ؟»

«ئەي دانا زات، ئۇ ئاساسي ھۆججەتتۇر، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ۋەزىر شۇماس، — ئۇنى ئەقلىڭگە مەھكەم ئورۇنلاشتۇر. دىلىڭنى ئۇنىڭ بىلەن قاندۇرۇپ سۇغار. ئۇلۇغ تەڭرى ئىنسانغا ھەق (ھەقىقەت) نى راۋا كۆردى. ئۇ ھەربىر نەرسىنى يارىتىشتا، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايان قىلدۇ، ئۇ ئادەمنى يارىتىش بىلەن تەڭ، ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئادەم تەبىئىتىدە ھاۋايى ھەۋەسكە رىغبەتلەندۇرگۈچى نەپسىنىمۇ بىللە ياراتتى. يەنە ئۇلارنى شۇنداق ھەۋەسكە ئىگە قىلدى. بۇ بەش سەزگۇ ئەزانى ئىنساننىڭ لەززەتلىنىشى ۋە راھەتلىنىشىگە ياكى ئالدىنىپ دوزاخ ئوتىدا كۆيدۇرۇلۇشىگە سەۋەبچى قىلدى.»

«بۇ نىمە ئۇچۇن؟» — دەپ سوراپتۇ شاھزادە. ۋەزىر شۇماس مۇنداق جاۋاب بىرىپتۇ.

«چۇنكى خۇدا تىلنى سۆزلەشكە، ئىككى قولنى ئىشلەشكە، ئىككى پۇتنى مېڭىشقا، ئىككى كۆزنى كۆرۈشكە، ئىككى قۇلاقنى ئاڭلاشقا ياراتتى. خۇدا بەش ئەزانىڭ ھەربىرىگە سېزىش قابىلىيىتىنى بىرىپ، ئۇلارنى تەسىرلىنىدىغان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ بەش ئەزانىڭ ھەربىرىگە پەقەت خۇدانىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق ئىش قىلىشنى بۇيرۇدى. سۆز قىلغاندا: خۇدانىڭ رازىلىقى ئۇچۇن راست گەپ قىلىش. يالغان گەپ قىلماسلىق، پاك ئىغىزدىن پاسكىنا، ئەدەپسىز گەپنى چىقارماسلىق: كۆرۈش ۋە قاراشتا: خۇدانى رازى قىلىش ئۇچۇن خۇدا دوست تۇتقان نەرسىلەرگە قاراش. ئەكسىچە، خۇدا دوست تۇتمىغان نەرسىلەرگە قارىماسلىق؛ ئاڭلاشتا: پەقەت خۇدا رازى بولىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاش، ھەق (ھەقىقەت) سۆزىنى ئاڭلاش. خۇدانىڭ كالامى، ۋەز - نەسىھەتلەردىن باشقىنى ئاڭلىماسلىق، خۇدانىڭ غەزىپى كېلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن يىراق بولۇش؛ ئىككى قولنى ئىشلىتىشتە: خۇدانىڭ

رازىلىقى ئۇچۇن خۇدا بۇيرۇغان نەرسىلەرگە ئىشلىتىش، خۇدا بەرگەندىن باشقا بۇيرۇمىغان نەرسىلەرنى تۇتماسلىق، خۇدا بەرگەن بايلىقنى ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق يولىدىكى گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىك؛ پۇت بىلەن ماڭغاندا: خۇدا رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارغا مېڭىش، ئىلىم يولىغا، ساۋابلىق يولغا مېڭىش، ئەكسىچە، كىشىنى يامان ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەس، شەھۋانىيلىق يولىغا ماڭماسلىق. مانا بۇ ئىشلار روھ (جان) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەدەندىن كېلىدۇ، يەنى تەن ئىشلەيدۇ. تەندىن كېلىدىغان شەھۋەت (شەھۋانىي ھېرىسلىق) ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى شەھۋەت تاناسىل (كۆپىيىش شەھۋىتى)؛ ئىككىنچىسى، شىكەم شەھۋىتى (قورساق ھېرىسلىقى)، خۇدا، شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان شەھۋەتتىن رازى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەنئىي قىلىنغان شەھۋەتتىن خۇدا غەزەپلىنىدۇ. قورساق شەھۋىتى يەنى ئاشقازان شەھۋىتى — يېيىش — ئىچىش دېمەكتۇر. خۇدانىڭ بەرگىنى ئازمۇ ياكى كۆپمۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، ياراتقۇچى (خالىق) دىن مىننەتدار بولۇش ۋە شۈكۈر قىلىش لازىم. ئەگەر، ئادەم نەپسىدە بۇزۇقلۇق قىلىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەردىن يەپ ـ ئىچسە، بۇنىڭدىن خۇدا غەزەپلىنىدۇ. ساڭا مەلۇمكى، ئۇلۇغ تەڭرى ھەممە نەرسىنى ياراتتى. لېكىن ياخشىلىقىلا رازى بولدى. بەدەندە مەۋجۇت بولغان ئەزالارنىڭ ھەر بىرىگە پەقەت تاپشۇرۇلغىنى بويىچە ئىش قىلىشىنى بۇيرۇدى».

شاھزادە مەغرۇرانە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىر شۇماسقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

«جاۋاب بەرگىن ئۇستاز، ئادەم ئەلەيھىسسالام مەنئىي قىلىنغان مېۋىنى يەپ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى خۇدا بىلەتتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر شۇماس:

www.uyghurkitap.com

«ئەي دانا شاھزادە! ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى خۇدا ئۇنى ياراتماستىن بۇرۇنلا بىلەتتى. بۇنىڭ ئاساس ۋە دەلىلى شۇكى، خۇدا بۇ ھەقتە ئۇنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ، مەنئىي قىلىنغان شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن قايتۇرغان. ئەگەر يەپ سالسا، گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. بۇ خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە ئىنساپلىقلىقىدىن ئىدى. يەنى بۇ كېيىنكى چاغلاردا خۇدادىن نارازى بولۇشىغا ئاساس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئادەم ئاتا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي خاتالىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئۇنىڭدا ھېرىسلىق بارغانسېرى ئۇلغايدى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ بۇ ئىشى مىراس بولۇپ قالدى. كېيىن خۇدا يەر يۈزىگە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار بىزگە شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. زۆرۈر ۋەز ـ نەسىھەت ۋە قانۇنلارنى چۈشەندۈردى. ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى. بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى قىلماسلىقىمىز زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان مەخسۇس كىتابلار ئەۋەتتى. ئىختىيارنى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تاپشۇردى. كىمكى، مانا شۇ دائىرىدە ئىش ئېلىپ بارسا، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە راھەتكە چىقىدۇ. كىمكى ھەددىدىن ئېشىپ بۇ كۆرسەتمىلەرگە خىلاپ ئىشلارنى قىلسا، ئۇ ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا تارتىلىدۇ. بۇنداق كىشى ئىككىلا دۇنيادا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قالىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق يوللىرى مانا شۇ. ساڭا مەلۇمكى، خۇدا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ بىزگە نەپس ـ ھاۋانى ئۆز خاھىشى بىلەن ياراتتى. مانا شۇ نەپس ھاۋا يولىدا ھەددىمىزدىن ئاشماي ئىش قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى. ئەگەر بىز مەنئىي قىلىنغان غەيرىي قانۇنىي يولدىن ماڭىدىغان بولساق، ئاقىۋىتىمىز يامان بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان

ياخشىلىقلىرىمىز ئاللادىن. لېكىن يامانلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تەڭرىدىن ئەمەس، ئۆزىمىزدىن كېلىدۇ. تەڭرى ئۇلۇغ مېھرىباندۇر» دەپتۇ.

«ئەي ئۇستاز، خۇدا ۋە بەندىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن تەرىپلىرىڭنى چۈشەندىم. ئەمدى مېنى ناھايىتى ھەيرانلىقتا سېلىۋاتقان يەنە مۇنداق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن: مەن ئادەمزاتنىڭ بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا ھەيرانمەن، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىنى ياخشى بىلەتتىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

«شۇنداق، — دەپتۇ ۋەزىر شۇماس، — بۇ دۇنيا سەن ئېيتقاندەك ۋاپاسىز. لېكىن بۇ دۇنيادا ياشىغۇچىلار ئالدانغۇچىلاردۇر. بۇ دۇنيادا خۇشاللىق بىلەن ئۆتىدىغانلارمۇ، خاپىلىق، قىيىنچىلىقتا ئۆتىدىغانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلار ئەبەدىي شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ناھايىتى ياخشى كۈن كەچۈرگەنلەرمۇ ئاخىر ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. ئەمما، يەنە ئاشۇ ئەندىشە ئىچىدە ياشاۋېرىدۇ. بۇ دۇنيا بىلەن قانائەتلىنىپ پەخىرلىنىشكە ئاساس يوق. ئۇنىڭ ساختا پەردىزى ئادەملەرگە پايدىسىز، بۇ دۇنياغا ئالدىنىپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇغانلار ئەڭ يامان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ دۇنيادا كۆرگەن ھۇزۇر - ھالاۋەت، ئېرىشكەن مەئىشەتلىرى ئاخىرەتكە بارغاندا كۆرىدىغان قورقۇنچ، قايغۇ - ھەسرەتلەرگە تەڭ كېلەلەمدۇ. ئادەم مانا شۇ ئاخىرەت قورقۇنچىسىنى كېيىن چۈشىنىدۇ، ئالدانغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ.»

«ئەي دانا ئۇستاز، مېنىڭ دىلىمنى قاپلىغان زۇلمەت — قاراڭغۇلۇقنى سېنىڭ نۇرلۇق چىرىغىڭ بىلەن يورۇدى. سەن مېنى ھەق (ھەقىقەت) يولىغا باشلاپ، قولۇمغا يوپيورۇق مەشئەل تۇتقۇزدىڭ» دەپتۇ شاھزادە.

شۇ سورۇندا ئولتۇرغان دانىشمەنلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

«تەقسىرلەر، ‹باھار كەلگەندە توشقاننى پىل ئۇۋىسىدىن ئىزدەش كېرەك›، دېگەن گەپ بار. بۇ سورۇندا بىللە بولۇپ سىزلەردىن ھەر خىل مەسىلە ـ مەسائىل، ھەر خىل چۈشەنچە ـ ئىزاھلارنى ئاڭلىدىم. بۇرۇن بۇنداق ھېكمەتلەرنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا بۇ يەردە بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ ئېنىقلىۋېلىشنى زۆرۈر تاپتىم. قېنى ماڭا جاۋاب بېرىڭلارچۇ، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئەڭ ياخشىسى قايسىلار؟» دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

«دۇنيانىڭ ياخشى نېمەتلىرىدىن بىرى — تەن سالامەتلىك؛ بىرى — ھالال ئەمگەكتىن كەلگەن مەئىشەت. يەنە بىرى — ياخشى پەرزەنتۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دانىشمەن يەنە:

«چوڭ دېگەن نېمە؟ كىچىك دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ.

«چوڭ دېگەن كىچىكلىرى بويسۇنىدىغان نەرسە، كىچىك دېگەن چوڭغا بويسۇنىدىغان نەرسە.»

«ھەممىگە بىر خىل بولغان تۆت خىل نەرسە قايسى؟»

«يەپ ـ ئىچىش، ئۇيقۇ، خوتۇنلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازاب. بۇلار ھەممىگە بىر خىل».

«ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان ئۈچ يامانلىق قايسىلار؟»

«ئەخمەقلىق، خەسىسلىك ۋە يالغانچىلىق.»

«يالغانىڭمۇ ھەرقاندىقى يامان بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ياخشىسىمۇ بولامدۇ؟»

«سۆزلىگۈچىنى زەرەردىن ھەتتا ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ، پايدا يەتكۈزىدىغان يالغان. بۇ — يالغانىڭ ياخشىسى ياكى ياخشى يالغان.»

«يامانلارنىڭ ئەڭ يامىنى قايسى؟»

«ئۆزىدە بولمىغان، بولسىمۇ ئازغىنا بولغان نەرسە بىلەن ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك قىلىش.»

«قانداق ئادەم ئەخمەق؟ دەپ سوراپتۇ دانىشمەن.»

«ھەممەتىسىز، غەيرەتسىز، بار نەرسىنى ئاغزىغا سېلىش، قورسىقىغا تىقىشقىلا ئالدىرايدىغان ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە. شۇ چاغدا ۋەزىر شۇماس ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەي ھۆرمەتلىك شاھ! سەن بىزنىڭ ئادىل شاھىمىز سەن. ئۆز ئارزۇيۇڭ ۋە بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئۇچۇن خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان ئوغلۇڭنى، تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىشىڭنى سورايمىز. بىز ئۇنىڭ خەيرىخاھ پۇقرالىرىدىن بولۇشقا ۋەدە بېرىمىز» دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى ئۆز ئورنىغا تەخت ۋارىسى ھەم پادىشاھ نائىبى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى دەرھال جاكارلاپتۇ. سورۇندا ھازىر بولغان كىشىلەرگە ئوغلىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، دائىم ئىتائەت قىلىشلىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئالىم ۋە دانىشمەن ئۆلىما - ھۆكۇمالار. قارىيلار ۋە زاھىدلار. قەلەمدارلار ۋە ئەلەمدارلار، سىپاھلار ۋە ئەسكەرلەر. قىبىلار، ياشلار ۋە باشقا ئادەملەردىن ئوغلىنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ھەققىدە ۋەدە ئاپتۇ. تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا ئوغلىنى ۋەلى ئەھىد (تەخت ۋارىسى) قىلغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. تەرەپ - تەرەپتىن مۇبارەكلەپ ئەھدىنامىلەر كەپتۇ . . .

پادىشاھ بىر كۈنى ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

«ئوغلۇم، ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالدى. مەندىن كېيىن قالغان كۈنلەردە، ھازىرقى ئۆزۈڭدە يېتىشتۈرگەن ياخشى خىسلەتلەرنى ھەرگىزمۇ يوقاتمىغىن. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتىمۇ پايدىسىنى كۆرىسەن. ھەرچاغ - ھەرقاچان ئاچچىقىڭ كەلسە سەۋرى قىل. «ئاچچىق يۇتماق، تاغ يۇتماق» دېگەننى

ئېسىڭدە تۇت. بېشىڭغا ئېغىر كۈن كەلسە، چىداملىق بول. سۆز قىلساڭ راست سۆزلە، ۋەدە قىلساڭ ۋاپا قىل، ۋەدىنى ۋاقتىدا ئورۇندا، ھۆكۈمنى ئادىللىق بىلەن قىل. كۈرەشتە غەلىبە قىلساڭ، كەچۈرۈم قىل. يۇرت كاتتىلىرى، قېرى كىشىلەرنى ھۆرمەتلە، ئىززەتلە، دۈشمەنگە ياخشىلىق قىل، زىددىيەت ئۆرلەپ كەتمىسۇن، ئاداۋەت ساقلىما. ھەمىشە پۇقرانىڭ غېمىنى يېگىن.» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. يەنە شۇ مەيداندا ھازىر بولغان ۋەزىرلەرگە، ئوردا ئەمەلدارلىرىغا:

«سىلەرمۇ ئوغلۇمنىڭ ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇڭلار، ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇڭلار، قارشىلاشماڭلار، ئۆز ئاراڭلاردىمۇ بىر - بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار. بىر - بىرىڭلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلماڭلار؛ ئىناقسىزلىق، زىددىيەت پادىشاھلىقنىڭ ۋە شەھەرنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ» دەپتۇ.

شاھزادە ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

«ئەي ئاتا، ئېيتقانلىرىڭنى جان - دىل بىلەن ئورۇندايمەن، سەن تاپشۇرغان بارلىق ئەمىر - پەرمان، نەسىھەتلىرىڭدىن ئەسلا سىرتقا چىقمايمەن» دەپتۇ - دە، ئاتىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ ياش تۆكۈپتۇ. پادىشاھنىڭ تىنىقى پەسلەپ ئاستا - ئاستا كۆزى يۇمۇلۇپتۇ. ئەتراپتىكى ۋەزىرلەر - ئەمەلدارلار ھەممىسى يىغلىشىپتۇ. يۇرت كاتتىلىرى، شەيخۇلئىسلاملار كېلىپ يۇيۇپ - تاراپ جەسەتنى داغدۇغا بىلەن يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

شاھزادىگە شاھلىق كىيىمى بىلەن، بېشىغا ئاتىسىنىڭ شاھلىق تاجىسىنى كىيدۈرۈپ، ئۈزۈكىنى قولىغا سېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بارلىق ئوردا خادىملىرى. يۇرت كاتتىلىرى توپ - توپ بولۇپ كېلىشىپ، يېڭى شاھنى مۇبارەكلىشىپتۇ.

شاھزادە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ

ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، تولۇق ھوقۇق ۋە ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزۈپتۇ. ئاتىسىدىن قالغان ۋەزىرلەرمۇ شاھزادىنىڭ ئاتا ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئوبدان پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن رازى ۋە خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىراق بۇ ئىش ئۇزاققا سوزۇلماپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىدا شەھۋانىيلىق باش كۆتۈرۈپ، گۈزەل قىزلار، سەنەڭ كېنىزەكلەر كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئەيشى ــ ئىشرەت سادالىرى ئوردىنى بىر ئاپتۇ. ياش پادىشاھ كېچىسى ئۇخلاپ كۈندۈزى قىزلار بىلەن شاراب ئىچىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئايلاپ ــ يىللاپ ئوردىغا چىقمايدىغان پۇقرالارنىڭ دەرد ــ ھەسرەتلىرىگە يەتمەيدىغان بولۇپتۇ. يۇرتتىكى ھاكىم بەگلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زۇلۇم ستەمنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ.

ۋەزىر شۇماس كۆپ قېتىم ئوردىغا كىرىپ شاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغا بولسىمۇ، ئەتە، ئۆگۈن دەپ قەتئىي ئەتىسى تۈگىمەپتۇ. بىراق، پادىشاھ ئوردىغا چىقىشقا نىيەت قىلغاندا، مەككار خوتۇنلار ھەر خىل ئېزىتقۇ سۆزلەر بىلەن شاھنىڭ قەلبىنى ئوۋلاپ، ئاۋام بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىر شۇماس يەنە كېلىپ ئەھۋالنىڭ يامانلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى سۆزلەپتۇ ھەم ئاياللارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر پاجىئەلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

بىر كىشى ئۆزىگە تېگىشلىك يېرىنىڭ بىر قىسمىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكىپ باغ قىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى باغقا كېلىپ كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىدىكەن. بىر كۈنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالى، ئۇنىڭدىن: «قەدىرلىكىم بىغىمىزغا قانداق كۆچەتلەرنى تىكتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. «سۆيۈملۈكۈم، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرىدىن تىكتىم، بىرچەتتە تېخى

www.uyghurkitap.com

تىكىلمىگەن بوش يەرلەر بار. خۇدا خالىسا ئۇيەرگە سەن ياخشى كۆرىدىغان كۆچەتلەرنى تىكمەن.»

«قارا سىنىڭ ياخشىلىقىڭنى، مېنى باغقا باشلاپ بارغىن، يېڭى باغنىڭ كۆچەتلىرىنى كۆرۈپ، ئىچ ـ قارنىمنى ئېچىپ كېلەي. ھە، راست، مەن گۇناھلاردىن پاك، بېجىرىم ئايالمەن. كۆچەتلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ تېزرەك ئۈنىشى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ قوياي.»

«بولىدۇ، بولىدۇ، يۈر ئەمىسە ھازىرلا بارايلى» دەپتۇ ئېرى. ئىككىسى يېتىلىشىپ باغقا كېلىپ، بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىشىپتۇ. كۆپكۆك چىمەندە، ياش نوتىلار ئارىسىدا بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ يېتىلىشىپ يۈرگىنىنى، زېرىكىپ ئايلىنىپ يۈرگەن ئىككى بەگزادە يىراقتىن كۆرۈپ:

«قارا، قارا! ئاۋۇ باغۋەن بۇ يەرگە بىر ئايالنى باشلاپ كەپتۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ يالغۇز ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقىدا بىر جىن بار جۇمۇ؟ توختا، مۆكۈپ مارىلايلى» دەپ چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ.

باغۋەن ئايالى بىلەن كۆچەتلەرنى ئارىلاپ، يۈرۈپ راسا ئايىنىغان. ئوت ـ چۆپلىرى قويۇق بىر يەرگە كەلگەندە، ئايال ئېرىنىڭ بېلىنى چىرمىۋېلىپ:

«قارىغىنا سۆيۈملۈكۈم، ئەركەك ـ چىشى جۈپلەشكەندەك، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، تال ـ چىۋىقلار بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ چىرمىشىپ كېتىپتۇ. ‹ئوينىساڭ باغدا ئوينا› دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ كېلە قېنى، مۇشۇ يەردە يېتىپ بىزمۇ گىرەلىشىۋالايلى» دەپتۇ.

«خوتۇن، كۆچەتلەرنىڭ ئايىنىشىغا ئاتاپ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىمەن دېمىگەنمىدىڭ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي نامىزىڭنى ئوقۇ، قېنى، ئاندىن كۆچەتلەرنى كۆپرەك سۇغىرايلى.»

«ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرما. ماۋۇ مەخمەلدەك

چىملىقنى قارا. مانا مۇشۇ يەردە ياتىلى، كېلە چاپسان.»

«ئۆينى قويۇپ تالادا ياتقىنىڭ نېمىسى؟ نوتا كۆچەتلەردىن ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق قىلساڭ تەرتىپىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، كۆچەتلەرمۇ چەتنەپ قالىدۇ.»

«بىزنى كۆرىدىغانغا دەرەخنىڭ كۆزى يوق، ئۇلارمۇ چىرمىشىپ كېتىپتۇغۇ؟»

«ئىنساپ قىل، ئۇنداق گەپلىرىڭنى قويۇپ نامىزىڭنى ئوقۇغىن، مەن سۇغىراي.»

«گېپىمدىن يانمايمەن. نامازنىمۇ ئوقۇمايمەن.» دەپ ئايال چىملىقنىڭ ئۈستىدە يېتىۋاپتۇ. باغۋەن ئامالسىز ئۇنىڭ تەلپىنى قاندۇرۇپتۇ. يىراقتىن ماراپ تۇرغان ئىككى يىگىت:

«مانا دېمىدىممۇ، ئۇ ئۆز خوتۇنى ئەمەس. بىر يامان خوتۇننى باشلاپ كېلىپ زىنا قىلماقچى دېگىنىم راست چىقتى. ئۆز خوتۇنى بولغان بولسا، بۇنداق يەردە ياتاتتىمۇ؟ چاپسان بول، بۇركۈتتەك ئۈستىدىن چۈشۈپ ئولجىغا شېرىك بولايلى» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايالغا ئېسىلماقچى بولۇشۇپتۇ. باغۋەن تەمتىرەپ قېلىپ:

«ۋاي نېمە قىلىۋاتىسىلەر، نېمە بولدى سىلەرگە!» دەپتۇ.

«ساڭا نېمە بولدى، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟»

«نېمە قىلسام، نېمە كارىڭ؟ بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم.»

«تولا كاپشىما، خوتۇنى بار ئادەم ئۆينى قويۇپ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ! كاززاپلىقىنى قارا!» دەپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان ئايالنى بىرى قۇچاقلىۋېلىپ يەرگە بېسىپتۇ. ئايال ۋاي داد سېلىپ ۋارقىراپتۇ. باغۋەن نومۇسسىزلارچە ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان يىگىتنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. باسقۇنچى يىگىت يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ باغۋەننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ، ئىككىسى ئۆزى بىلگەننى قىپتۇ. ئايالنىڭ ئورۇنسىز تەلپىگە يول قويغاننىڭ ئاقىۋىتى

مانا شۇنداق بوپتۇ.

ئاخىرىدا ئاياللارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەندە كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ بولسا يەنىلا ئەتىنى ۋەدە قىلىپ، خوتۇنلار بىلەن قاپتۇ، لېكىن شۇماس ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھىندى ئايال، ئوردا ئەمەلدارلىرىغا تۇرلۇك بەتناملارنى چاپلاپ، نۇرغۇن ئەپسانىلارنى ئوقۇپ، يەنىلا پادىشاھنى نىيىتىگە يەتكۈزمەپتۇ. ئەتىسى شۇماس يەنە كېلىپ: «خەلقنىڭ غەزەپ ــ نەپرىتى پەلەككە يەتتى، ئۇلار تەختى ــ بەختلىرىنى كۆكۈم تالقان قىلىدىغان ھالغا يەتتى. سىلى خېلى ئىلىم ــ ھېكمەت ئۆگەنگەن ئەقىللىق پادىشاھ ئىدىلە، ھازىر سىلىنى بۇنداق ئازغۇن يولغا باشلاۋاتقان زادى كىم؟ مەن سىلىنىڭ دادىلىرىنىڭ سادىق ۋەزىرى، سىلىنىڭ ئۇستازلىرى مەن سىلىگە، ئەلگە كۆيۈنۈپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن» دەپتۇ. شۇماسنىڭ گەپلىرى بىلەن شاھ ئوردىغا چىقىدىغان بولۇپ، شۇماسنى يولغا سالىدىكەن، ئارقىدىن ھېلىقى ھىندى خوتۇنى، يەنىلا شاھنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدىكەن، ئەپسانىۋى ھېكايىلار بىلەن نىيىتىدىن ياندۇرىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاخىر خەلق قوزغىلىپ، ئوردا ئالدىغا يىغىلىپ شاھنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ خوتۇنىغا كايىپ، مانا سېنىڭ كەينىڭگە كىرىپ يامان ئەھۋالغا قالدىم. بۇنداق بولۇشنى شۇماس ماڭا ئاللىبۇرۇن ئەسكەرتكەن ئىدى، دەپتۇ. لېكىن ئايال بۇ گەپلەرنى پەرۋايىغا ئالماي، ئەكسىچە ئىنتايىن قەبىھ بىر يولنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ شۇماس ۋەزىرى ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرى، خەلقنىڭ غەزىپىنى باسسەن، يەنە بىرى، خەلقنى قۇتراتقان ئۇ مەلئۇنلاردىن قۇتۇلىسەن. ئەتە ئوردىغا چىقىپ جاللاتلارنى تەق قىلىپ ئاۋۋال شۇماسنىڭ كاللىسىنى

ئال، ئاندىن كىرگىنىنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرگىن، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ. شاھ قارا نىيەت خوتۇننىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئاۋۋال شۇماس كىرىپتۇ، ئۇنى باشقا ئۆيگە باشلاپتۇ، كاللىسى ئېلىنىپتۇ، ئارقىدىن باشقا ۋەزىر، دانىش، ئالىم، يۇرت كاتتىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. ئارقىدىن توپلانغان خەلقنىڭ ئالدىدىكى يول باشچىلىرى قىرغىن قىلىنىپتۇ.

ئاتا - پادىشاھنىڭ ھايات ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشى بەئەينى ئۆتۈپتۇ. دۆلەت پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپتۇ.

ئەسلىدە بۇ خانلىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس، ياقۇت، گۆھەرلەرنىڭ خەزىنىسى ئىكەن. ئېسىل جاۋاھىراتلار چىقىدىغان كانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قوشنا پادىشاھلىقنىڭ بۇ بايلىقلارغا كۆزى قىزىرىپ خىرىس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئادىل، ۋەزىرلىرى دانىشمەن، خەلقى ساداقەتمەن بولغانلىقى ئۈچۈن كۆز ئالايتىشقا پېتىنالمىغان ئىكەن. مانا ئەمدى ئەل بىر شەھۋەتپەرەس قانخور پادىشاھنىڭ قولىغا قالدى، ئەلدە ئېتىقادلىق، ئاقىل كىشىلەر قالمىدى، خەلقىمۇ شاھقا قارشى، ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلاپ، شاھقا تەھدىت خەت يېزىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، پادىشاھنى قىستىغىلى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ مەكتۇپنى ئوقۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ مەسلىگىدىن ئويغىنىپ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ ۋەتكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەلچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى 75 سەتەڭ خوتۇننى ئالدىغا چاقىرىپ، مەكتۇپنى ئوقۇپ بېرىپ، ئەمدى نېمە مەسلىھەتىڭلار بار، دەپ سوراپتۇ.

«پادىشاھىم، ئورۇش دېگەن ئەرلەرنىڭ ئىشى، خوتۇن

دېگەن ئۆيدىكى ئۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاياللار.

بېشى قاتقان پادىشاھ قانداق قىلىشىنى بىلمەي، پۇقراچە ياسىنىپ سىرتقا چىقىپتۇ. كوچىلارنى ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ بىر تامنىڭ تۈۋىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان ئون ئىككى ياشلاردىكى ئىككى بالىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:

«دادام بىزگە، بۇ يىل ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چېپىپ راۋانلاشتۇرىدىغان ئادەم يوق، قانداق قىلارمىز دەۋاتىدۇ»

«بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ بىزنىڭ پادىشاھىمىز دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئەتمەي، ئۆزىگە يېقىن بولغان ۋەزىر، ئالىم، يۇرت كاتتىلىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى، خوتۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. مانا ئەمدى باشقا ئەلدىن دۈشمەنلەر كېلىپ پادىشاھقا قورقۇنچ سېلىۋاتىدۇ.»

«ئۇنداقتا شۇنچىۋالا گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن پادىشاھنىڭ جازاسىنى بېرىدىغان پۇرسەت كەپتۇ ـ دە»

«ياق دوستۇم — دەپتۇ ئەقىللىق بالا — مېنىڭ دادامنىڭ ئىنتىقامىنى دۈشمەنلەر ئېلىپ بەرمەيدۇ، ئەتراپتىكى ھىندى پادىشاھلىرى پادىشاھىمىزغا خەت بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. خەتتە: دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆت ئوردا سالدۇرىسەن، كان بايلىقلىرىڭنى بىزگە بېرىسەن، ئۈچ كۈن مۇددەتتە بۇنى ئىجرا قىلمىساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن» دەپتۇ.

«بۇ ھالاكەت پاتقىقىدىن پادىشاھنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم چىقسا، دۈشمەنگە ئامالسىز باش ئەگمەكچى بولغان پادىشاھقا ياردەم قىلالايدىغان ئادەم چىقسا، مانا شۇ ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرەتتى» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاڭ قاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: «باللار، سىلەرنىڭ دېگەن ھېلىقى گېپىڭلار قىزىق گەپقۇ، پادىشاھقا دۇشمەن تەرەپتىن خەت كەلگىنىنى، ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭلار» دەپ سوراپتۇ.

«پادىشاھ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن ئەسكەر باشلىقلىرىنى قويماي ئۆلتۈرگەن كۈنىلا بىلگەن ـ دە»

«پادىشاھ بۇ ئېغىر ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالارمۇ» دەپ سوراپتۇ پادىشاھ باللاردىن.

«قۇتىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم بولسا ئاندىن قۇتۇلالايدۇ، ھەي ئىسىت، ئاشۇ دۇشمەنلەرگە بېرىدىغان جاۋابنى مەن بېرەتتىم، ئەمما پادىشاھ مېنى تونۇمايدۇ ـ دە»

«ئەگەر پادىشاھ سېنى بىلىپ چاقىرسا، مەسلىھەت بەرگەن ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئاشۇ ئەسكى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باراتتىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ھەيران قالغان پادىشاھ

«دۇشمەن قولىغا چۈشۈپ خارلانغۇچە، ياۋۇز پادىشاھىمىز-نىڭ قولىدا ئۆلسەم مەيلى ئەمەسمۇ. بىراق، ھازىر پادىشاھ ھاياتلىق ئۈچۈن ئامال ئىزدەيدۇ، مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ.»

«گەپلىرىڭ بەكمۇ چۈچۈك، بەكمۇ ئورۇنلۇق، ئۆيۈڭ نەدە؟ ئەگەر سېنى پادىشاھ ئىزدىسە خەلق ئىزدەيدۇ»

بالا ئۆيىنى ئېيتىپ بېرىپلا ئاغىنىسى بىلەن يۈگۈرۈپ باققا كىرىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا بېرىپ، ئادەم بۇيرۇپ ھېلىقى بالىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوردىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ بالىنى تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، خۇددى شۇماس ۋەزىر ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئىھتىرام بىلەن سۆزلىشىپتۇ. ئاخىرى بۇ دانا بالا شۇماسنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ.

بالا پادىشاھقا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

«ئەتە دۈشمەن ئەلچىلىرى كەلسە، جاۋابىنى ئەتە بېرىمەن دەپ يولغا سالسەن، ئەتىسى كەلگەندە خەلقىم جاۋابىنى بېرىدۇ دەپ ئېيتقىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن.»

شۇنداق قىلىپ بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئەلچىلەر پادىشاھنى قىستاق ئىكەن، پادىشاھ بۇنىڭ جاۋابىنى خەلقىم بېرىدۇ، دەپتۇ. ئۇلار ئوردا ئالدىغا چىققاندا نۇرغۇن خەلق توپلىنىپ تۇرغان ئىكەن، ئەلچىلەر خەلققە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئېيتىپتۇ ۋە مەكتۇپنى خەلققە ئوقۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ چاغدا شەھەرنىڭ ھاكىمى بىلەن بىرقانچە ئەسكەر، بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىنى ئوردىغا توپلاپ ئاندىن ئەلچىلەرنى ئوردىغا چاقىرىپتۇ ـ دە ئاچچىق بىلەن:

«خوش! سەن ئۆز مەيلىڭچە بىر مەملىكەتنىڭ خەلقىگە ھاقارەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ سەن خەتنى تېگىشلىك كىشىگە تاپشۇرماي، خەلققە ئوقۇغىنىڭ نېمىسى دەپ خەتنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلاپ، بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى مانا مۇشۇ بالا يازىدۇ، دەپتۇ»

بالا جاۋاب خەتنى مۇنداق يېزىپتۇ:

«ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مەكتۇپنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق، ئادەمنىڭ سايىسىدىن بويىنىڭ ئېگىز ـ پاكارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېگەنىدەك، خېتىڭىز ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزنىمۇ بىلىپ قويدۇق. ئەسلىدە مۇنداق خەتنى ئوردا كىشىلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئەلچىلىرىڭىز بىز جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، شەھەر رەستىگە چىقىپ خەتنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن خالايىققا ئاشكارە قىلىپتۇ. بۇنداق بولغاندا ئىش بىجىرمەك مۇشكۈل بولمامدۇ. شۇڭا بۇ جاۋابنى تېخى ئەقلىم تولمىغان مېنىڭ بىرىشىمگە بۇيرىدى. سەن خېتىڭدە، پادىشاھىمىزنى

ئاقىللىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتىڭ، ئەمدى دۆلىتىڭنىڭ تۈۋرۈكى يىقىلدى» دەپسەن، شۇنداق پادىشاھىمىز خاتالىشىپ نۇرغۇن ئىختىدار ئىگىلىرىنى قىرغىن قىلىۋەتتى، لېكىن بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە كۆكسى بىلىم بىلەن تولمىغان بىرەرمۇ بالا يوق ھەممىسى مۇنازىرىدە ئالىم، يۈرۈش قىلىشتا قوماندان، جەڭ مەيدانىدا پالۋان بولۇپ يېتىشتى يۇرتىمىزدا تۈگىمەس بايلىق بار سەن كۈچۈڭگە تايىنىپ ۋەتىنىمىزنى، ياشلىقىمىزنى يۇتىۋالماقچى، يوشۇرۇۋالماقچى بولساڭ، بۇ زېمىنغا دەسسىگەن پۇتۇڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر، تەۋەككۇل قىلساڭ قەۋرەڭنى مۇشۇ يەردە قاتۇرۇشقا كەل» دېگەن مەزمۇندا ئىكەن. بالا خەتنى يېزىپ بولۇپ، پادىشاھقا سۇنۇپتۇ، پادىشاھ ئەلچىلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

باشقا دۆلەت پادىشاھى خەتنى ئوقۇپ، 12 ياشلىق بالا شۇنچىلىك ئەقىللىق بولغان يەردە، بۇ ئەلنى قول قىلغىلى بولمايدىكەن دەپ نىيىتىدىن يېنىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ خەت يېزىپتۇ.

«مىڭ بىر كېچە» نىڭ 8 - كىتابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر

تۈزگۈچى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 12.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN 7—228—07892—6
باھاسى 17.80 يۈەن

Abdulelil Turan Kurukjan
www.uyghurdem.net